ISSN 1002—9044

# تارىم

8

1993



يېقىندا تۇرپاندا ۋەتەنپەر -
ۋەر دېموكراتىك شائىر ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە:
يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر.

يىغىن سەھنىسىدە.



يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم ئەدىبلەر
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە.



پېشقەدەم ئەدىبلەر
ياش ئەدىبلەر بىلەن بىللە.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

8

1993

باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئالىمجان ئىسمايىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرايىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەخمەت مۇساق ........ پەخانلىق كېچە (ھېكايە) ........ 4

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى........ غوجامنىڭ غوجىسى (ھېكايە) ........ 14

ئەكبەر سالىھ........ ياش ۋە تەبەسسۇم (نەسر) ........ 25

مۇختار مۇھەممەت........ ھايات ۋە ئىشەنچ (نەسر) ........ 30

ئەركىن ئەمەت ........ ھۇقۇش (ھېكايە) ........ 37

ئابلىمىتىپ ھەمىت ........ سىدىق كىنوچى (ھېكايە)........ 42

ئەكبەر غۇلام........ ئېھ، ئاجىز بەندىلەر (پوۋېست) ........ 50

مۆمىن مۇھەممەدى ........ ئۈزۈلمەس رىشتە (ھېكايە)........153


## شېئىرلار


تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن........ قەشقەر ناخشىلىرى ........ 20

ئەركىن روزى ........ ياشلىقتىكى تەشۋىشلەر ........ 23

نۇرۇللا خېلىل ........ تولۇن ئاي دەرىخى تۇرار يەلپۈنۈپ ........ 24

مامۇت زايىت ........ مۇھەببەتتە گۈزەلدۇر ئالەم ........ 44

دولقۇن روزى ........ مىڭ بۇلاق........ 49

ئىلھام ئەمەت ........ بىزنىڭ گۈزەل قىشلاقتا ........ 49

ئابدۇرېھىم زۇنۇن ........ غەزەللەر ........ 86

ئەنۋەرجان ئابدۇكېرىم ........ چۈشلىرىمدە سەن ........ 89

مۇھەممەت سالىم........ سەن بەشىنچى ئوكيان ياراتتىڭ ........ 90


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


قەييۇم تۇردى ........ ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى —
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ........ 91

خېلىچەم رىشىت........ ئاجايىپ جاسارەت، يالقۇنلۇق مۇھەببەت ........ 96

ئوسمان سىلام........ مەنزىرە ئىچىدىكى ھېسسىيات ........105

## دۇنيا ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىدىن نەزەر


قارا يۇمۇر ئەدەبىياتى ........................ 108


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


مۇھەممەت ئەمەت............... ئاخىرقى تەبەسسۇم (ھېكايە) .................... 115
ئابلىز ئىبراھىم ............... كىتابخانىدا (ھېكايە) .......................... 127
روزى ئىمىن ..................... سوۋغا (ھېكايە) ................................ 128
ئابدۇرېشىت مامۇت............... مەنسەپ ۋە نەپ (ھېكايە) .......................... 131
توختى داۋۇت........................ شۇم چوكان (ھېكايە) ............................ 136
ئابدۇجاپپار ھامىدىن.............. ئالما چېچىكى (نەسىر) ............................ 139
ئېزىز نىياز ........................ تامچە (نەسىر) ..................................... 140
ئايگۈل ھەسەن، ئۆمەرجان مۇھەممىدى، مەھەممەت كامال، مەخمۇت مۇھەممەت، ئابلىز قۇربان، ھەسەنجان ئۆمەر، ئارزۇگۈل ھۇسەن، ئابدۇخالىق ئابدۇباقى، باراتجان ھەبىبۇل، ھاتەمجان سايىم، غېنى كېرەم، ئەكبەر ئابدۇكېرىم، رەيھانگۈل نىزام، تۇرغۇن پەيزۇللا، ھۇسەيىن ئەسئەت، ئەنۋەر مەتقاسىم، بارات ئىمىن، سابىرجان سىيىت، نىجات ئارىپ، سەدىن قاسىم، مەھەممەت ئابدۇللا ئىمراشىم .......................... شېئىرلار.................................................. 141


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


.................................................................. 152


* *

رەسسام ۋە خەتتات مەھەممەت ئايۇپ



ئەخمەت مۇساق

# پىغانلىق كېچە

(ھېكايە)

## 1

ئاھ كېچە، تاڭ ئاتماس كېچە...

قاچاندىن بېرى تورۇسقا تىكىلگىنىمچە ۋاسا ساناپ ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. مەن تېخى ئەمدىلا قىرىق ياشقا ئۇلاشقان بولساممۇ ھايات مېنى ھالسىرىتىپ، نېرۋىلىرىمنى كېرەكتىن چىقىرىشقا ئاز قالغانىدى. سەن بار چاغدىكىدەكلا ھەممە نەرسە مەن بىلەن قېرىشماقتا. تىنچ كۈنلەر جىسمانىي ھارغىنلىقىمنى سەل يەڭگىللەتكەندەك قىلسىمۇ، نېرۋىلىرىم چىكىقىلىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆزۈمنى يۇمساملا قارا باسىدۇ. كۆرگەنلىرىم ئوتتۇز نەچچە يىللىق ھاياتتىكى شېرىن چۈشلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بولماستىن، ھازىرغىچە كۆڭلۈمدىلا ساقلاپ كەلگەن، ھېچ كىشىگە تىنمىغان ئىشلار چۈشلىرىمنى ئىگىلەپ كېتىدۇ. كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ، دائىم دىل يارامنى تاتىلايدۇ.

ئاھ خۇدا، داۋاملىق توۋا قىلىپ كېلىۋاتقان بەندەڭنى يەنە نېمە ئانچە جازالاۋېرىدىغانسەن؟ مېنى ئەپۇ قىل، ماڭا يېڭىدىن يۈرەك بەر. ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى يارىلاردىن ئەسەر قالمىسۇن. مەن يېڭىدىن ياشىشىم كېرەك، ھاياتنىڭ ئاچچىق مېۋىلىرىنى قانغۇچە تېتىدىم. بولدى بەس، ئەمدى يېتەر!

سەن كەتتىڭ. ھەممىدىن — سېنى بىزار قىلغان تۇرمۇشتىن، دەككە-دۈككىگە سېلىپ كەلگەن ھاياتتىن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سىغدۇرمىغان دۇنيادىن بىراقلا قۇتۇلدۇڭ. سېنىڭ كۆزلىرىڭ — ئۆز ۋاقتىدا مېنى مەھلىيا قىلغان، كېيىنكى كۈنلەردە قارىساملا يۈرىكىم جىغىلدايدىغان قاپقارا كۆزلىرىڭ ئۇچۇق كەتتى. جان دېگەن شېرىن نەرسە. سەن بەلكىم جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىڭغا تارتىشقانسەن؟ ياكى ساندۇق-ساندۇق كىيىم-كېچەكلىرىڭگە، توققۇزى تەل ئائىلەڭگە كۆز قىيمىغانسەن ياكى نەزەرىڭدە ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالغان ئېرىڭنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى، سەن تۇتقان ئۆيدە باشقا بىرىنىڭ خوجايىن بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ رىشك ئوتىدا تۇتىشىپ كۆيگەنسەن؟! ئىشقىلىپ، نەپسىڭ تۇتماندىن كېيىن باشقىلار كۆزۈڭنى ئۇۋۇلاپ يۈرۈپ خېلى تەستە يۇمدۇرۇپ قويدى.

هايات ئىنسان بېشىغا نېمە كۈنلەرنى سالمايدۇ؟! قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھېچقاچان ساڭا ئۆلۈم تىلىگەن ئەمەسمەن. بۇنى مېنىڭ ۋىجدانىممۇ كۆتۈرمەيدۇ. بىر بەندىگە -- يەنە كېلىپ، بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇتقان، بىر مۇنچە ۋاقىتلارنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئادىمىگە، يەنە كېلىپ بالىلىرىڭنىڭ ئانىسىغا ئۆلۈم تىلەشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولامدۇ؟!

ئەسلىدە سەن ئۆزۈڭنىڭ مەندىن بىزار ئىكەنلىكىڭنى كۆپ قېتىم ھەرىكىتىڭدە ئىپادىلىگەن، ھەتتا ئېغىزىڭدىن چىقىرىپ سالغاندىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە ساڭا نىسبەتەن ھېچقانداق رەنجىش تۇيغۇسى پەيدا بولغان ئەمەس، مەن ئۆزۈمنىلا ئۆلۈمگە لايىق دەپ تونۇيتتىم. يۈرەك - باغرىنى دەرد - پىغان قۇرتتەك غاجاپ، قۇرۇق ئىسكىلىتىقىلا ئايلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ يەنە ياشاۋېرىشى يەر شارى ئۈچۈنمۇ ئارتۇقچە يۈك دەپ قارايتتىم.

تېخى ئېسىمدە، بىر كۈنى كەچتە بالىلار تېلېۋىزوردىن «غەرىبكە ساياھەت» فىلىمىنى كۆرۈۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئەزرائىل قولىدىكى تىزىملىكنى تارتىۋېلىپ، ئۆز ئىسمىنى سىزىۋېتىش ئارقىلىق مەڭگۈ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇشۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟ دەپ سوراشتى. مەن «ئۇ دېگەن ئەپسانە» دېسەم، سەن «ئۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشىدى!» دېدىڭ، مەن «تاغنىڭ تېگىدە بەشيۈز يىل ياشىغاندىن ئەركىن- ئازادە بەش يىل ياشىغان ياخشى» دېۋىدىم، سەن بىر قىسمىلا قاراپ قويدۇڭ. راست، ئۇ ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن، ئەگەر كەلسە ئىدى، مەن ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۆز ھاياتىمنىمۇ ساڭىلا بەخشەندە قىلىۋېتىشنى ئۆتۈنگەن بولاتتىم. ئىككى مېتىرلا زېمىندا راھەتلىنىپ يېتىپ، ئانا زېمىنغا قوشۇلۇپ كېتىشكە رازى ئىدىم. شۇنىڭغا تۇۋا دەيمەن: ئەزرائىل كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا ئۆلۈم ئاتا قىلىدىكەن، ھاياتتىن بېزىپ، جېنىدىن جاق تويغانلارغا ئۆلۈم بەرمەيدىكەن.

2

ئاھ، تەبىئەت...

ئۇ ئەسلىدىلا گۈزەل، ھەممىلا نەرسىنى ئۆز قوينىدا ياشاۋاتقان مەخلۇقاتلارنىڭ بەھرىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان. ئادەممۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانىكەن، تەبىئەت ئاتا قىلغان بارلىق رىسقلاردىن بەھرىلىنىپ ئادەمدەك ياشىشى كېرەك. ھاۋا، سۇ ھەممە ئۈچۈن ئورتاق. لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئادەم ھەممىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، لېكىن ئادەملەر تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىگە ھېچقاچان شۈكرى قىلمايدۇ. ھەممىنى بەرگەن تەبىئەتنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىش پۇرسىتىنى ھېچقاچان قولدىن بەرمەيدۇ. بىر-بىرىدىن قىزغىنىدۇ. دۇنيادا ئادەمدەك ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن غالىب، ھەممىدىن ۋەھشىي، ھەممىدىن رەھىمسىز مەخلۇق بارمىدۇ؟ ئەگەر ئۇنى خۇدا ياراتقان بولسا، خۇدا خاتالىشىپ، ئادەملەرنىڭ ئاشۇ تەبىئىتىنىمۇ قوشۇپ يارىتىپ قويغانمۇ ياكى كېيىن ئادەملەر خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئاشۇنداق ئۆزگىرىپ قالغانمۇ؟ جاۋاب بېرىڭلارچۇ، دەۋرنىڭ ھۆكۈمالىرى!

ھازىر دۇنيادا ئادەمنىڭ يۈرەك ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ راست گەپ قىلغان-

قىلمىغانلىقىنى بىلىۋالىدىغان ئەسۋاب كە-
شىپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى
ئومۇملىشىپ كەتكىنى يوق. خۇداغا
شۈكرى، بىز ھازىر يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر
قېتىدا يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن سىرلارى-
دىن تەنھا بەھرلىنىپ، ئۆتكەنكىنى ئەس-
لەش بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خۇش قىلىپ
ئولتۇرىمىز. ماڭا ئوخشاش يۈرىكىنىڭ قات-
قېتىدىن قان تامچىلاپ تۇرغان بىر نىمجان
ئۆتكەن كۈنلەردىكى شېرىن دەقىقىلەرنى
ئەسلەش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرسا،
ھاياتىنىڭ دەرد-ھەسرەت بىلەنلا ئۆتمە-
گەنلىكىنى ئويلاپ يۈرەك يارىسىغا ئاز-
تولا مەلھەم تاپسا، گۇناھ بولماس!
مېنى كەچۈر. بۇ گەپلەرنى ھايات
چېغىمدا دېيىشىم كېرەك ئىدى.

3

ئېسىڭدىمۇ، جاھاننىڭ قىزىتمىسى
ئۆرلەپ كەتكەن يىللار؟!
چېكىگە يەتكەن تەلۋىلىك، سۆڭەك-
لىرىمىزگە سىڭىپ كەتكەن ئېتىقاد بىزنى
شۇنداق غالجىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدىكى،
دۇنيادا دوست بىلەن دۈشمەندىن باشقا
نەرسىنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە
ئېلىشنىمۇ چۆچۈيتتۇق. قىزىللىقتا تىقىل-
غان كۆزلىرىمىز دۈشمەنگىلا قادالغان بولۇپ،
ھەتتا ئۆزىمىزدىنمۇ گۇمانلىنىپ يۈرەتتۇق.
«ئىنقىلاب» بايرىقى سايىسىدا ئۇردۇق، چاق-
تۇق، كۆيدۈردۇق، دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن
قىلىپ، دوستتىن باشقا جانلىق، قىزىلدىن
باشقا رەڭ قالمىغان دۇنيا قۇرۇپ چىق-
ماقچى بولدۇق. نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشى-
لەر، ئۆز قانلىرى بىلەن جۇمھۇرىيەت بىنا-
سىغا خىش قويغان تۆھپىكارلار، چىش-
تىرنىقىغىچە قوراللانغان دۈشمەن ئۈستىدىن
غەلىبە قىلغان غالىبلار بىر كېچىدىلا تەلۋى-
لىك ئوتلىرى يېنىپ تۇرغان دوزاخ ئىچىدە
كۆيدى... كېيىن «مۇقەددەس ۋەزىپە» ئادا
بولۇپ، رولىمىز تۈگىگەندە بولسا
بىز تاغ ۋە يېزىلارغا كەتتۇق، پېژغىرىم
ئاپتاپتا، زەيكەش سۇلار ئىچىدە قەلبى-
مىزدىكى تەلۋىلىك ئوتلىرى ئۆچۈپ، ئەم-
دى كۈلدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانلىقىنى
ھېس قىلغان چېغىمىزدا بەك كېچىككەنى-
دۇق، بىز شۇندىلا ئۆزىمىزنى قايتا تو-
نۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. سەن ماڭا
شۇنداق دېگەن ئىدىڭ!
ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىش باشلاندى. گەرچە كەمبەغەل-تۆ-
ۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار كۆرسىتىپ بېرىدى-
غان بولسىمۇ، ئۈزۈلمەس ھەرىكەتلەر ئۇلار-
نىڭ كۆڭلىدىكى ئادىللىق تارازىسىنى تاما-
مەن كېرەكتىن چىقىرىۋەتمىگەنىدى. شۇڭا،
بىز ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە
ئېرىشتۇق. رەڭگى ئۆڭۈپ، نەچچە يېرىگە
ياماق چۈشكەن ماش رەڭ كىيىملەرنى كە-
يىپ، پايتەختتە پويىز ئىستانسىسىدىن چى-
قىپ، تيەنئەنمېن مەيدانىغا كەلگىنىمىزدە،
ئۆزىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ ئامەتلىك، بەخ-
تىيار كىشىلەر ھېسابلىغان. تۇۋلىشىپ ئۇس-
سۇل ئويناپ كەتكەن چېغىمىزدا ھەممە
نەرسىگە قىزىقىدىغان، ئەمما ناھايىتى ئېھتى-
ياتچان پايتەخت ئاھالىلىرى خۇددى ئۇزاق-
تىن بېرى كۆرمىگەن «مايمۇن ئويۇنى»
نى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئىل-
كىدە ئەتراپىمىزغا كېلىپ، ھېچقانداق
ئىپادىسىز قاراپ تۇرۇشقانىدى.
شۇ چاغلاردا بىزدەك توپا-چاڭ

ئارىسىدىن ئەمدىلا چىققان قىز - يىگىتلەر
ئۈچۈن، ئاسمان شۇنچە كەڭ، زېمىن شۇنچە
چوڭ تۇيۇلغان ئىدىكى، خۇددى ئەمدىلا
تۇغۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاچچىق
يىغىسى بىلەن دۇنياغا جاكارلاۋاتقان بو-
ۋاقنىڭ ئۆزى ئىدۇق. ئوقۇشىمىز كۆپىنچە
سىياسىي ئۆگىنىش، «چوڭ پىپەن» بولۇپ،
ھېچقانچە كەسىپ ئۆگىنىيەلمىگەن بولساممۇ،
لېكىن، ئەڭ مۇھىم نەرسىنى — مۇھەببەتنى
تېپىۋالغانىدىم. ئاخىرىدا مەن شۇنىڭ
بىلەن ئۆزۈمگە ھەم ساڭا تەسەللى بەرگەن
چېغىمدا، سەن شادلىق ياشلىرىنى تۆككەن
ئىدىڭ. بىز دۇنيادا ھېچكىمدە يوق يېڭى
نەرسىنى تېپىۋالغىنىمىزغا، چەكسىز پارلاق
ئىستىقبالنىڭ بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدى-
غانلىقىغا ئۆزىمىزنى ئىشەندۈرگەنىدۇق.

4

شۇنداق، بىز ئىلگىرى تونۇشمايتتۇق.
ھەر ئىككىلىمىز جەنۇبنىڭ قۇرغاق ھاۋاسى-
دىن نەپەسلىنىپ، زەرەپشاننىڭ سۈيىنى
تەڭ ئىچىپ چوڭ بولغان بولساقمۇ، مېنىڭ
سەن توغرىسىدا بىلىدىغىنىممۇ، سېنىڭ
مەن توغرىسىدا بىلىدىغىنىڭمۇ ئاز، ھەتتا
يوق ئىدى، ئۇلار كېيىنچە، ئايدىڭ كېچى-
لەردە كۆل تۈۋىدىكى سۆھبەتتىنلا كەلگە-
نىدى. لېكىن، بۇلار ئاخىرقى ھېسابتا
بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمىزغا،
سانسىز كۈنلەرنى باغچىلاردا بىللە ئۆتك-
ۈزۈشىمىزگە، قانچە ئاخشاملاردا ئاينىڭ
گۇۋاھلىقىدا شېرىن سۆھبەتلەرنى قۇرۇشى-
مىزغا كاشىلا قىلالمىدى.
ئۇ چاغلاردا سەن جىمغۇر، كىشىگە
كۆپ ئارىلاشمايدىغان؛ ئاددىي - ساددا قىز

ئىدىڭ. ئەگەر شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ھەر
قانداق مەكتەپتە بولساڭ، بەلكىم بىر كىمنىڭ
ئالدىراپ كۆزى چۈشمەس ئىدى. لېكىن،
پايتەخت شارائىتىدا، قىز بولغانلىقىڭ، يەنە
كېلىپ سىنىپىمىزدىكى بارى - يوقى ئۈچ
قىزنىڭ بىرى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا
كەم دېگەندە ئوتتۇز ئۈچ جۈپ كۆز تە-
كىلگەنىدى. بىز «ئىشچى، دېھقان، ئەس-
كەر ئوقۇغۇچى» بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، چوڭ-
لىرى بالىلىق بولغان، كىچىكلىرىمىزمۇ
يىگىرمىدىن ھالقىغانىدۇق. ئىلگىرى
بەلكىم ئېغىر ئەمگەك، جاپالىق تۇرمۇش
سەۋەبىدىن «مۇھەببەت» دېگەن ئاتالغۇنى
ئېسىمىزگە ئالمىغاندىمىز، لېكىن ئۇزۇن،
مۇھىتتىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلى، ئۇنتۇلغان
بۇ نەرسە يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدا
يوشۇرۇن تىرىلىشكە باشلىدى. ناھىيىمىز-
نىڭ قوشنىلىقىدىنمۇ ياكى بىر دەريانىڭ
سۈيىنى ئىچكەچكىمۇ، بىز بالدۇرراق تو-
نۇشتۇق. ئۇ چاغلار سېنىڭ جىمغۇر،
خىيالچانلىقىڭنىڭ ئەكسىچە، مەن شوخ،
پائالىيەتچان ئىدىم. ئۆگىنىشتىمۇ خېلى
ئالدى ھېسابلىناتتىم. سېنى ياشلار ئىتتى-
پاقىغا تونۇشتۇردۇم. ئۆگىنىشىڭگە ئاز-
تولا ياردەم بەردىم. لېكىن بۇنىڭ دەسلەپتە
پەقەت يۇرتداشلىق يۈزىسىدىن ھەم بىر
ئاجىز قىزنى ھىمايە قىلىش تۇيغۇسىدىن
بولغانلىقىغا ئىمانىم كامىل. ۋاقىتلارنى
پەقەت ئىلگىرىكىنى سۆزلىشىش، كەلگۈسىنى
سۆزلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ،
ھېلىقى بىر ئېغىز سۆزنى خۇددى پاختا
ئارىسىدا ئوتنى ساقلىغاندەك ساقلاپ، بەكمۇ
ئاۋايلاپ كەلگەنىدۇق.
ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى يىلى سەن ماڭا
ئىككى پارچە مۇھەببەت خېتى كۆرسەتتىڭ

ھەم ئەسلىدە بۇ خەتلەرنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىمنى، لېكىن ئاۋۋال ماڭا كۆرسىتىپ مەسلىھەت سورىماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. مەن خەتنى ئوقۇمىدىم، پەقەت يازغۇچىنىڭ ئىسمىغىلا قارىدىم، بىرى مەن خېلى يېقىن ئۆتتۈۋاتقان، ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان قېرى بويتاق، روتا كوماندىرى ئىكەن، مەن: «بۇنى مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ ئۆزۈڭنىمۇ، ئۇلارنىمۇ ئوسال قىلغۇچە، كىچىك بالا بولمىغاندىكىن، ئۆزۈڭ بىلىپ جاۋاب بەرسەڭلا بولمامدۇ» دېسەم، سەن ماڭا قاراپ تاتارغىنىڭچە (راست، ئاشۇ تاتارغان چاغدىكى سۈيۈملۈك چىرايىڭ پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ) ئىككىلا خەتنى ئۇششاق يىرتىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتىڭ. شۇ چاغدا يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى سەن ئۇ خەتلەرنى يىرتىۋەتتىڭ. بىرى، ئېيىغا ئەللىك-ئاتمىش يۈەن مائاش ئېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوفىتسېر، يەنە بىرى، رەھبىرىي كادىرنىڭ ئوغلى تۇرۇپ شۇنداق قىلغان يەردە يىرتىۋېتىلگىنى ئۆزۈمنىڭ خېتىدەك، ئەتىۋارلىق نەرسەم پارە-پارە قىلىۋېتىلگەندەك يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى.

5

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىشىشىمىز ئازايدى. چۈنكى مەكتەپكە قوبۇل قىلىشتا ئىمتىھان ئالمىغىنى بىلەن تەقسىم قىلىشتا نەتىجىگە قارايدىغانلىقى ماڭىمۇ، ساڭىمۇ ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا ئۆگىنىشكە باشچىلاپ كىرىپ كەتتۇق. كېيىن بىر قىسىم ساۋاقداشلارنى ئالدىن تەقسىم قىلىپ، يەنە بىر قىسىم ساۋاقداشلارنىڭ يېرىم يىل ئانا تىل دەرسىنى تولۇقلاپ ئوقۇيدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. مەن ئالدىن تەقسىم قىلىندىم. يەنە كېلىپ پايتەختنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىندىم. بۇ چاغدا مۇناسىۋىتىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ پۇرسىتى پىشىپ يېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، مەن يەنىلا پايتەختتە بولغىنىم ئۈچۈن، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. يەنە كېلىپ، مېنىڭ قارىشىمچە، سەن يېرىم يىل ئەستايىدىل دەرس تولۇقلىشىڭ كېرەك ئىدى. شۇڭا، ساۋاقداشلار بىر-بىرىمىزگە تۈرلۈك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشۇپ، خىزمەت ئورۇنلىرىغا مېڭىپ كەتتۇق.

ئىش مېنىڭ ئائىلە يوقلاشقا بېرىشىمدىن باشلاندى. مەن سېنىڭ خەت-خالتىلىرىڭنى ئېلىپ ئۆيۈڭگە بارغىنىمدا، ئائىلەڭدىكىلەر ئاللىقاچان خەۋەر تېپىشقانىكەن. سېنىڭ خېتىڭ ھەم مېنىڭ ئىپادەم ئۇلارغا ھەممىنى ئۇقتۇرۇپ بولغاندەك تۇراتتى. مەن ئاجايىپ قىزغىن كۈتۈۋېلىندىم. مەن ئۇلارنىڭ بىزنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىمىزغا تولۇق رازى بولىدىغانلىقىنى كۆڭلۈمدە جەزملەشتۈرگەندىن كېيىنلا ساڭا خەت يازدىم ھەم جاۋابىڭنى پايتەخت پويىز ئىستانسىسىدا ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئىككى ئايلىق دەم ئېلىش ۋاقتى تېزلا توشۇپ قالدى. ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ سوۋغا-سالاملىرىنى ئېلىپ ئالدىراپ يولغا چىقتىم. چۈنكى، مېنىڭ بىر ئىشنى ئاسانلىقچە قىلمايدىغان، قىلسام ئاخىرىغا چىقارمىغۇچە قويمايدىغان مىجەزىم بار ئىدى. قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردىكى ساۋاقداشلارنىمۇ يوقلىماستىن، ئون كۈن

ئىچىدىلا پايتەختكە يېتىپ باردىم، خىزمەتداشلار، ساۋاقداشلار پويىز ئىستانسىسىدا كۈتۈۋالدى. شۇ قاتاردا سەنمۇ بار ئىدىڭ.

6

ئاھ، ئۇنتۇلماس كۈنلەر...

ئۇزاقتىن بېرى پەقەت يۈرىكىم قېتىدىلا ساقلىنىپ قالغان، كېيىنكى كۈنلەردە سەن بىلەنمۇ چىرايلىق ئوتتۇرۇشۇپ ئەسكە ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان ئاشۇ مىنۇتلارنى يېزىپ بولغىنىمدا، خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ماركس: دەۋالدىم، ۋىجدانىمنى قۇتۇلدۇردۇم، دېگەنىكەن. دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دەۋەتمەي بوغۇلۇپ يۈرگىچە، بىراقلا دەۋەتسىمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ. خەير، بالىلار تىپتىنچ ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىق قوللىرىنى ئىككى ئاستىغا قويۇپ، يەڭگىل نەپەسلىنىپ ئۇخلىشىدىن سېنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سىيمايىڭنى كۆرۈۋاتىمەن. ھاياتنىڭ ھەممىسى دەرد - پىغان، ھەسرەت - نادامەت ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا شېرىن مىنۇتلار، گۈزەل چاغلارمۇ بولىدىكەن. ئاشۇلار پەقەت ئاشۇلارلا ئادەم قەلبىگە مەڭگۈ تۈۋرۈك بولمىسا، ھايات دېگەن تۈۋرۈكسىز بىنا، يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالامدۇ - نېمە؟ ئاھ... بالىلىرىڭنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ مېنى كەچۈرگىن!

كېيىن ساۋاقداشلار ۋە خىزمەتداشلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن شۇ ۋاقىتلارغا نىسبەتەن خېلى داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق. بىز بەختلىك ئىدۇق. خېلى كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى مۇھەببىتىنىڭ ئەكسىچە، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز «توي» ئىسىملىك مېۋە بەرگەنىدى. ئىش ھەقىقىي ئاز بولسىمۇ، بىز قانائەتلەنگەن، مۇھەببەت ئۈچۈنلا ھەممىگە چىدىغان، بارىغا شۈكرى قىلغانىدۇق.

پايتەختتە ئاچقان چېچەك زەرەپشان بويىدا — مېنىڭ يۇرتۇمدا مېۋە بەردى. سېنىڭ ئۆپكە كېسىلىڭ ئېغىرلاپ كەتكەچكە، قۇرغاق ھاۋادا يۇرۇشكە توغرا كەلدى - دە، بىز يۆتكىلىپ كەلدۇق. تۇنجى بالىمىز ئىككىمىز تۇغۇلغان تۇپراقتا تۇغۇلدى. ئارقىدىن ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى تۇغۇلدى. كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە دەز كېتىۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئەسلىدە شۇنچە كۆپ مېۋىلەر ئالدىدا مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ باراقسانلاپ يىلتىز تارتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ھەر ئىككىلىمىزمۇ، ياكى بىرىمىزمۇ، ئىشقىلىپ، مۇھەببەتنى ئىككىگە بۆلگەندەك قىلىمىز. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بالا بېقىش، كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش دېگەندەك ئىشلار سېنى ھارغۇزۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا مەنمۇ ھەربىر ئىلمىي ئەركەككە ئوخشاش، چامامنىڭ يېتىشىچە ئۆي ئىشلىرىغا قاراشتىم. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەل - ئاغىنىلەرنى ئاز يوقلايدىغان، ئاز چاقىرىدىغان بولدۇم. ھەتتا بەزىلىرى بىلەن بېرىش - كېلىشنى ئۈزدۈم. لېكىن جەمئىيەت ئالاقىسىدىكى بۇ كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇش ئېسىڭگىمۇ كەلمىدى. مەن خۇددى بۇ ئائىلىگە كېيىن كېلىپ قالغان ئادەمدەك، ئىش قىلسام چىرايىڭغا قارايدىغان بولدۇم. بىرەر ئېغىز گەپ قىلسام قوشۇماڭ تۈرۈلىدىغان بولدى. ھەتتا بالىلار ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا دۈشكە-

لەشنى ئۆگىنىۋالدىڭ. ئۆي ئىشلىرى، ھەتتا باللارمۇ مېنىڭ گۇناھىم بولۇپ قالدى. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىرەر - ئىككى كۈن بىر ياقلارغا كەتسەم، بەزى كەچلىرى دوستلارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالسام قاتتىق سۈرۈشتە قىلىدىغان، ھەتتا مائاشىنىمۇ موچەنلەپ، ھېسابلاپ ئالىدىغان بولۇۋالدىڭ. مەن چىدىدىم، پەقەت مۇھەببىتىمىز، ئائىلىمىز، باللىرىمىز ئۈچۈنلا ...

بىر كۈنى ئىدارىدىكى ئىككى ئايال خىزمەتداش بىلەن كوچىغا چىقىشقا توغرا كېلىپ قالدى. ئاياللار ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرگە ئامراق كېلىدۇ. ئۇلار گازىر ئېلىپ چاقماقچى بولۇشۇۋىدى، مەن ئىككى بولاق گازىر ئېلىپ بەردىم. بارى - يوقى قىرىق پوڭلا خەجلىگەنىدىم. لېكىن، سەن كىمدىن ئاڭلىدىڭكىن، ئەتىسىلا ئىدارىگە بېرىپ جېدەل چىقاردىڭ. ماڭا ھەقىقەتەن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولدى، غۇرۇرۇم شۇنچىلىك سۇندىكى، بىرەر ئايغىچە بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمىدىم. كېيىن بېرىپ ئورۇنسىزلا كۆنلەيدىغان ئىشنى چىقىرىۋالدىڭ. كىمنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىچىدە يات جىنسىتىكىلەر يوق؟ بىركىم بىلەن بىردەم گەپلىشىپ تۇرۇش بىلەنلا ھەممە ئىش بولۇپ كېتەمدۇ؟ سېنىڭمۇ ئەر خىزمەتداشلىرىڭ، تونۇش - بىلىشلىرىڭ بارغۇ؟

7

بىر كۈنى ناھايىتى خۇشال بولغىنىڭ ئېسىمدە، چۈنكى مېنىڭ كېچىلەردە ئۇيقۇمنى تەرك ئېتىش ھېسابىغا يازغان بىر ھېكايەم ئېلان قىلىندى. خىزمەتداشلار، ئەل - ئاغىنىلەر قاتاردا سەنمۇ خۇشاللاندىڭ، ھەتتا قانچىلىك قەلەم ھەققى كېلىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ھېسابلاپ ئۈلگۈردۈڭ. سېنىڭ مەسلىھەتىڭ بىلەن ئىككى قېتىم مېھمان چاقىردۇق. بەزىلەر ئۆزلۈكىدىن تەبرىكلەشكە كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئۈنئالغۇ ياڭراپ، تانسىلار قىزىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسىدەك، بىر ئەردەك سېزىپ، مەيدەمنى كېرىپ يۈردۈم.

ئاخىرى قەلەم ھەققى كەلگەندە، مەن چەكنى ساڭا بەرسەم، قولۇڭغا ئېلىپلا چوغنى تۇتۇپ سالغاندەك يەرگە چۆرۈۋەتتىڭ.

— ۋاي خۇدايىم، ئاران شۇمۇ؟ بىر كەچتىكى ھاراقنىڭ پۇلىغىمۇ چىقىش قىلمايتۇ، — دېدىڭ.

— قەلەم ھەققى دېگەننى ئەسەرگە قاراپ بېرىدۇ، ئىچكەن ھارىقىڭغا قاراپ بېرەمتى ئەمسە؟ — دېدىم مەنمۇ ئاچچىقىدا.

— قانداق، پوچىلىقىڭ چىقتىمۇ؟ يازغۇچىمىش - تېخى، خوتۇنىنىڭ مائاشىنى دەسمايە سېلىپ ... — دېۋىدىڭ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. لېكىن ئامال قانچە؟

ئەتىسى خىزمەتداشلارغا:

— بولدى. يازمايلا قويسۇن ئۇ كاتتا يازغۇچى، بىرنى يېزىۋىدى ئىككى ئايلىق مائاشى دەسمىي سېلىندى. يەنە يازىدىغان بولسا، باللارنىمۇ دەسمىي سالىدىغان ئوخشايمىز، — دەپسەن. شۇ كۈنى كەچتە شۇنداق ئىچىپتىمەنكى، ئاخىردا ئۇلپەتلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆيگە ئاران كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بولۇشىمچە ئىچىدىغان، تاماكىنى ئۈزمەي چېكىدىغان بولۇپ قالدىم. نېمىشقا؟ ئىلگىرىمۇ شۇنداق قىلغانمىدىم؟ ئۆز تۇرمۇشىدىن، ئائىلىسىدىن رازى بولۇپ ياشايدىغان ئەرلەرنىڭ قايسى بىرى ھاراق - تاماكىغا بېرىلىدىكەن؟ ئەجەبا، سەن، ناھىيىمىزدىكى

ئايالالار ئىچىدە خېلىي يۇقىرى بىلىملىك
ھېسابلىنىدىغان زىيالىي شۇنچىلىك داۋلىـ
نىمۇ ئۇقماي قالامسەن؟

بەزىدە ئاز ـ تولا ھاراق ئىچىۋالسام
قىزىپ قالىدىغىنىممۇ راست. لېكىن، سەن
مېنى ھاراق ئىچىسىلا جېدەل چىقىرىدۇ،
دەپ، باشلىقلارغىچە ئەرز قىلىپمۇ ئۈلگۈر-
دۈڭ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ غۇرۇرۇم يەرگە
ئۇرۇلدى. ئادەم بەزىدە ئاز ـ تولا ھاراق
ئىچسە، غەم ـ غۇسسىلىرى ئۇنتۇلۇپ، كۆڭلى
كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بالىـ
لارنىي ئەركىلىتىدىغان، خوتۇنغا چاقچاق
قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدىكەن. لېكىن،
سەن مېنىڭ بۇ بىردەملىك شادلىقىمنى سەل
ئۇزارتىشنى ئويلاپ كۆرۈش ئورنىغا، كۆڭـ
لۈمگە ئازار بېرىشنى راۋا كۆرىسەن. ھاـ
راق ئىچكەن ئادەمنىڭ كۆڭلى نازۇك بوـ
لىدۇ، چىرايلىق گەپلەر ۋە تەسەللىلەرنى خاـ
لايدۇ. قىلچىلىك قوپاللىقنىمۇ كۆتۈرمەيدۇ.
سەن بۇنى ھېس قىلىشىڭ كېرەك ئىدى.

ئاھ... شۇنچە كۆپ ئىشلار، تۈگىمەس
گەپلەر. شۇنچە يىل بىر ئۆيدە تۇرۇپمۇ
شۇنچىلىك سىردىشالمىغىنىمىزغا، ئۆتكەن
كۈنلەرنى ئەسلەپ، كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇـ
رالمىغىنىمىزغا ھەيرانمەن.

8

ـــ خۇدايىم ئۇخلاشقا ياراتقان كېچىدە
ئۇخلىماي، چاشقاندەك كىترلاپ بىرنېمىـ
لەرنىي يېزىپ... سەن دائىم شۇنداق غوـ
دۇرايتتىڭ. مەن گەپ ـ سۆز قىلمايتتىم.
ئاخىرىنى بولسا، يېزىشقىمۇ نومۇس
قىلىۋاتىمەن.

شۇنداق، سېنى نەچچە قېتىم ۋاقىتـ
سىز ئويغىتىۋەتكىنىم ئۈچۈن خىجىللىقىمـ
نى بىلدۈرگەنىدىم. ئەپسۇسكى، ئەمدى
سېنى ئويغىتىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. ئويـ
غىتالىسام ئىدى، قايتا ئۇخلىغان چېغىڭدا
ھەرگىز ئويغۇتۇشقا بەرھەم بەرمەسلىككە قەـ
سەم ئىچەتتىم. ئەمدى ئۆزۈم ھەقىقىي ئۇخـ
لىيالمايدىغان بولۇپ قالغان چېغىمدا،
ئىلگىرى سېنى ئورۇنسىز ئەيىبلىگەنلىكىمـ
نى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاھ، خۇدا، تازـ
نىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن، دېگەن
راست ئوخشايدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئوتتۇزى توـ
گەپ، توققۇزى قالغاندا، ئاندىن نۇرغۇن
ئىشلارنىڭ تەكتىگە يېتىدىكەنمىز. لېكىن،
گۈرۈچ دەم يەپ بولغاندا، سەۋزىنىڭ نېـ
مە كېرىكى؟

ئېسىڭدىمۇ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ
قالغان چاغلىرىڭ، نېمە ئۈچۈنكى، نېرۋاڭ
ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. يوقىلاڭ ئىشلارغا
تېرىكىدىغان، ھەدېسىلا باللارغا چېچىلىدىـ
غان بولۇۋالدىڭ. ماڭا بولسا كۈنلەپ ـ كۈنـ
لەپ بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمايتتىڭ. ئۇزاق
تۈنلەردە ئۇخلىيالماستىن ئۆرۈلۈپ ـ چۆـ
رۈلگەنلىكىڭنى تۇيۇپ ياتسامۇ، يۆتىلىشـ
كىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم.

مەن ئەمدى بىللە ياشىيالمايدىغانلىـ
قىمىزنى خىرە ـ شىرە ئېسىمگە كەلتۈرگەن
بولسامۇ، لېكىن، دەرھال ئۆزۈمنى ئەيىبـ
لىدىم. گەرچە ئائىلە ئاللىقاچان ياماق چاـ
پانغىلا ئوخشاپ قالغان، ئەرلىك غۇرۇرۇم
ئاللىقاچان سۇنغان بولسىمۇ، زىيالىيلارغا
خاس شۆھرەتپەرەسلىكىم سەۋەبىدىن بولـ
سىمۇ، ياماق چاپاننى تاۋاردا تاشلىشىم،
چاك كەتكەن تامنى كاكىلدا سۇۋاپ قوـ
يۇشۇم كېرەك ئىدى. يەنە كېلىپ باللار
بار ئەمەسمۇ؟ بالا بولغانىكەن، بۇ

گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا ئادەمنىڭ يۈزى كۆيىدۇ، جەمئىيەتمۇ ئەيىبلەيدۇ. يەنە كېلىپ باللار ئالدىدىكى ئاتىلىق شەنىمگىمۇ داغ تېگىدۇ-دە، شۇڭا ئۆزۈم تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسى ھەرقانچە ئاچچىق بولسىمۇ، چىداپ ئۇنى يۇتۇۋېتىشىم كېرەك.

مەن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگىمۇ كەلدىم، لېكىن، ئەل ئالدىدا نام قالدۇرغۇدەك، باللارمۇ يەرگە قاراپ قالمىغۇدەك ئۆلۈشنى ئويلىمىدىم. مەن ھەر قانچە كۈتسەممۇ، ئەل ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلغۇدەك پۇرسەت كەلمەيلا قويدى. ياق، بىر قېتىم كەلگەنىدى. سېنىڭ ئېسىڭدە بارغۇ دەيمەن. بىر قېتىم ماي يولىدا بىر ماشىنا ئۇچقاندەك كېلىۋېتىپتىكەن، بىر قىزچاق ھېچنېمىدىن بىخەۋەر كېلىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۈستىنىڭ بېرىپ قىزچاقنىڭ قولىدىن تارتىپ، يولنىڭ ياقىسىغا چىقىرىۋالدىم. ئاڭغىچە ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ماشىنا مېنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. تىزىم يولنىڭ قىرغىقىغا تېگىپ، لېپىكىم سۇندى. سول مەگزىمنىڭ تېرىسى سۈرۈلۈپ كەتتى... لېكىن، قىزچاق ساق-سالامەت قاپتۇ. دوختۇرخانىغا ھەممەيلەن كەلدى. مېنى ماختىدى. گېزىت-رادىئولاردىمۇ خەۋەر قىلىشتى. پەقەت سەنلا: ھىم، جا ئاكتىپ، ئۆلمەك شۇنچە ئاساندەك... دېدىڭ. ئاھ، خۇدايىم، راست مەن ئۆلۈم ئىزدەپ يۈرگەن ئەمەسمىدىم؟ يۈزلىرىم ئوت ئالدى. ئۆز قەلبىمنىڭ ئەسلىدە شۇنچىلىك رەزىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، تەقدىرلەش يىغىنىدا سەھنىگە چىقىشنىمۇ، مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋېلىشنىمۇ رەت قىلدىم. تەشكىل، يولداشلار مېنىڭ ھەرىكىتىمنى كۆرگىنى بىلەن قەلبىمنى كۆرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدى. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىنى كۆرىدىغان كۆز سەندىلا بار ئىدى.

9

ئاھ، قەدىرلىكىم، مېنى كەچۈر. مەن ساڭا ھەرگىز يامانلىق تىلىگەن ئەمەسمەن. مەن ھېچقاچان كىشىلەرگە سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلمىدىم. ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ ئىككىمىزنى ئىناق ئۆتۈشنىڭ مىسالى قىلىپ، ئۇكا-سىڭىللىرىمىزغا تەربىيە قىلىشتى، تەشكىل كۆپ قېتىم بىزنى «بەختە ياخشى ئائىلە» دەپ تەقدىرلىدى. سەن كۆپ قېتىم قىپقىزىل تەقدىرنامىلەرنى ئېلىپ كەلگىنىڭدە، مېنىڭ قەلبىمدە قان ئېقىۋاتاتتى. لېكىن، ئۆزۈڭ قىلغان خاتانى ئۆزۈڭ تۈزىتىشكە قادىر بولمىغانىكەنسەن.

كېسەل، رەھىمسىز كېسەل، ئاۋۋال نېرۋاڭدىن باشلىنىپ، ئاندىن پۈتۈن بەدىنىڭگە تارىدى. شۇندىمۇ سېنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ تىنچ داۋالانغىڭ كەلمىدى، باللاردىن خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىڭنى ئېيتقان ئىدىڭ، ئەمدى ئويلىسام، مەندىن خاتىرجەم بولالمىغانىكەنسەن. دوختۇرلارغا ئاپاردىم. كۆز كۆرگەن، قۇلاق ئاڭلىغان دورىلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتۇق. ئاخىرىدا يۈرىكىڭ كېسىلىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. مەن دەسلەپتىلا: سەن ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىۋاتىسەن، دېگەن ئىدىم. ئەمدى قارىسام، ئۆزۈڭنىلا ئەمەس، مېنىمۇ نابۇت قىلىپسەن.

دىنىي كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ساۋابلىق بەرمىسە، ئاياللار

ئۆلگەندە، ھەرگىز جەننەتتىكە كىرەلمەس-
مىش. دېنى كەچۈر، سەن مەڭگۈلۈك ئۈي-
قۇغا كېتىش ۋاقتىدا مەندىن ئاشۇنى سو-
راشنى ئۇنتۇپ قاپسەن، مېنىڭمۇ ئېسىمگە
كەلمەپتۇ. سەن ماڭا قالدۇرغان گۈزەل
ئەسلىمىلەر ئۈچۈنمۇ، ھازىر كۆز ئالدىمدا
ئۇخلاۋاتقان باللىرىمنىڭ ئانىسى بولغان-
لىقىڭ ئۈچۈنمۇ جايىڭ جەننەتتە بولسۇن!
مەن سەندىن رازى. قادىر خۇدا ئالدىدا
شۇنى تىلەيمەنكى، سەن جەننەتكە ئىككى-
لەنمەي كىرىپ، خاتىرجەم يېتىۋەرگىن.

ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن باشتا دېگەن-
دەك، سېنىڭ ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمىنى
تىلىگەنىدىم. لېكىن سەن كېتىپ، مەن
قالدىم. بۇ تەقدىرنىڭ قىسمىتى بولسا كې-
رەك، ياكى مەن يەنە ياشاپ، سېنىڭ
جازايىڭنى تارتىشقا تېگىشلىكتۇرمەن. مەن
سەن كەتكەندىن كېين ئەستايىدىل ئويـ
لىنىش ئارقىلىق قەلبىمدىكى رەزىللىك-
لەرنى كۆرۈۋالدىم. ئەمدى خەلقىمگە ئاز-
تولا ئىش قىلىپ، گۇناھىمنى يۇيۇش
نىيىتىگە كەلدىم. باللار ئۈچۈن بولسىمۇ
ياشىشىم كېرەك. مەن تېخى ئاتىلىق قەر-
زىمنى ئادا قىلغىنىم يوق.

خۇداغا شۈكرىكىم، تاماق ئېتىش،
كىر - قات يۇيۇشتا خېلى ئېپىم بارلىقى
ئۆزۈڭگە مەلۇم. باللارنى ئاچ - يالىڭاچ
قويمايمەن. خەقنىڭ ئاغزىغا قاراتمايمەن.
ئۇلارمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. خېلى ئىشقا يا-
راپ قالدى. خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇلارنى
چوقۇم يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىمەن.

خۇدايا توۋا، ھاياتىمىزدا ئەسلەشكە
ئەرزىگۈدەك شۇنچىۋالا نەرسىلەرنىڭ بارلى-
قىنى نېمىشقا بالدۇرراق ئېسىمگە ئالمىغان-
دىمەن؟ ئەسلى ھايات شۇنچە گۈزەل،
ئالەم شۇنچە كەڭ، يول شۇنچە داغدام
ئىكەنغۇ؟ تەقدىر نېمىشقا ئىككىمىزنى ئاي-
رىۋەتكەندۇ؟ پۇرسەت نېمىشقا بىزدىن قې-
چىپلا يۈرگەندۇ؟

تاڭ ئاتاي دەپ قالدى. ئەسلى سەن
بىلەن ئۆز خىيالىمدا مۇڭدىشىپ، سەندىن
ئەپۇ سورىماقچى ئىدىم. لېكىن، ساپلا قان-
يارا، ساپلا ھەسرەت - پىغان... نېمە ئامال؟
ئەتىكى تاڭنى كۈتمەكتىمەن. تاڭ ماڭا
يېڭى ئۈمىد، ئىلھام ئېلىپ كەلگۈسى،
يەنە ئاۋۇ باللار، سېنىڭ روھىڭنىڭ بۇ
ئالەمدىكى نامايەندىلىرىمۇ بار، ئىشىنى-
مەنكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈمىد، شادلىق
بىخ ئۇرۇپ كۆكلىمەكتە.

مېنى كەچۈرگىن، گۇناھىمدىن ئۆت-
كىن، بۇلارنى پوچتىدىن ئەۋەتەي دېسەم،
باقىي دۇنيا بىلەن پانىي دۇنيا ئوتتۇرى-
سىدا پوچتا يولى يوق. لېكىن، قۇدرەت-
لىك ئاللا ئۇنى ساڭا يەتكۈزەر. ئۇنى
پۈچۈلانغان يۈرەكنىڭ مەرسىيەسى دەپ
بىلەرسەن. چۈنكى، بۇ يۈرەك ساڭىلا
مەنسۇپ، مەيلى ئىشەنگىن، مەيلى
ئىشەنمە...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

# غوجامنىڭ غوجىسى

(ھېكايە)

ئىشخانا ئىچى جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. تۆردىن ئىشىككىچە قويۇلغان سافادا ئولتۇرۇشقان كادىرلار خۇددى كۆزلىرى بىر-بىرىنىڭكى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقاندەك ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۇششاق ھەرىكەتلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەزىلىرى ئىشخانا قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئىنژېنېرلاردەك ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇسسىمىسىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قايناق سۇ ئىچىش، خۇمارى تۇتمىسىمۇ توختىماي تاماكا چېكىپ، كۈلدان توشقۇزۇش بىلەن بەند ئىدى. مەن دىققىتىمنى رەقىپ جۇيجاڭغا يۆتكىدىم. ئۇ بۈگۈن بىزنىڭ ئىلغار خىزمەتچىلەرنى باھالاپ بېكىتىش يىغىنىمىزغا ئالايىتەن قاتناشقانىدى. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغاچ باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئۇنىڭغا دىققىتىنى ئاغدۇرۇشتى. ھەممەيلەن ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان بولۇپ، ئەمدىكى ئىش ئۇنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسىنى چىقىرىشىلا قالغانىدى. ئەپسۇس، باشقىلارنىڭ كۆرسەتكەن ئادەملىرى ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدىمۇ قانداق، ئىشقىلىپ بۇ ئاخىرقى بېكىتىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن تولىمۇ تەسكە توختىدى. تېخىمۇ قىيىنىغا چۈشكىنى شۇكى، رەقىپ جۇيجاڭنىڭ ئەزەلدىن تاماكا چېكىدىغان ياكى قايناق سۇ ئىچىدىغان ئادىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇشقان بۇ كۆزلەر ئالدىدا قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي، تۇرۇپ-تۇرۇپ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ياساپ قويسا، يەنە تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۈستەل ئۈستىدىكى ھۆججەتلەرنى تىكىپ قويغان يىڭنە مىخلارنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ چىشىنى كولايتتى. بىر مىنۇت خۇددى يىلدەك بىلىنمەكتە. تام سائىتىنىڭ رىتىملىق چىكىلدىغان ئاۋازى بۇ تىمتاسلىققا تېخىمۇ سۈر قوشماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا ئىشخانىدا ئۇچۇپ يۈرگەن بىرنەچچە چىۋىن بۇ مەنىسىز جىمجىتلىقتىن زېرىككەنمۇ ياكى تاماكا ئىسىدىن باشلىرى قايغانمۇ رەقىپ جۇيجاڭنىڭ بېشىغا قونۇۋېلىپ، گىڭشىلداپ ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى. بۇ ھالنى كۆرگەن بىرنەچچە ياش ئىچى-ئىچىدىن قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى باسالماستىن پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز رەھبىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقتىمۇ قانداق، يۈزلىرىنى قولىدىكى گېزىتلىرى بىلەن توسۇۋالدى.

مەن جۇيجاڭنىڭ شوپۇرى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇ، ئادەم باشقۇرۇشتا بەلگىلىمە، تۈزۈم، قائىدە دېگەنلەردىن كۆرە، ئادەتتە سالاپەتكە، قاپىقىنى تۈرۈۋېلىشقا، ھەيۋە قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. باش-

قىلارنىڭ خاتا بولۇپ قالسا، قاپىقىدىن قار - مۇز ياغدۇراتتى. ئۆزىنىڭ خاتا بولۇپ قالسا ھا... ھا... ھا... دېگەندەك قاتتىق بىر كۈلكە بىلەن ھەممىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئاسانلىقچە ھەر قانداق كىشىدىن قورقۇپ قالمايتتى. شۇڭا كەتمەن سامانىدىن قورقىدۇ، باشلىق يامانىدىن، دېگەندەك سۆزلەر ئۇنىڭغا ئانچە ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىپ، بېشىغا چىۋىن قوندۇرۇپ يۈرگىچە گەپنىڭ بولىدىغان يېرىنى قىلىپ، خۇلاسىنى چىقىرىۋەتسە بولمامدىغاندۇ؟

مەن شۇلارنى ئويلىغاچ ئىشخانىدىكىلەرگە بىر قۇر سەپسالدىم. كۆزۈم رەقىپ جۇيجاڭنىڭ كاتىپى ۋەسلەمگە كېلىپ توختىغاندا، تۇيۇقسىز نېرۋام ئېچىلىپ، رەقىپ جۇيجاڭنىڭ نېمە ئۈچۈن لام - جىم دېمەستىن شۈك ئولتۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سەزگەندەك بولدۇم. چۈنكى يېقىندىكىلەر نەتىجىسى جىڭغا توختايدىغان بىر نەچچەيلەنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ۋەسلەمنىڭ تەرىپىنى قىلىپ ئۇنى كۆرسەتمىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. رەقىپ جۇيجاڭنىڭ ئۇنى ئىلغار خىزمەتچى قىلغۇسى بارمىكىن يا... ياق، ياق... بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ۋەسلەم دېگەن بۇ چوكاننىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ تۇتامغا چىققۇدەك يېرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتكە بىر كۈن كەلسە بىر كۈن كەلمىسە، نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان يولداشلارنى قايرىپ قويۇپ، قانداقسىگە ئۇنى ئىلغار خىزمەتچى قىلىپ سايلىغىلى بولىدۇ. ئىلغارۋىشە خىلىككە بېرىلگەن سان پەقەت بىرغۇ. ھەر قانداق بولسىمۇ رەقىپ جۇيجاڭ يۈزىنى پولۇدەك قىلىپ تۇرۇۋالماس.

ۋەسلەم 25 - 26 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان. زىلۋا بويلۇق، مۇئامىلىگە ئۇستا، خېلى چىرايلىق چوكان بولسىمۇ، كۆزۈمگە نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا بىلىپ بولمايدىغان سىرلىق ئايالدەك كۆرۈنەتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، جۇيجاڭنىڭ ئاياللىمۇ ماشىنىنى ئۈنچىلىك ئىشلىتەلمەيتتى. ئىشخانىدىمۇ، سىرتلاردىمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ يۈرەتتى. نېمىشقىدۇر بۇنداق ۋاقىتلاردا جۇيجاڭ غىڭ قىلالمايتتى. دەرۋەقە ۋەسىلەم بەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ۋاقىتلاردا باشلىقىمىنىڭ ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئاچچىقى كەلگەن چاغلىرىمۇ بولغان، ئەمما ئۇنى كۆرگەن ھامان بۇ ئاچچىق نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. ھەممىگە ئۆتۈپ كەلگەن باشلىقىمىنىڭ ئۆتكۈر پىچىقى ۋەسلەمگە كەلگەندە ئۆتمەي قالاتتى. ئۇ باشلىقىمغا دېگىنىنى قىلدۇرالايتتى. ۋەسلەم ئىلگىرى تۆۋەندىكى بىر كارخانىنىڭ توختاملىق ئىشچىسى ئىدى. ئۇنىڭ يۆتكەلگۈسى كېلىۋىدى، رەقىپ جۇيجاڭ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا رەسمىيەتنى بېجىرىپ، كارخانىلارنى باشقۇرىدىغان بۇ ئىدارىگە يۆتكەپ ئەكىلىۋالدى. كارخانا خادىملىرىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلارغا يۆتكەشكە بولمايدۇ، دېگەندەك قىزىل باشلىق ھۆججەتلەرمۇ ۋەسلەگە كەلگەندە ئاقماي قالدى. بۇنىڭغۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى رەقىپ جۇيجاڭنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: ھۆججەت، بەلگىلىمە دېگەنلەرنى جانلىق ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنىمۇ ئادەم تۈزىدۇ، ئادەم ئىجرا

قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ۋەسلەمگە
ئامەت قوشلاپ كېلىشكە باشلىدى. يېڭى
سىياسەت بويىچە ئۇنىڭ كادىرلىق ئىشمۇ
ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەل بولۇپ كەتتى. ئارقى-
دىنلا ئىشخانىنىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىپ،
خىزمەت ئۈستىلىمۇ جويجاڭنىڭ ئىشخانىسى-
دىن ئورۇن ئالدى. ئاستا - ئاستا بولارغا
قوشۇلۇپ مالىيە ھوقۇقى، تامغا دېگەنلەرمۇ
ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
دېگىنى - دېگەن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىدارى-
نىڭ خېلى چوڭ - چوڭ ئىشلىرىغا تەسىر
كۆرسىتەلەيتتى، ئارىلىشالايتتى ... توۋا،
نۇرغۇن كىشىلەر شۇنچە بەدەل تۆلەپمۇ
ئامەتلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ، ۋەسلەم ھېچ
كۈچىمەيلا چۆچەكلەردىكى «ئېچىل داس-
تىخىنىم، ئېچىل» دېسە ھەممە تۆكۈلىدىغان
داستىخانغا ئېرىشىدۇ. بۇ زادى قانداق
كارامەتتۇ؟ مانا مەن دەپ مەيدىسىگە
مۇشتلاپ يۈرگەن بۇ رەھبەرنى ئۇ قانداق
قىلىپ چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندۇ؟ بۇنىڭ
تېگىدە زادى قانداق سىر باردۇ؟

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى
ماڭا نامەلۇم، بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈ-
رۈپ رەقىپ جويجاڭغا قارىدىم، ئۇ تىرناق
ئالغۇچ بىلەن تىرناقلىرىنى ئېكەكىدەپ
ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئاسمان ئۆرۈلۈپ
چۈشەي دەۋاتسا تېگىدە مانتا يەپتۇ دېگەن-
دەك غەم يېمەس تۇرقىغا قاراپ ئىچىمدە
تىت - تىت بولۇپ تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ
ئەمدىلا ئوت تۇتاشتۇرۇشۇمغا، رەقىپ جوي-
جاڭ تۇيۇقسىزدىن مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ،
كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ شۇنداق بىر
قارىۋىدى، يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى.
بۇرۇن مەن ماشىنىدا تاماكا چېكىپ سالغان
چاغلىرىمدا بىرنەچچە، قېتىم ئاچچىقلانغان-

لىقى شۇئان ئېسىمگە كەلدى - دە، تاما-
كىنى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈۋەتتىم. ئۇ
بۇنىڭغا قاراپ نېمە ئۆچۈندۇر قاپىقىنى
يەنە بىلىنەر - بىلىنمەس تۈردى ۋە تېخى-
مۇ ئېنىقراق قىلىپ ۋەسلەمگە بىر قاراپ
قويغاندىن كېيىن، ماڭا بۇرۇلۇپ كۆزىنى
قىستى. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ ئىشارىسىنى
چۈشەندىم. ئۇ ئەسلىدە ۋەسلەمنى ئىلغار-
لىققا كۆرسەتمەكچى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇ
نېمە گەپ، قارىغىنى ئاق دېگەندەكلا بىر
ئىشقۇ بۇ!؟

ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، ياق دېيەي-
شىم مۇمكىنمۇ؟ بوپتۇ، ماقۇللا دەي، چۈنكى
ماقۇلنىڭ سۆڭىكى يوق ھەم ئاۋارىچىلىقىمۇ
يوق - تە، ئويلىنىپ ئىش قىلمىغان بىلەن
كېيىن پۇشايمان ئالدىغان قاچا تاپالماي
قالىدىغان گەپ. ئۆتكەن يىلى ئىشخانىنىڭ
بىر كادىرى تولىمۇ ياخشى ئىشلەپ جوي-
جاڭنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، يىل ئاخىرىدا
ئىلغار خىزمەتچى بولۇۋېدى، ۋەسلەمنىڭ
قاپىقى تۈرۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن
ئېشىپ چۈشۈشىگە چىدىمىدى. بولۇپمۇ
ئۇنىڭ قولىدىكى مۇھىم ۋەزىپە بولغان
مالىيە خىزمىتىنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە قارات-
قىلى بولىدىغان ھەم ئوڭاي كۆزگە كۆرۈن-
گىلى بولىدىغان ياخشى خىزمەت ئىكەنلى-
كىنى سېزىپ يەتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ
بۇ كادىرغا ئۆچ بولۇپ قالدى، ھەتتا بۇ
خىزمەتنى تارتىپ ئېلىۋېلىش خىيالىدا
بولدى. ئاخىرى كېلىپ رەقىپ جويجاڭ
ۋەسلەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، بۇ كادىرنى
«مۇۋاپىق يەرگە تەڭشەپ»، بۇ كادىرنىڭ
قولىدىكى خىزمەتنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى.
بۇ ئىشتىن كېيىن ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن
مەسئۇلى تاھىرجان رەقىپ جويجاڭغا كۆيۈ-

نۇپ: رەقىپ جۇيجاڭ، ئامما ئارىسىدا
نۇرغۇن ئىنكاس بار، ھەتتا ۋەسلەمنى
مۇئاۋىن جۇيجاڭ دېگەندەك گەپلەرمۇ تار-
قىلىپتۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئايال
باشقا ئىشخانىدا ئولتۇرسۇن، سىلىنىڭ ئىش-
لىرىغا ئازراق ئارىلاشسۇن، دېگەن تەكلىپ-
نى بېرىۋېتىدى، رەقىپ جۇيجاڭ ئۇنىڭغا
ئۆچ بولۇپ قالدى. كېيىن ۋەسلەم بۇ
گەپلەرنى قانداق ئاڭلاپ قالدىكىن تاڭ،
ئۇمۇ تاھىرجانغا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ يۈرى-
دىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تاھىرجاننىڭ قول
ئاستىدىكى ئادەتتىكى بىر كادىر تۇرۇقلۇق
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماس بولۇۋالدى. ھەتتا
بارا-بارا راستىنلا مۇئاۋىن جۇيجاڭدەك
ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى.
رەقىپ جۇيجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى
ئادەتتىكى كادىرى بولغان ۋەسلەمدىن
مانى قانداق قىلىمىز؟، سىزنىڭ پىك-
رىڭىزچۇ؟، قوشۇلامسىز؟ دېگەندەك
يولىيورۇقلارنى سورايدىغان بولۇپ قالغانلى-
قىدىن ئىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ
قالغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

شۇڭا باشلىقىم ماڭا ئاتايىن ئىشا-
رەت قىلىۋاتسا، مەن تاڭگازا چىشلىۋالغان-
دەك جىم ئولتۇرۇۋالسام ياخشى بولمايدۇ-
دە، مۇبادا ۋەسلەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈ-
نۈپ قالسام، تاھىرجاندەك ئۆز مەسئۇلىنى
پالەچ قىلىپ قويالىغان، ھەتتا بىر ئىدارىنى
پىرقىرىتىپ يۈرگەن بىر جۇيجاڭنىمۇ بوي-
نىنى قىلدا باغلىۋالالىغان بۇ سىرلىق چوكان
مېنىڭدەك بىر ماي چاپاننى تۆت پاي چاق-
تىن مەھرۇم قىلىشى، ھەتتا ئىككى پۇتۇم-
نى بىر پاي ئۆتۈككە تىقىپ قويۇشى تۇر-
غان گەپ ئىدى. مەن ئويان ئويلاپ، بۇيان
ئويلاپ ئاخىرى ۋەسلەمنى ئىلغارلىققا كۆر-
سىتىش ئارقىلىق بۇ خېنىمنىڭمۇ، باشلىقى-
نىڭمۇ كۆڭلىگە ياققىنىم تۈزۈك ئىكەن دېگەن
يەرگە كەلدىم. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم
ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېسسىياتىغا خىلاپ
ھالدا ۋەسلەمنى ئىلغارلىققا كۆرسەتتىم.

— كۆپچىلىكنىڭ پىكرى قانداق؟ —
سورىدى رەقىپ جۇيجاڭ سۆزۈمدىن كېيىنلا
تۇيۇقسىز زۇۋانغا كىرىپ. باشقىلار بۇرۇن-
قىدەكلا ئىپادىسىز جىم ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ
بۇنىڭغا قاراپ بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن
گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام
قىلدى، — ئەمىسە ئاممىنىڭ باشقا پىكرى
بولمىسا ۋەسلەمنى بېكىتتۇق.

مەن بۇ گەپ بىلەن تەڭ خۇددى
يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە
بولۇپ قالدىم. ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئامال-
سىزلىقتىن ئوتتۇرىغا قويغان بولسامۇ، ئۇنىڭ
بۇنداق تېز بېكىتىلىپ كېتىشىنى ئەسلا
ئويلاپ يەتمىگەنىدىم. توۋا، ھوقۇق دېگەن-
نىڭ كۈچى نېمە دېگەن زور-ھە! ئەتى-
دىن بېرى راستىنى سۆزلەپ بىرمۇنچە
ۋاقتى بىكار ئۆتكەن كادىرلار جۇيجاڭنىڭ
يىغىن تۈگىدى دېگەن سۆزى بىلەن
غىڭ قىلالماستىن ئورنىدىن تۇرۇشتى ھەم
ئۇلار ماڭا قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇ-
شۇپ، پېشىنى قاققىنىچە ئىشخانىدىن بىر-
بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. مەن ۋەسلەم
بىلەن رەقىپ جۇيجاڭنىڭ چىرايىغا سەپ-
سالدىم. ۋەسلەمنىڭ خۇشاللىقتىن كۆلقە-
قەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولسا، رەقىپ
جۇيجاڭ تاماكىسى تۈگەپ كەتكەن بەڭگى-
دەك كۆزلىرىنى پولتايتىپ ئولتۇراتتى.
ئادەتتە يەڭ ئىچىدىلا ھەرىكەت قىلىدىغان
بۇ باشلىق بۈگۈن باشقىلارنىڭ نېسۋىسى-
دىن ۋەسلەمگە بىر پارچە لوق گۆش

كېيىپ بېرىپ سالغانىدى. خۇلاسە چىقى-
رىلىشى بىلەنلا بۇنى باشقىلار ئۆز كۆزى
بىلەن كۆردى، ئەقلى بىلەن چۈشەندى.
ئەمما جۇيجاڭنىڭ ئۆزى بولسا ئىشخانىدىكى-
لەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن بۇ
نۇقتىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى. دەرۋەقە،
بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن
ئىشلىتىدىغان بۇ مەنسەپ پىچىقىنىڭ يېقىن-
دىن بېرى ۋەسلەمنىڭ ئۇچىقىغا چوغ تار-
تىدىغان لاخشىگىرگە ئايلىنىپ قالدى، دېگەنگە
ئوخشاش ئىلگىرى تارقىلىپ يۈرگەن گەپ-
لەر بۈگۈن رەسمىي ئاشكارىلىنىپ ئىسپات-
لىنىپ قالغانىدى. بۇ ئىش شۇ تاپتا رەقىپ
جۇيجاڭنىڭ ئىچىنى ھەرە چىقىۋالغاندەك
قاتتىق ئېچىشتۇرۇپ، تولىمۇ ئازابلاشقا
باشلىدى، چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتلىرى
چىڭ تۈگۈلدى. ئۇنىڭ غەزىپى كەلگەن
ۋاقىتتا بومبىدەك پارتلىماي قويمايدىغان.
مىجەزى بار ئىدى. رەقىپ جۇيجاڭ بىرھازا
جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۇس-
تەل ئۈستىدىكى كالېندارنىڭ بىر ۋارىقىنى
شارتتىدە يىرتىپ ئالدى - دە، ئۇنى پۈتۈن
كۈچى بىلەن مىجىقلىغىنىچە يەرگە چۆرۈپ
تاشلىدى. ۋەسلەم چۆچۈگىنىدىن ئۇنىڭغا
بۇرۇلۇپ شۇنداق قارىۋېدى، ئاتاۋۇكادا ئۈت-
تۈرۈپ قويغان قىمارۋازدەك قاپىقىنى تۈرۈ-
ۋالغان باشلىقىم ئاچچىقىغا شۇنداق تېز ھاي
بەردىمۇ قانداق، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىۋېپ
ھىجايدى. سېكۇنت ئىچىدىكى بۇ كومېدىيى-
لىك ئۆزگىرىش ۋەسلەمگە تولىمۇ غەلىتە
تۇيۇلغان بولسا كېرەك، كۆزلىرى چەكچەك-
تەك ئىچىلغان ھالدا بىردەم تۇرۇپ
قالدى ۋە باشلىقىنىڭ چىرايىدا
بارغانسېرى روشەن ئىپادىلىنىۋاتقان
كۈلكە ئالامىتىگە ئەگىشىپ تۇيۇقسىز پارقىدە

كۈلۈپ تاشلىدى. ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىق-
مىغان يالغان كۈلكىنى تولۇق ئوخشاتماق
تەسكە توختىغان بولسىمۇ، رەقىپ جۇيجاڭنىڭ
كۈلكىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ،
ۋەسلەمگە ماسلىشىپ قاقاقلاپ كۈلدى. توۋا،
باشلىقىمنىڭ ئاچچىقلىنىش ۋە خۇشاللىنىشتىن
ئىبارەت شەخسىي ھېسسىياتىمۇ ئۆزىگە مەن-
سۇپ ئەمەس ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن شۇنچە
ئويلاپمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. مۇشۇ كۈن-
لەردە ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟ ھەممى-
مىزنىڭ ئاقساقلى تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن
قول ئاستىدىكى بىر ئاپالغا ياخشىچاق بولۇپ
كېتىدۇ. باشلىقنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە
كىچىك بالىنى بويسۇندۇرۇۋالغاندەك
ۋەسلەمدىكى قانداق كۈچتۇر زادى؟
مەن ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم. ۋە-
سلەم سەندىكى بۇ سىرنى چوقۇم تېپىپ
چىقىمىسام ئەسلا ئادەم بولماي كېتەي!

بۈگۈنكى ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يې-
غىنى تولىمۇ كەچ تامام بولىدى. باشلىق
ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىنى
ئەندىلا قوزغاپ تۇرۇشۇمغا ئۇ مېنى تۇيۇق-
سىز توختىتىۋېلىپ:

— ئۇكام، كەچ كىرىپ قالدى،
يەنە بىر كېلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈر-
مىگىن، — دېدى بارمىقى بىلەن چېكە چاچ-
لىرىنى تۈزەشتۈرگەچ، — يۈر، ۋەسلەمنىڭمۇ
چاقىرىقى بار، بىرگە ماڭايلى. بۇ سۆز ماڭا ياغ-
دەك ياقتى. دېمىسىمۇ مەن بۇلارنىڭ بىرى-
نى بۇرۇن، بىرىنى كېيىن توشۇپ، بىر
يولنى ئىككى بېسىپ يۈرەتتىم. باشلىقىم
ئارتۇقچە ئېھتىياتچانلىق قىلغۇچە بۇرۇندىن
مۇشۇنداق قىلغان بولسا نېمىدېگەن ياخ-
شى بولاتتى - ھە! بەلكىم بۈگۈن ماڭا
رەھمىسى كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ سۆز-
لىرىدىن بىرەر سىرنى بىلىپ قالسام ئەجەب

ئەمەس دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، خۇشاللىق بىلەن ئۇنى چاقىرىپ چىقتىم.

مەن شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا ماشىنىنى ئاستا ھەيدەپ كېتىپ باراتتىم، كۆڭلۈمدە ھېلىقىدەك بىر ئوي بولغىنى ئۈچۈن، كۆزۈم يولدا بولسىمۇ، دىققىتىم ماشىنىدىكى ئىككىسىدە ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندەك ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ مەن شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى سوزۇپ، ئىككى ئىلىكچە يۇقىرىدا تۇرغان ئارقىنى كۆرسىتىش ئەينىكىگە نەزەر تاشلىدىم. ۋەسلەمنىڭ پۈتكۈل قىياپىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يوتىسى ئۈستىگە قويۇپ ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇۋالغان قىزىل رامكىلىق چىرايلىق تەقدىرنامىسى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ لەرزان ئەللەيلىشىگە مەست بولغاندەك بېشىنى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا قويغىنىچە، كۆزىنى يۇمۇپ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان پەرىزاتتەك ئەركىن سوزۇلۇپ ياتاتتى. ۋەسلەم نېمە دېگەن تەلەيلىك، تەقدىرنامىسىمۇ نېمىدېگەن چىرايلىق-ھە! شۇ ئەسنادا بىر قول خۇددى يەر بېغىرلاپ ماڭغان يىلاندەك ئاستا سوزۇلۇپ كېلىپ، تەقدىرنامە ئاستىغا كىرىپ كەتتى ۋە نېپىز كۆڭلەك ئاستىدىن بىلىنەر-بىلىنمەي كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق ھەم تولغان يوتىنى سىلاشقا باشلىدى...

چۆشەندىم! بۇ سىرنى ئاخىرى تاپتىم، بۇ ھاياسىز يوتا... كۆرمىگەن بولسام ئەسلا ئىشەنمەس ئىدىم. مانا مەن، دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن باشلىقىمنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قوزىدەك ياۋاش ۋە مۆرمەس قىلىپ قويغان ئەنە شۇ نەرسىمىدى؟ بىزنىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىقلارغا سالغان، ھەممىمىزنى خالىغانچە ئوينىتىپ يۈرگەن ئاجايىپ بىر نەرسە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ يۈرگىنىمنى قارىمامدىغان تۇۋا، تۇفى...

ئىست، باشلىقىم، بىچارە باشلىقىم، سالاپەتلىك قەددىڭنى يادەك ئېگىپ، كېكىرتىكىڭنى بوغۇۋالغىنى ئەسلىدە باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى شەھۋانىي نەپسىڭدىن سوزۇلۇپ چىققان ئاشۇ ئۆز قولۇڭ ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن



تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

# قەشقەر ناخشىلىرى

## دەريا

كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر سۈرەت،
تال سۆگەتلەر تاشلىغان جالا.
ئالتۇن قۇياش پارقىراپ كۆكتە،
دەرياغىلا تۆكەتتى شولا.

ئالما يۈزلۈك بوستان سىپكىلەك،
بىر ئوماق قىز قولىدا چۆگۈن.
باقار ئىدى دەرياغا زوقمەن
قىرغاقلىرى ئىدى بەك گۈلگۈن.

كۈن نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇلاق
ئەركىلىتەر بەرگى قىياقنى.
چىمەن دوپپا چىمەن-چىمەن گۈل
گۈلگە پۈركەر تونۇش قىرغاقنى.

ئۇسما قىلىپ قويىمەن دەمدۇ،
بەش قۇلاقنى ئالدۇ تېرىپ.
ئەگىلىدۇ بولۇپ ئەينىكى
تۆمەن① ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ.

ئېيتقىن دەريا، قېنى ئۇ بۇلاق،
ئېيتقىن دەريا، قېنى ئۇ ئەينەك.
قېنى ئۇزۇن چاچلار بىر قۇچاق،
لالە رەڭلىك قېنى چىت كۆڭلەك.

تىنىپ لايلار تارايغان ئېقىن،
ئۆركەشلىرى كەتكەن قاياقـقا.
تىنغان بۇلاق، دەسسەلگەن چىملار
بولغان قىيىق بەرگى قىياقتا.

چېچى ئاپئاق، بېلى مۈكچەيگەن،
قېرى مومای ئولتۇرار بۇ رەت.
كۆز ئالدىدا بوستان سىپكىلەك،
كۆز ئالدىدا بايىقى سۈرەت.

سۇغا قاراپ دەيدۇ ئۇھ تارتىپ:
ئۆتتى يىللار، قېرىپتۇ دەريا.
دەريا بولسا ئاقىدۇ ئۈنسىز،
تەستىقلايدۇ ئۇ سۆزنى گويا.

## باھار ناخشىسى

مەن ھامىنى بىر كۈن ناخشا ئېيتىمەن،
كۈيگە تەشنا يۈرەكلەرنى قاندۇرۇپ.
يورۇتىمەن كۈن كۆرمىگەن تەسكەينى
قۇياشىمنىڭ مەشئىلىنى ياندۇرۇپ.

---

① تەشقەردىكى تۆمەن دەرياسى

ناخشىلىرىم قانات يايار مۆكىدىگەن
ئەڭ قەدىمىي ئورمانزارنى ئويغىتىپ.
قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلگەي ئىرەن، ئارچىلار،
مىسكىن دىلى ھەم ئېچىلغاي روھلىنىپ.

قىش ـ ئايازنىڭ نەشتىرىدە سارغىيىپ
ياتقان ئوتلاق قەد كۆتۈرگەي بويسۇنۇپ.
قىش يىغلىسا كۆز يېشىدا كۆل تولار،
باغلار ھۆسن تۈزەر رەنا گۈل بولۇپ.

ئۇچار قۇشلار قېقىپ قانات يايىرىغاي،
ئورمانزارنى كۈيلىرىگە تولدۇرۇپ.
ئوڭكۈرلەردىن چىققان بۇغا ـ ماراللار
كەڭ دالىدا چاپقاي خۇشال ھۆر بولۇپ.

مەن ھامىنى بىر كۈن ناخشا ئېيتىمەن
نۇرغا تەشنا يۈرەكلەرنى قاندۇرۇپ.
جۆر بولىدۇ ناخشامغا كەڭ كائىنات،
تاغ ـ ئورمانلار سادا بېرەر قايتۇرۇپ.

**چاقماق ناخشىسى**

قارا بۇلۇت قۇياش بىلەن قېرىشتى،
سۈرلۈك تۇمان ھەر تەرەپتىن كېلىشتى.
ئوت چاقنىغان قىلىچىمنى باستى زەڭ،
گويا زاۋال سۈبھى بىلەن ئېلىشتى.

باغاشلىدىم كۆك ئاسماننىڭ قەرىنى،
چىقتىم سۆرەپ بەكمۇ مەزمۇت دەرىنى.
سېلىپ قىقاس تەبىئەتنى ئويغاتتىم
چېلىپ بۇرغا، تارتىپ كۈچلۈك نەرىنى.

قىلىچلىدىم، بۇلۇت باغرى سۆكۈلدى،
كۆزلىرىدىن دەردلىك يېشى تۆكۈلدى.
قۇياش كۈلدى، ئاسمان يۈزى سۈزۈلۈپ،
زۇلمەت كۈننىڭ بۇدەم قەددى پۈكۈلدى.

جۇتنى سۈردۈم، قاھ ـ قاھ ئۇرۇپ كۈلدى ياز،
يەر ـ زېمىن كۈلدى، ئەركىن چالدى ساز.
تاغلار كەزدىم ئېلىپ مىسران قىلىچنى
پارقىراتتىم چوققىلارغا بىلەپ ساز.

**ئۈنسىز ناخشا**

قانىتى يوق ناخشىلىرىمنىڭ،
ئايىغى يوق ناخشىلىرىمنىڭ.
پەرۋازىنى كۆرمىدى ھېچكىم
تايىنى يوق ناخشىلىرىمنىڭ.

كۆزى يوقتۇر، سۆزىمۇ يوقتۇر،
تىلى يوقتۇر ناخشىلىرىمنىڭ.
تىۋىشىمۇ، ئۈنىمۇ ھەم يوق،
جېنى يوقتۇر ناخشىلىرىمنىڭ.

دولقۇنى يوق، شاۋقۇنى ھەم يوق،
مەنىسى يوق ناخشىلىرىمنىڭ.
ھېچكىم ئاڭلاپ باقىنى ھەم يوق،
ئەڭ تەكتىدە قالغان دىلىمنىڭ.

پىنھان شۇنداق، قەدىرلىك شۇنداق،
دىل ئارزۇسى، كۈيى بىر قىزنىڭ.
دىل قېتىدا ساقلىنار مەھكەم
مەرۋايىتى كەبى دېڭىزنىڭ.

**قەشقەر قىزى**

ئۆزى نازۇك، دىلى نازۇك بۇ قىزنىڭ
يۈرىكىدىن قۇياش يالقۇن سورايدۇ.

ئۆزى لېۋەن، سۆزى شېرىن بۇ قىزدىن
كاككۇكلار كۈي، بۇلبۇللار ئۇنى سورايدۇ.

تۆمەن دەريا سۆيەر ئۇنى ئەركىلەپ
ئېتىپ تىنماي دولقۇنىنى قىرغاققا.
قۇملۇقلارنى ئويغىتاي دەپ شامماللار
ئارمىنىنى ئېلىپ كېتەر يىراققا.

«ئىشرەت ئەگىز»پەدىسىگە سازلىسا،
ئامانىسا ساتارىنى ياڭرىتىپ.
دىل خۇشلۇقى قوزغىلىدۇ زېمىنىڭ،
چۈشەر قەشقەر سەنىمىگە شادلىنىپ.

ئوقچۇپ كېتەر تىنچ تۇرغان بۇلاقلار
ئۇ ئېيتقاندا نۇزۇگۇمنىڭ كۈيىنى.
قەلبىڭ يورۇپ، كۈلەر ئارزۇ ـ ئۈمىدىڭ
كۆرگەن چاغدا نۇر چاقنىغان كۆزىنى.

قەشقەر قىزى، دىلرابا قىز، گۈزەل قىز،
ئاچام مېنىڭ، سىڭلىم مېنىڭ مېھرىبان.
نىھالىڭنى يامان كۆزدىن ساقلىسۇن،
ئاسقىن تۇمار بويىنىڭغا ئەي جانجان.

### زېمىن ناخشىسى

مەن قۇملۇقمەن، ئالتۇن تولغان جامىم بار
ساقلىغانمەن سېنىڭ ئۈچۈن بالىجان.
ئارخېئولوگ بول، قازغىن ئۇنى باغرىمدىن،
بايلىقىڭغا قايىل قىلار يەر ـ جاھان.

تاغمەن، چاقماق قىلىچىدا قىلچىلاپ
قار يامغۇرلار ساۋاپ تۇرار ھەر قاچان.
لېكىن سېنى ئەسلىگەندە جان بالام
ئۈمىد بىلەن ياشنار دىلىم شادىمان.

ئاچچىق تولغاق يېدىم، قىلدىم تەۋەللۇت
ھەم ئېزىزلەپ باقتىم، ئۈستۈڭ نەۋقىران.
ئادەم بولسۇن دېدىم تاغدەك يۈرەكلىك
تاغ كۆكسۈمدىن بەردىم ئوزۇق، بەردىم قان.

مەن دەريامەن، يايغىن غۇلاچ باغرىمدا،
قېيىق بولما بېشى قايغان يېگانە.
بولغىن مېنىڭ تىنىم تاپماس ئۇيپقۇنىم
دۆرلەر چاچقىن بولماي ھەرگىز دىۋانە.

سۇلايمانىڭ خەزىنىسى بار باغرىمدا،
ئاچقۇچىنى بەردىم ساڭا ئەي ئوغلان.
سەييارىلەر باشىنى ئەگسۇن ھۆكمىڭگە،
تەبىئەتنى ئال تىلكىڭگە، بول خاقان.

### ئۈچۈرماقۇش ئېيتىدۇ

ئۈچۈرماقۇش ئېيتىدۇ:
تىكىپ بەرگىن جۇۋامنى،
ياساپ بەرگىن ئۇۋامنى،
جۇۋا تىكەر ئانا قۇش،
ئۇۋا ياسار ئاتا قۇش.

ئۈچۈرماقۇش ئېيتىدۇ:
تېپىپ بەرگىن دېنىمنى،
چايناپ بەرگىن نېنىمنى.
سۇ توشۇيدۇ ئانا قۇش،
دان توشۇيدۇ ئاتا قۇش.

* *

ئۈچۈرماقۇش ئېيتىدۇ:
باللىرىمنى بېقىپ بەر،
پىستە ـ بادام چېقىپ بەر.
بالا باقار ئانا قۇش،
پىستە چاقار ئاتا قۇش.

قىستاڭ ئۆيلەر، قىستاڭدۇر يوللار،
قىستاڭچىلىق، قىستاڭدۇر خىيال.
قىستاڭ جاھان، قىستاڭ ئادەملەر،
قىستاڭ ۋاقىت، قىستاڭدۇر ئەھۋال.

تارچۇقلاردىن قىستىلىپ چىقىپ،
يول ئاچقانچە كېڭىيەر دۇنيا.

**قىستاڭ**

جىلغىلاردىن ئېتىلىپ ئۇچچۇپ،
دېڭىزلارغا قۇيۇلار دەريا.

تۇرخۇنلاردىن ئەركىنلىك ئىزدەپ
كۆك يۈزىنى قۇچىدۇ تۈتەن.
قىستاڭلاردا قىستىلىپ ياشاپ،
تاشنى يارار گىياھمۇ ھامان.

ئەركەن روزى

# ياشلىقتىكى تەشۋىشلەر

## ئۆكۈنۈش

ياشلىقى دەپ قۇردۇق بىر جەننەت،
تەبرىكلەرگە كۆمۈلدۇق قەۋەت.
مەستخۇشلۇقتىن كۆزۈمنى ئاچسام،
تامام بولدى نېچۈن مۇھەببەت؟
باياۋانغا چىقتۇق تۇيۇقسىز،
گۈل - گىياھسىز سۆرۈن ۋە سۈپەت.

تەلپۈنمىگىن ئاسمانغا يەنە،
يوق ئاخشامقى ئاي ھەم يۇلتۇزلار،
ئەقىدەمنى سۇرتسەم بولغۇدەك،
ياپرىقىغا قونۇۋاپتۇ قار.
ھېسلىرىڭدا غەيرىي تەركىبلەر،
قالغان كۆڭۈل تولغان نەدە بار؟

## سۆيگەن دەريا

مەن ئۇزۇن ئويىنغان، مەن سۆيگەن دەريا،
ئايلىنىپ قالدىڭمۇ نۇرغا، قۇياشقا.
ئۆزۈمنى ئاتالماي، مۇڭلىنىپ قالدىم،
بالىلىق باشقىكەن، يىگىتلىك باشقا.
شاۋقۇنۇڭ ھەيۋەتلىك ئاڭلايمەن، تويماي،
يوقالغان بالىلىق چاقنايدۇ قاشتا.

## ھېكمەت

بىلىپ قالدىم ياش تۆككىنىڭدىن،
مۇھەببەتكە سەنمۇ يېتىپسەن.
ئارامىڭنى تۆكۈپ ئەمدى
بېشىڭغا بىر بالا تېپىپسەن.

مۇھەببەتتىن كەچسەڭمۇ ئازاب،
ۋىسالىغا يەتسەڭمۇ ئازاب.

## ئاھ، لەگلەك

ئانامنىڭ چېچىدەك، نۇردەك يىپىڭنىڭ
بىر ئۇچى قولۇمدا، بىر ئۇچى سەندە.
كۆلىمەن غۇيۇلداپ ئاسمانغا ئۇچساڭ
يىغلايمەن سەن گاھى تۆۋەنلىگەندە.

بىر سەكرەپ، بىر توختاپ كېتىپ بارىمەن
ئۇزاردى كۆز نۇرۇم يېپىڭغا تەگداش.
قايسىمىز ئۇچۇردۇق، قايسىمىز ئۇچتۇق،
ئېيتقىنا راستىنى ئاھ لەگلەك بەگباش.

## ئاي پاتسا

باھارىڭ كەتسە گەر، ئالتۇن كۈزۈڭ بار،
ئاي پاتسا تىترىمە، قۇياش يار ساڭا.
يەلكەڭدىن ئايرىلساڭ پالاق قولۇڭدا،
ساھىلدا گۈل تۇتار سىرداشلار ساڭا.

مېۋىلەر تۆكۈلسە يىغلاش نەھاجەت،
ئۇرۇق بار، ئۇنتۇما ھەممىسى سەندە.
مۇساپىر ناخشاڭنى توختات، خۇش بولاي،
ئۆزۈڭنى تاشلىما ئانا ۋەتەندە.

* *

ئاي پاتسا تىترىمە، قۇياش يار ساڭا،
تەقدىرىڭ ھومايسا چاقچاق دەپ سانا.

نۇرۇللا خېلىل

# تولۇن ئاي دەرىخى تۇرار يەلپۈنۈپ

## بېكەت

بېكىتتى بوپ قالاي سەن ماڭغان يولنىڭ،
كۆلەڭگەڭ سوۋغا بوپ قالمىسۇن ھەرگىز.
ئاخىرقى مەنزىلىڭ بولارمەن بەلكىم،
سۇنساڭمۇ گەر ياساپ ئازابتىن دېڭىز.
قۇچاقلاپ ئالىمەن سېنىمۇ قوشۇپ،
قاردەك سوغ تىنىقىڭ تۆكۈلسىمۇ گەر.
مەيلى سەن تاش ياكى جانسىز مۇردا بول،
تۇرىمەن يېنىڭدا تىرىلگەن قەدەر،
باشلىنار سەن بىلەن بىر قۇتلۇق سەپەر.

## تولۇن ئاي دەرىخى

چۈشەكەپ تۈن كېچە چىقساڭ تالاغا،
تولۇن ئاي دەرىخى تۇرار يەلپۈنۈپ.
تىزگىنسىز قەدىمىڭ سۆرەيدۇ ئاستا،
قارايسەن ئۈمىدتە ئاڭا تەلمۈرۈپ.
قول سوزۇپ باقسەن ئۈزۈپ ئالاي دەپ،
يامىشىپ چىقسەن شاخلارغىمۇ ھەم.
كىيىمىڭ ئىلىنىپ كېتەر يىرتىلىپ،
سەزمەيدۇ بۇلارنى مۇقەددەس قەدەم.
شاخلارنى قايرىيسەن، ئىزدەيسەن مېۋە،
تېگىرقاپ قالىسەن تاپالمىساڭ گەر.
ئىنتىلىپ باقسەن ئەنە نەچچە رەت
تۆكۈلسە يۈزۈڭگە سۈزۈك ھال رەڭ تەر.
ھېچ چۈشكۈڭ كەلمەيدۇ ئاشۇ دەرەختىن،
چاچ - ساقال كۆمۈشتەك ئاقارغاندىمۇ.
چۈشەيدۇ ھەتتاكى قەبرىلەر قوپۇپ،
مۇھەببەت بار شۇنداق ئۆلۈك جاندىمۇ.

ئەكبەر سالىھ

# ياش ۋەتەنسۆيۈم

(نەسىرلەر)

## قىز دوست

مەن ئۆزۈڭدىن بۇرۇن سېنى ساقلاۋاتىمەن.

بىز لىرىك كۈيلەرنىڭ ئىچىدە تاتلىق مەستىخۇشلىنىمىز. خرۇستال قەدەھلەرگە لىمۇ لىق توشقۇزۇلغان گۈلگۈن شارابلارنى سۇمۇرۇپ ھوپپىدە ئىچىلىمىز. بەلكىم سەن قەدەھتىكى ئۆكسۈپ چۈشكەن كۆز يېشىدەك ئاچچىق شارابدۇرسەن.

يوللاردا يېنىك ئىسقىرتىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ كېلىمەن. كېتىۋېتىپ ئالىلكىملەر بىلەن تومۇز ئاپتىپىدەك قىزىپ سالاملىشىپ ئۆتتۇمەن، كېيىن شېرىن ھېسلارغا قات-قات ئۇرىلىمەن. مەن سېنى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىمىكىن، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ بۇ شەھەردە تونۇيدىغان ئادەملىرىم بارماق پۈكۈپ سانىغۇدەكلا. مەن ئاخىرى سېنىڭ ئاشۇ ناتونۇش ئادەملەر ئىچىدىن تۇمان يېرىپ چىققان ئايدەك تونۇش بولۇپ چىقىپ قېلىشىڭنى كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ.

......

ئىككىلىمىز تونۇشمىساقمۇ، ئەمما سېنىڭمۇ مېنى ساقلاۋاتقانلىقىڭنى خۇددى ئۆزۈمنى بىلگەندەك ئېنىق بىلىمەن.

سەن مەندىن ناھايىتى يىراقتا، يىراق بولغاندىمۇ خىيالمۇ يېتىپ بارالمىغۇدەك يىراقلىقتا. ئەمما سېنىڭ بىلەن ھازىرلا دىدارلىشىپ قېلىشىمنى ھېچكىم چەتكە قاقالمايدۇ.

ئېھ، قىز! بۇ كوچىنىڭ ئاشۇ دوقمۇشىدا جەزمەن تولىمۇ ئاددىي رەۋىشتە ماشىنا ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. دەل ئاشۇ مىنۇتتىكى ئاشۇ يەر بىزنىڭ ئۇچرىشىدىغان مۇقەددەس جايىمىز.

## چەكسىز قار

چەكسىز قارنىڭ تېگىدە بىر بۇلاقنىڭ پىنھان ئۆكسۈپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرەمدە تولىمۇ گۈزەل بىر ئەپسانە بولىدىغان. بۇ ئەپسانە شېرىن چۈشتەك تاتلىق،

كۆز يېشىدەك ئاچچىق، ئېغىر ئەسلىمىدەك ئازابلىق، خوشلىشىش ئەسناسىدىكى كۆز نۇرىدەك سوغۇق.

سەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم تولىمۇ ئاددىي كۆرۈشتۈڭ. ئۇ چاغدا كۆزەينىكىڭ تېگىدىكى، خىلۋەتتىكى بىر توپ يالپۇز گۈللىرىنىڭ ئارىسىدا بولدۇقلاپ تېشىۋاتقان ئاھۇ بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزۈڭ شۇ قەدەر سەبىي، شۇ قەدەر پاك، شۇ قەدەر ئوماق ھەم شوخ ئىدىكى، بۇ خىلۋەت بۇلاقتىن ئاجايىپ سېھىرلىك كۈيلەر، پاكلىق، ساداقەت بىلەن ئېيتىلغان ئىلاھىي مۇناجاتلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شاھانە قارىچۇقلىرىڭدىن يەككە - يەككە بوستان كىرپىكلىرىڭنىڭ نازۇك قېقىلغان دەقىقىلىرىدە دەستە - دەستە نۇر ئۇزۇلۇپ، قىيا ئېچىلغان گۈل بەرگىدەك نېپىز لەۋلىرىڭدىن چاچرىغان مەسۇم كۈلكەڭ جەزبىلىك ۋە سېھىرلىك ئىدى.

شۇ يىلى قار ئادەتتىكىدىن قېلىن ياغدى. ئېسىڭدىدۇر، ئۇ، — سەن تاتلىق تىللىرىڭ بىلەن «ئاكاش» دەپ چاقىرغان كىشى ئاددىي بىر پارچە مەكتۇپىنى، ياق، يۈرىكىنى سۇنغىنى. سەن مەكتۇپقا كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، يەنە شۇ تاتلىق تىللىرىڭ بىلەن تىللىغىنىڭدا، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگۈڭ كېلەمدۇ؟

سەن دوستۇڭ — ئۇنىڭ «سىڭلىسى» بىلەن ئاپئاق قار ئۈستىدە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ، شوخ كۈلكىلەر ئارىسىدا ئاقلىق ئىچىگە سىڭىپ كەتتىڭ. ئەمما «ئاكاش» نىڭ بىلگۈسى كېلىدۇ. سېنىڭ نومۇسلىنىپ تۇرۇپ بىلدۈرىدىغان سىرلىق بېشارىتىڭنى بىلگۈسى كېلىدۇ. لېكىن...

شۇندىن بېرى ئورمانلاردا قۇشلارنىڭ ئۈنى ئەكچىدى. ئېقىنلار شوخ كۈيلەرنى تەۋەللۇت قىلماس بولدى. دالا گۈللىرىنى سۆيۈپ كەلگەن شەلكىن تاتلىق پىچىرلاشمىدى. شوخ كۈيلەرنى ئىسقىرتىپ ئۆتىدىغانلار سۆكۈتكە چۆمۈپ، يوللار ئېغىر جىمجىتلىقتا لەيلىدى.

شۇندىن بېرى موخۇركىنىڭ قويۇق تۈتۈنى ئاچچىق كۆز يېشى بىلەن نەمدەلدى. ئاجايىپ ھەسرەتلىك كۈلكىلەر ئەمدىلا كۆكسىنى يېشەي دەپ تۇرغان چوغلۇقنىڭ باغرىغا قىپقىزىل قان بولۇپ سىرغىدى.

شۇ كۈنلەردە يەنە تۆت قېتىم قېلىن قار ياغدى. دېكابىرنىڭ ئاشۇ كۈنى سەن پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدىن دوستلىرىڭ بىلەن تولىمۇ لەرزان ۋە بىغەم چۈشۈپ كەلدىڭ. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىلگۈللەر توپىدىكى تەنھا ئاق ئەتىرگۈل غۇنچىسىدەك ئەتراپقا كۈمۈش نۇر سېپەتتىڭ.

سەن كەتتىڭ. قەدەم ئىزىڭ تەگكەن يەرلەردىكى قار شۇررىدە ئېرىپ، بىر ئېقىن ھاسىل بولدى. مىڭ ئەپسۇس، لېكىن بۇ ئېقىن قىرغاقلارغا باغرىنى ياقالمايدۇ. مۇبادا شۇنداق بولسىدى، بۇ يەرگە ھۆپپىدە باھار كېلەتتى.

چەكسىز قار ھېلىھەم پىرىلداپ تۆكۈلمەكتە. بۇ شەھەردە چەكسىز قارنىڭ تېگىدىكى بىر بۇلاقنىڭ پىنھان ئۆكسۈپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە تولىمۇ گۈزەل بىر ئەپسانە بولىدىغان. بۇ ئەپسانە شېرىن چۈشتەك تاتلىق، كۆز يېشىدەك ئاچچىق، ئېغىر ئەسلىمىدەك ئازابلىق، خوشلىشىش ئەسناسىدىكى كۆز نۇرىدەك سوغۇق، ھەسرەتلىك خىيالدەك ئۇزۇن.

## نۇر ساتقۇچى

— نۇر ئېلىۋېلىڭلار، نۇر! — قاراڭغۇلۇقتا بىرسىنىڭ چاقىرغىنىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەمىيېنىمنى ئاختۇرۇپ، ئىككى دانە تەڭگىنى ئالدىم. ئالقىنىمدا دەڭسەپ تۇرۇپ، خېلىغىچە ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

نۇر ساتقۇچى قويىندىن بىر دەستە نۇر ئېلىپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇۋېتىپ، ئىسسىقىنا كۈلۈمسىرىدى ۋە دولامغا تونۇشلارچە يېنىككىنە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ قويۇپ، يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— نۇر ئېلىۋېلىڭلار، نۇر!

ئۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك كېچە قويىنىغا سىڭىپ كەتتى. مەن قولۇمغا قارىدىم، قارىدىم - يۇ، كۈچلۈك نۇردىن كۆز قارىچۇقلىرىم ئېچىشىپ، كۆز چاناقلىرىمدىن پۇرۇلداپ ياش تۆكۈلدى. تېنىم ئېغىرلىشىپ، چارچاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. قولۇمدىكى نۇرنى تاشلىۋېتىشنى ئويلىدىم. تاشلىۋەتسەم ئۇنى بىر دەمدىلا توپا بېسىپ، ئۆچۈپ قالاتتى. بىردىنلا كۆز ئالدىمغا نۇر ساتقۇچىنىڭ سىيماسى كەلدى. ئۇ ماڭا ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن نۇرنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئالدىمنى تاش، داڭگاللار، تىكەن، چېتلاقلار توردى. تاپان، پاقالچىقىمنى تىلىۋېتىشتى. ئاغرىق ئازابى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدى، شۇنداقتىمۇ مېڭىۋەردىم. ماڭغانسېرى شۇنچە ماڭغۇم كېلەتتى. جاراھەت ئىزلىرىدىن سىرغىغان قانلار يوللاردا ئۇيۇپ قېلىشتى. شۇ تەرىزدە كېتىۋاتقىنىمدا بىرسىنىڭ بوش ئىڭرىغاندەك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نۇر ئېلىۋېلىڭلار... نۇر...

يول ياقىسىدا چاچ - ساقاللىرى سۈتتەك ئاقارغان بىر بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ، ئاران - ئاران چامداپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن نۇر ئالىمەن، — بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ ماڭا قاراپ يەنە ئىللىقىنا كۈلۈمسىرىدى. مەن ئۇنى كۈلۈمسىرىشىدىن تونۇدۇم. ئۇ ماڭا نۇر بەرگەن كىشى ئىدى.

— ئال، بۇ نۇر ئەمدى سېنىڭكى.

بوۋاي قويىندىن بىر ئالتۇن ساندۇقچە چىقىرىپ، قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە نەپەس ئۈزدى. كەينىمگە قارىدىم. يوللاردىكى ئۇيۇپ قالغان قان ھازىر ئالتۇن رەڭدە جىلۋە قىلاتتى. مەن بوۋايدىن قالغان ساندۇقچىنى قوينۇمغا سالدىم - دە، يولۇمنى داۋام ئەتتىم.

— نۇر ئېلىۋېلىڭلار، نۇر.

## * سۆ پەرىسى *

مەن ھامان دەريا بويىدا تۇرۇپ، يىراق - يىراقلارغا قارايسەن. دەريا بويلىرىدىكى نەزەرسىز گۈلشەندە ئەپيۈن گۈللىرى يېنىك شامالدا بوشقىنا تىترىشىپ، خىيالغا پاتىدۇ.

يېنىڭدا سىماب چايقاۋاتقاندەك تىمتاس ئېقىۋاتقان دەريا ئېقىنلىرى سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا ئۇزاپ كېتىشىدۇ. سەن بۇ يەردە يالغۇز تۇرسەن. بىر جۈپ قاپقارا، نۇرلۇق كۆزلىرىڭ ياشقا چىلىنىپ، كۆز چاناقلىرىڭ نەمدىلىدۇ. ھەممە نەرسە ياش ئىچىدە خىرەلەشكەندە، تال - تال كىرپىكلىرىڭنى ئېسەدەش بىلەن جۈپلەيسەن. دەريادىن ھېلىلا يۇيۇنۇپ چىققان بېلىقتەك ئاق ۋە سۈزۈك تېنىڭ تۇرۇپلا بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كېتىدۇ. دەم - دەملەردە كۈچەيگەن ئوتلۇق نەپەسلىرىڭدە، تولۇپ قىيامىغا يەتكەن گۈزەل ۋە نازۇك كۆكرەكلىرىڭ كائىناتنى چالغىتىدۇ.

سەن ھامان دەريا بويىدا تۇرۇپ، يىراق - يىراقلارغا قارايسەن. كېچىلىرى ساڭا مىسكىن يۇلتۇزلار، دەردمەن تولۇن ئاي ھەمراھ بولىدۇ. مەيىن شامال بۇدۇر چاچلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن سۇۋۇشۇپ ئۆتۈپ، سىپايىلىق بىلەن ئۇنى قوزغاتقاندا ئەپيۇن گۈللىرى ھوشىدىن كەتكەندەك بولىدۇ. گۈلشەننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەي قالغان كوجۇم مەھەللىدىكىلەر بۇ گۈلشەندە سانسىز ئىپار كىيىكلىرى بار دەپ زىكرى قىلىشىدۇ. بۇ يەرگە چىقىپ ئۇۋۇ ئۇۋلاشنى خىيال قىلىپمۇ باقىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئېتەكلىرىگە قەدەم باسا - باسماي، مەستۇ - ۋەيرانە بولۇشۇپ، ھوشسىز يېتىشىپ قالىدۇ.

سەن ھامان سۈبھىگىچە دەريا بويىدا تۇرۇپ، يىراق - يىراقلارغا قارايسەن. ئۇياقتىن ئاجايىپ مول ھېسسىياتلىق بىر كۈي لەرزان سوزۇلۇپ كېلىدۇ. سەن بۇ كۈينىڭ ساڭا چوغدەك سەزگۈ ئاتا قىلىپ، ۋۇجۇدۇڭنى باغاشلاۋاتقانلىقىنى سەزگىنىڭدە، مەسۇم چىرايىڭ ئوت ئېلىپ، ئاق شايى كۆڭلىكىڭنى يەلپۈللىتىپ يۈگۈرگەن پېتى دەرياغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىسەن. سەن دەريا تېگىدىن قايتا چىقىپ كەلگىنىڭدە، بۇ كۈي ئاللىقاچان توختاپ قالغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا كۆز چاناقلىرىڭ ياشقا نەمدەلگەن پېتى ھېلىقى يېتۇك كۈينى ئىزدەيسەن. تىڭلايسەن... سەن ھامان ھەر كۈنى سۈبھىگىچە دەريا بويىدا تۇرۇپ، يىراق - يىراقلارغا قارايسەن. ئۇ تەرەپتىن ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە تولىمۇ گۈزەل بىر نەرسىنى كۈتىسەن. ئېھ، سۇ پەرىسى. مەن يۈرىكىمگە قول سېلىپ باققان چېغىمدا ئاندىن ھېلىقى كۈي بىلەن سېنى ئىزدەپ كېلەرمەن.

## غازاڭلار تەزكىرىسى

يوپۇرماقنى كۆرگەندە، مۇھەببەتنى ئەسكە ئالغايسەن. ئۇ خازان بولۇپ توزۇغاندىن كېيىن، يەر تېگىدە يېتىپ ساڭا ئېيتىۋاتقان قىسسىسىنى تىڭلىغايسەن.

* * *

ياپراقلارنىڭ تىترىشى شامال سوققانلىقتىن ئەمەس، شامالغا سىڭىپ كەتكەن تىنىقلىرىڭنىڭ ئۇنى سىلاپ ئۆتكەنلىكىدىن.

* * *

خازانلارنىڭ بوشلۇقتا لەيلەپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ. ئۇ ساڭا جۇدالىقنىڭ قانچىلىك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

* * *

كۆز كۈنلىرىدە بارغانسېرى سۇۋۇۋاتقان يەر كۆكسىدىكى خازاننىڭ ھالىغا ۋاي. ئۇنىڭ چىرىندىلىرى شۇنچە ئېغىر قايغۇدىمۇ ئۆزىنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن تۇپراققا ئېمىلەرنى قىلىپ بېرىشنى بىلىدۇ.

* * *

دەرەخ نوتىلىرىدىكى يۇمران بىخنى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى سۆيگەن چاغدا، ئۇ دەرەخكە ئەمەس، قۇياشقا تەھسىن ئېيتىدۇ. دەرەخنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ كۆكتە پەرۋاز قىلىشنى ئويلايدۇ. كۆز كۈنى بەرگى ئۈزۈلۈپ، پەرۋاز قىلغان دەقىقىدە، ئاندىن دەرەخنىڭ قولىدىن خوشلاشقىنىغا پەرياد چېكىدۇ.

* * *

پەرىشتەم، ساڭا مۇشۇ يوپۇرماقنى سوۋغا قىلاي. ئۇنى يۈرەك قېتىڭدا ساقلىغايسەن. يېشىل پېتى مەڭگۈ بېجىرىم تۇرسۇن. مۇبادا ئالىقىنىڭدا ساقلىساڭ، توزۇپ كەتكەندىن باشقا يەنە ساڭا كېيىن ئاچچىق ئېسەدىشىڭدىن بېشارەت بېرىدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن**

**مۇختەر مۇھەممەت**

# ھايات ۋە ئىشەنچ

(نەسر)

قۇياش زېمىننى چوغدەك قىزدۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى تەستە سۆرەپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئالدى تەرەپتىكى ئۇنىڭ ئۆز تۇيغۇسىدا بەكمۇ تەستە چىقىپ كېلىۋاتقان دۆڭگە يامىشىشقا تەمشەلدى. ئۇنىڭ جىسمىدا قىلچە مادار قالمىغاندەك، ھەرقانچە تىرىشىپ كۆرسىمۇ بىر قەدەم ئېلىش ئۈچۈن مىڭ يىللىق ماغدۇرىدىن كەتكەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قان رەڭگىدە قىزارغان، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلگەن، لەۋلىرى ئاپپاق گەز باغلاپ يېرىلغان. شۇ يېرىقلاردىن بۇغداييدەك قان تامچىلىرى تەپچىپ چىقىپ ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يالىڭاچلانغان تېنى قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشىدىن كۆپۈشۈپ، ھازىرلا تاراسلاپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تامىقى شۇنداق شىلىمشىقلىشىپ كەتكەنىدىكى، شۇنچە كۈچەپ تۇرۇپ تۈكۈرۈكىنى يۇتقاندىمۇ قۇرغاق، قاڭسىق بىر پەردە تۈكۈرۈكنى توسۇۋالاتتى. ئۇ ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى. قانداقتۇر بىر نەرسە بوغۇزىغا كەپلەشىپ قالغاندەك ھەربىر تىنىقى شۇنچە تەستە خىرقىراق، يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن چىقاتتى. ھەربىر تىنىقىدا بىر پارچە ئوتنى سۈمۈرۈۋاتقاندەك بۇرۇن تۆشۈكلىرى كۆيۈشۈپ، دىماغلىرىنى تېخىمۇ قۇرۇشتۇرۇۋېتەتتى. بۇ ئوت، بۇ ھارارەت ئۇنىڭ مېڭىسىنى قاينىتىۋەتكەندەك، كۆز ئالدىدىكى ئۇپۇق بىلەن گىرەلەشكەن زېمىن چاقپەلەكتەك ئايلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ماغدۇرسىز ئاياغلىرى تىترەپ سەنتۈرۈلدى. ئۇنىڭ خاموش، خۇنۈكلەشكەن كۆزلىرىگە ئۇپۇق يەر يۈزىگە غۇلىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يەر — قۇم ئۇپۇق بىلەن گىرەلىشىدىغاندەك تۆۋەندىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ قوقاستەك قىزىق قۇم ئۈستىگە دۈم چۈشتى. تامىقىغا قاڭسىق، قىزىق توپا تەمى ئۇرۇلدى. بەتتام، ئىللىق بىر سۈيۈقلۇق ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چىقتى. قۇرۇغان تاماقلىرى قېتىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تەشنالىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. قۇمغا پاتقان پېشانىسى قىزىق تۆمۈرگە يېقىلغاندەك كۆيدى. بېشى خۇددى چاك ـ چېكىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىشقا، كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلىدى. يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە سىرتقا تېپىۋاتقان

غەش، سالقىن بىر خىل تۇيغۇنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تېنىدە يەنىلا تامچە تەرـ دىن ئەسەر يوق ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكى توختاپ قېلىشقا يۈزلەنگەندەك يۈرىكى شۇنچە ئاستا، شۇنچە رېتىمسىز، شۇنچە ئاجىز سوقاتتى. بىراۋ مېڭىسىگە زىخ تىققاندەك مېڭىسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى، كۆڭلى ئاينىيتتى. تامىقىغا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق كەپـ لىشىۋالاتتى. خامۇش، نۇرسىز كۆزلىرى ئۇدۇل تەرەپكە — دۆڭ ئۈستىگە تىكىلدى. بويۇنلىـ رى قايرىۋېتىلگەندەك، بىراۋ بوغۇۋاتقاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ بارلىق ماغدۇرىنى ئىككى بېلىكىگە يىغىپ، دۆڭ ئۈستىگە قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. بىر... ئىككى... ئۈچ... تۆت... بەش... ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ئۆزىگە شۇنداق كوماندا بېرىپ يۇقىرىغا ياماشتى. گەرچە ئۇ بار ئاۋازدا ئېيتىۋاتسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەمەس، پەقەت ھېس قىلىپلا ئۆمىلەپ كېتىۋاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوغۇق، شۇنچە غۇۋا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. توختاپ قالما! ئۆمىلە! بىر غۇلاچلا قالـ دى... قىرىق بەش... قىرىق ئالتە... ئۇ ئۆزىگە شۇ بۇيرۇقلارنى ئۈنلۈك ئاۋازدا قىلدى. قانداقتۇر بىرخىل يېڭىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۇلغىدى. ئۇ ئۆمىلەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ كۆزىدە پەقەت دۆڭ ئۈستىگىچە بولغان ئارىلىقنى كۆزلەيدىغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئۇچقۇنى ئۇچقۇندايتتى. ھەربىر سۈرۈلۈشتىن ھايات، ئۈمىد ئۇقۇمىنى ۋە ئىشەنچنى ھېس قىلاتتى. ئاتمىش بەش... ئاتمىش ئالتە... ياشا...! ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەنە شۇ كۆز ئالدىدىكى غەلىبىدىن لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى پەقەت بىر قەدەم نېرىدىغا ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋازىنى ئەمدى ھېس قىلىپ ئەمەس، قۇلىقى بىلەن ئېنىق ئاڭلىدى.

ئۇنىڭ چىرايلىرى پۇرۇشكەنىدى. ئۇنىڭ توم بىلەكلىرى، قۇمغا پاتقان قولىنىڭ بېـ غىشلىرى قۇمنى سىقىمداپ تۇتقانىدى. ئەمما تولىمۇ بوش تۇتقانلىقتىن، قۇملار قولىنىڭ بېغىشلىرىدىن شىرقىراپ چۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قۇم دۆڭى ئۈستىدە دۈم ياتقىنىچە خامۇش كۆزلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئالدى تەرەپكە — ئۇپۇق يەر بىلەن باغاشلاشقان نۇقتىغا تىكتى.

سۇ — ھاياتلىق. مەن ئەمدى ھايات قالدىم! ئۇ شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىرىغىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھاياتلىق زەپىرىدىن لەرزىگە كەلدى، دەل شۇ مادار، دەل شۇ ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسى ئۇنىڭ ماغدۇرسىز، زەئىپ تېنىنى يەردىن غۇلاچىغەك ئېگىزلىككە كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەقىقە ئىچىدە ئاتا ـ ئانىسى، كىشىلەر توپى، سالقىن ئىستىراھەتخانىلار، ئوماقىقىنە قىزلار... تىزىلىپ ئۆتتى. دەل شۇ خىل ئىنىقلىش ئۇنىڭ قەددىنى رۇسلىدى. ئەمدى ئۇ قۇم دۆڭى ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك قاپلاپ كەتتى. ئۇنى ۋەھىمە باسـ تى. ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ جىسمىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇ تىكىلگەن نۇقتىدا سەلەڭ بالقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جۇلالىرى كۆز قاماشتۇراتتى، ئىنتىلدۈرەتتى. شۇ جۇلالار زەررىسىدە ھاياتلىق ھەم ماماتلىق، راست بىلەن يالغان، قورقۇنچ ۋە ئارام، ۋەھىمە ـ خاتىرجەملىك. بەتبەشىرلىك — گۈزەللىك مۇجەسسەم ئىدى. ئۇنى ئەمدى دەھشەتلىك خىياللار، ۋەھىمىلىك ئويلار ئىگىلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋەھىمە ـ قورـ

قۇنچىدىن چەكچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ تېنى زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپتەك پېژىلداپ كۆيگەندەك بولدى. تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئۇيۇق گۆمۈرۈلۈپ، يەر كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ قولىنى قۇمغا پاتۇرۇپ، تېنىنىڭ يەرگە قايتىدىن قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالدى. ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ تىنىقلىرى تەرتىپسىز چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېقىپ چىققان قان جىگەر رەڭگىدە ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇيۇغان قىسمى جىگەردەك لىغىلداپ تۇراتتى، ئۇ ئۆز تومۇرىدىكى بارلىق قانلارنىڭمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قېتىپ قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. ھەر بىر سەكنىشتىن جىسمىنىڭ ئوت بولۇپ يانغىنىنى تۇيدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىياللىرى چېچىلغانىدى. ئۇ خۇددى گۇناھىنى تىلەپ تىزلانغان ئاجىز بىچارىدەك دۆڭ ئۈستىدە ئىككى قولىنىڭ ياردىمى بىلەن بېشىنى پەس قىلغىنىچە ئۈنسىز تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئاپتاپنىڭ قىزىق تەپتى ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىنى قىزغۇچ مىس رەڭگىگە كىرگۈزگەنىدى. ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۆردىنىڭ كۆزلىرىدەك نۇرسىز، قورقۇنچلۇق، كۆرۈمسىز، ئىپادىسىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشتىن ئۇچقۇن زەررىچە چاقنىمايتتى. ئۇ ئۆزىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئۈمىدسىزلىك خىتابىنى — ئۆزىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئەمدى شۇنچە بەتبەشىرە كۆرۈنۈشكە ئۆزگىرىپ، تەقى - تۇرقى ۋە سىماسى باشقىچە تۇس ئالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوغۇق، شۇنچە يېقىمسىز ئىدى. ئۇنىڭ گەز باغلىغان لەۋلىرىدىن قويۇق قانلار ئېقىپ چۈشتى. ئۇ شۇ قانلارنى شالاپشىتىپ يۇتاتتى. يۇتقاندىمۇ كۆزلىرىنى شۇنچە تەستە چەكچەيتىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، بار كۈچىنى تامىقىغا يىغىپ يۇتاتتى. يەنە يىغلاشنى داۋاملاشتۇراتتى... ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامچە ياش چىقمايتتى. ئۇنىڭ تېنىدە ھەم تامچە تەردىن ئەسەر يوق ئىدى.

ئۇ ۋەھىمىگە تولغان كۆزىنى سەلەپتىن ئۆزمەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە پاشا غىڭشىغاندەك بىر ئاۋازدا شۇلارنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى: ئەگەر مەن بىر بۆركۆت بولغان بولسام ئۇ چاغدا بۇ پايانسىز چۆلدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇچۇپ ئۆتكەن بولاتتىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈنلەي چىقماي قويدى. ئۇ ھەر قانچە دىققەت قىلىپ ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۆز ئاۋازىنى پەقەتلا ئاڭلىيالمىدى، پەقەت ئۆز ئاۋازىنى ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزىنى ھېس قىلىپ چۈشىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە تېخىمۇ چىرماپ، قورقۇنچ جىسمىنى قاماللىدى. كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولدى. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېگەن دەرىجىدە ماماتلىق ۋەھىمىسىدىن چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭ كۆزىدەك ئالىيىپ پارقىراپ كەتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ بوينىغا مىنگەشتى. ئەمدى ئۇ سۆزلىرىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى:

ئەگەر مەن ئات بولغان بولسام ئۇ چاغدا كۆزلىگەن نىشانىمغا — ھاياتلىق دىيارىغا تېزلا يېتەلىگەن بولاتتىم! ئەگەر مەن تۆگە بولغان بولسام... ئېھ، ئۇ چاغدا تەشنالىق

مېنى ئەسىر قىلالمىغان بولاتتى. لەنەت ساڭا تەبىئەت! مېنى ئىنسان قىلىپ ياراتقىنىڭغا، ئەگەر ئادەم ئۆلۈپ قايتا تىرىلدىغان قانۇنىيەت بولسا، قايتا تىرىلىشتە مەن ئىنسان بولۇپ يارىلىشنى رەت قىلىمەن. سەن ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتىڭ؟ مانا شۇنداق ئازابلاپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى باشقا ھايۋانلارغا نامايىش قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ ئۈستۈنلۈكىڭنى نامايىش قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ راست، سەن مېنى چاڭگىلىڭغا ئالدىڭ، ئۆلۈم دەھشىتىنى كۆز - كۆز قىلدىڭ. مېنىڭ ئاجىز تېنىمنى مەسخىرە قىلىۋاتقانسەن بەلكىم... سەندىن ئۆتۈنەي، مېنى ئۆز قوينىڭغا ۋاقتىنچە، ئالما! مېنى ساقلاپ قال. مەن ساڭا باش ئۇراي! ساڭا چوقۇناي!! ساڭا مەدھىيىلەر ئوقۇي. ياش تېنىمنى نابۇت قىلما! مېنىڭسىزمۇ تويۇنۇپ تۇرۇپسەن. مەن تەۋۋا قىلاي! سېنىڭ ئۈستۈنلۈكىڭگە قەسىدىلەر توقۇي. دەل شۇ چاغدا ئۇ ئۆز سىماسىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭ ئەسلى تۇرقى، ئادەملىكى قاياقىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ شەكىلسىز، سىماسىز بىر بەتبەشىرىگە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۆشۈك داسنىڭ ئاۋازىدەك يېقىمسىز ئاۋازىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئاۋاز پەقەت ئۇنىڭ ئىچكى سېزىمىدىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاۋاتاتتى...

«مەن ئىنسان. سېنىڭ ئاجىز بەندەڭ. بىز توپتىن ئايرىلساق ھالاكەت بىزنى قوچاقلايدۇ. ۋەھىمە باغرىمغا باسىدۇ. ئۆلۈم لېۋىمىزگە سۆيىدۇ. بىزدە قۇرتتەك غەيرەت، چۈمۈلىدەك ئىپتىخار، ماي قوڭغۇزىدەك كۈچ - قۇدرەت، تېرىقتەك ئىشەنچ يوق...»

ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ياقتۇرماي قويدى. ئۆز جىسمىغا تۆرەلگەندىن بۇيان تۇنجى رەت نەپرەتلە ئوقۇدى. ئۇنىڭ ماغدۇرسىز تېنى تۇرۇشقا، مىدىرلاشقا، ھەتتا قىمىرلاشقا ئىمكان بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئۇپۇققا تاقاشقان چەكسىز قۇم چوڭ بىر بەتبەشىرە مەخلۇق بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ قۇملار خىلمۇ خىل شەكىللەردە تۇرلۇك - تۇمەن سىمالارغا كىرەتتى. بەزىدە ۋەھىمىلىك، دەھشەتلىك تۇس ئالسا، بەزىدە شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە ئۇماق تۇس ئالاتتى. چەكسىز قۇملۇق ئۈزلۈكسىز چاقناۋاتقان جۇلالىرى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ باغرىغا چاقىراتتى. ئۇ بىردە ئۇنىڭغا ئىنتىلسە، بىردە دەھشەتتىن تىترىگەن تېنىنىڭ ۋەھىمىلىك خىتابىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن يالتىياتتى. ئۆزىنى قاياقىدۇر يوشۇرۇشنى ئويلايتتى. ئۇ بەتبەشىرە چىرايلارنىڭ ھەيۋەتلىك چاقىرىقلىرىنى، گۈزەل لاتاپەتلەرنىڭ نازلىق خىتابلىرىنى ئاڭلىدى. پىژغىرىم ئىسسىق ئۇنىڭ تېنىنى كۆيدۈرۈپ مىس رەڭگە كىرگۈزگەن، ئۇ بېشىنى تۆۋەن تۇتقىنىچە ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ۋەھىمە، ئەجەل، ئۆلۈم بولۇقى — چەكسىز قۇملۇققا باش ئېگىپ يالۋۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشىنىكسىز ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار بەزىدە بوغۇق، دەھشەتلىك، بەزىدە زىل، يېقىملىق ئىدى. ئۇشۇ ئاۋازلاردىن خىلمۇخىل سىمالارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تۇخۇم سېرىقى رەڭگىدىكى تۇمانلار ئىچىدىن توكلۇك قوللار چىقىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سالاتتى. بۇ قوللارنىڭ بەزىلىرىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. بەزىلىرىدە

خۇددى ئۇنىڭ بۇرنىدا ئۇيۇپ قالغان قويۇق، قارا-قاندەك قانلار ئۇيۇپ قالغا-
نىدى. ئۇنىڭ تۈكلىرى يۈرەككە خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك سانجىلاتتى. بەزى قوللار
تولىمۇ چىرايلىق، بۇدرۇق، ئاپئاق، يۇمشاق ئىدى. ئەنە شۇ قوللارمۇ ئۇنى تۇمانلار
ئىچىگە — شەكىلسىز سىيمالار ئىچىگە تارتاتتى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن چۆچۈپ
تۇراتتى. ۋەھىمىگە چۈشەتتى. قارا باسقاندەك شۈركىنەتتى، دەھشەتتىن سىلكىنەتتى.

ئۇ ئالدى تەرەپكە نۇرسىز كۆزلىرىنى ئاغدۇرۇپ شۇنداق دەھشەت بىلەن ۋارقىرى-
دىكى، ئۇنىڭ يېنىدا ئادەم بولسا بۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالايتتى. ئۇ ئۆزىدىن بىر قەدەملا
نېرىدا ئۆزىنىڭ ئاپئاق ئاقارغان ئىسكىلىتىنى كۆردى. ئۇنىڭ باش قىسمى يەر چىش-
لىگەن، بىلەك سۆڭەكلىرى قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىگە مەھكەم چاپلاشقان، پۇتا سۆڭەكلى-
رى بولسا قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى ئىنچىكە ۋە ئاجىز بولۇپ،
خۇددى چوكىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنىڭ قۇراشتۇرمىسىمۇ پەقەت كىچىك
مودېل ئىسكىلىتتىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئۇ ئۆز سۆڭەكلىرىدىن ئۈمىدسىزلىكنىڭ
چۈشىنىكسىز سىيماسىنى، يەرچىشلىگەن باش سۆڭىكىدىن قورقۇنچنى، چېچىلىپ ياتقان
جىسمىدىن ئاجىزلىقنىڭ غالىبلارچە ھىجىيىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئىسكىلىت ئۇ-
نى ئۆز يېنىغا چاقىرىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قانداقتۇر ۋەدىلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. ئۆزلىرىگە
بىر قىسما تۇس بېرىشىپ، ئۆز ماكانلىرىنى ماختىشىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ
تارتتى، قورقۇنچ چەمبىرىكىنى ئۆزىنىڭ بوينىغا تاشلاپ سۆرىدى، ئۇ بۇ دەھشەتنى
كۆرۈپ چەكچىيىپ قالدى. ئۆز ۋۇجۇدىغا چاڭ سېلىۋاتقان شۇ خىل سىيمالارنى تونۇۋال-
غۇسى كېلىپ، ئۆز بەدىنىگە سەپسېلىپ قاراپ قويدى. كېلىشكەن بەستى، تولغان
كۆكرىكى جايىدا ئىدى. ئۈمىدسىزلىك، دەككە-دۈككە، ۋايساشلار، ئاجىزلىق، يۈرەكزا-
دىلىك ئۇنىڭ جىسمىغا چاپلاشقانىدى. ئۇلار ئۇنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن
تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى.

ئۇ شۇنىڭغا ھەم ھەيران قالدى. ئۇنىڭ جىسمى سايىسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
قاباھەتتىن ھەسسىلەپ ئاجىزلىشىۋاتقىنىنى سەزدى. قۇملۇق ئۇنىڭ تېنىنى سېھىرلەپ،
ئۆز قوينىغا سۈمۈرۈۋاتاتتى. بەتبەشىرە كېلەڭسىز سىيمالار ئۇپۇقتىن پەسكە ئوقتەك
شۇڭغۇپ، ئۇنىڭ جىسمىنى تىلغاۋاتاتتى. يوكسەك قۇدرىتى بىلەن گەجگىسىدىن بېسىپ
قۇمغا پاتۇرۇۋاتاتتى.

ئۇنىڭ بەدىنى، قولى، تىزلانغان پۇتلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەشكە باش-
لىدى. شۇ تىترەكتىن ئۇنىڭ روھى ئاستا-ئاستا ئويغىنىپ باراتتى. مۆجىزىدەك
تەڭداشسىز قۇدرەت ئۇنىڭ باش قىسمىدىن تېشىپ كىرىپ يۈرەك قەپىسىدە توختىدى.
دەل شۇ قۇدرەت ئۇنىڭغا ھايات ئۇقۇمىنى سوۋغا قىلدى. كۆزلىرىگە روشەنلىك نۇرىنى
سەپتى. ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ھاياتلىق توغرىسىدىكى ئۇقۇملار ئىچىدىن ئۆز
سىيماسىنى تاپالىدى. ئۇنىڭدىكى خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك بۇ ئۇقۇملارغا پەقەتلا يېزىل-

مغالىدى. ئۇ چۆچۈپ كەتتى. شۇ چۆچۈشتىن، قۇدرەتتىن تامچىلىغان قۇۋۋەت
ئۇنىڭ پۈت - قولىغا مادار بەردى. كۆزلىرى روشەن كۆرۈشكە باشلىدى. قۇياش نۇرى
ئۇنىڭ تېنىگە تېشىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قاراسلاپ كەتتى. ئۇنىڭ
جىسمى لاغىلداپ، جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. نۇرلار ئۇنىڭ تېنىنى تىلدى. نۇر-
غۇن چېكىتتەك جۇلالىغان نۇرلار قوْمغا سىڭدى. ئۇنىڭ بېشى قايدى، پەكىرلەر ئۇنىڭ
كاللىسىنى يېرىپ چىقىشتى. يۈرىكى ئەمدى قۇۋۋەتلەندى، قېتىشقان قانلىرى ئەمدى
سويۇلۇپ، تومۇر - تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياسىدى، ئۇنىڭ بەدىنىنى لەرزىگە سالدى. ماغ-
دۇرسىز تېنىدە ئەمدى چەكسىز قۇۋۋەتنى سەزدى.

ئادەم ئۈمىدسىزلەنسە كىشىدىن سايىمۇ قاچىدىكەن... ياق - ياق! ياشاش كېرەك.
تىركىشىش كېرەك. شۇ چاغدىلا مەن ئادەملىكىمنى ساقلاپ قالالايمەن. ئۈمىدسىزلىك
مەندىكى ھەممە نەرسىنى ئوپقاندەك يۇتۇۋەتكۇدەك. روھىمنىمۇ، جىسمىمنىمۇ، ئىنسانىي
خۇسۇسىيىتىمنىمۇ ئەنە شۇ بىچارىلىك، ئامالسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك يۇتۇپ كەتكۇدەك. ئۇ
شۇنداق دەپ پىچىرلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى بىرنەچچە قەدەم نېرىغىچە ئاڭلاندى.
ئۇنىڭ ئاۋازىدا شۇنچە كەسكىنلىك، ئويغانغان روھنىڭ خىتابى مۇجەسسەم ئىدى.

«جىسمىمنى يۇتۇپ كەتسە مەيلى، لېكىن روھىمنى يۇتۇپ كېتىشى مەن ئۈچۈن
ئەڭ چوڭ ھاقارەت! مەن ئىنسان، شۇنداق بولغىنىم ئۈچۈن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشۇم
كېرەك. مەن تەبىئەت ۋەھىمىسىدىن ئەمەس، تەبىئەت مېنىڭ روھىمدا شەكىللەنگەن
روھىي يۈكسەكلىكىمدىن ۋەھىمىگە چۈشسۇن. ماڭا ئەل بولسۇن. مەن ئۇنىڭدىن ئۈس-
تۈنلۈكۈمنى ساقلاي. ئىنساننىڭ يۈكسەكلىكىنى نامايىش قىلاي. قول ئىلكىمگە ئالاي!
شۇ چاغدىلا مەن تەبىئەتنىڭ ۋۇجۇدۇمنى دەھشەتلىك لەرزىگە سېلىۋاتقان، ماڭا قاراپ
بەتبەشىرە بىلەن غالىبلىقنى نامايىش قىلىپ قاھ قاقلاپ كۈلۈۋاتقان روھىنى بەربات
قىلالايمەن. تىركىشىش كېرەك. جەڭ ئېلان قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تىنىقلا
كۇپايە!

شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا «ئىشەنچ — ھايات» دېگەن سۆزلەر كىرىپ كەلدى. ئۇ
سۆزلەر ئۇنىڭ خىيال دىيارىنىڭ ئەڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. «مەن غالىبمەن. مەن
ھەممىدىن ئۈستۈن. تەبىئەت مېنىڭ ئىلكىمدە...» ئۇنىڭ ئاۋازى چەكسىز قۇملۇقنى
چاڭ كەلتۈردى. ھەممە جايغا تارالدى. ئوپۇقنى لەرزىگە سالدى. ئۇنىڭ سىيماسى،
ئوبرازى قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ جىسمىدىن قايتا ئورۇن ئالدى. ئەمدى ئۇ ئۆپچۆرى-
سىدە غالىبلىق — يۈكسەكلىك. ئۈمىدۋارلىق ۋە شۇنداق روشەن ئىشەنچ مۇجەسسەم
بولغان قۇدرەتلىك، يۈكسەك ئىنسان روھىنىڭ ئۇنىڭ قولىنى ھۆرمەت بىلەن تۇتقىنىنى
ھېس قىلدى. بەدىنىدە تاشقىنلاۋاتقان كۈچ - قۇدرەتنى سەزدى. ئەتراپىدا ئالىيجاناب،
يۈكسەك سىيمالارنى كۆردى. ئۇلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ جىسمىنى يۆلىدى. ئۇنىڭغا ھايات-
لىق ناخشىسى ئېيتىپ بەردى. بۇ ھاياتقا، ئىشەنچكە ئىنسان غالىبلىقىغا
ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭغا دەھشەت سالغان، روھى-

نى قاباھەتلەندۈرگەن، ئۇنى بويسۇنۇشقا بۇيرۇغان، بەتبەشىرە چىرايلىرى بىلەن
ئۇنىڭ تېنىنى تىترەتكەن تەبىئەت شۇنچە بىچارە، شۇنچە ئاجىز، شۇنچە كۈچ ـ قۇدـ
رەتسىز بولۇپ كۆرۈندى. قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك ئاۋازلارمۇ يوقالدى. ئۇنىڭ ئورنىـ
نى ئىنسانغا ئوقۇلغان لىرىكىلار قاپلاپ كەتتى. ئۇ ئۆز بەدىنىدىكى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ
سالمىقىنى تونجى رەت سەزدى.

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇنىڭ تىزلىرىدا قۇملار چاپلاشقان
بۇدۇر ـ بۇدۇر سۇ قاپارتمىلىرى لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ ئاغرىقنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ سىزىتـ
ۋاتقىنى يۈكسەكلىكتىن پەيدا بولغان سېھرى لەززەت ئىدى. بۇ لەززەت ئۇنىڭ جىسمىنى قاپـ
لاپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزغۇچ مىس رەڭگىگە كىرگەن تېنىنى قۇياش قىزدۇرۇپ باراتتى. ئۇ سۈس
ئۇپۇقتا ئۆز روھىنىڭ بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ تېنى ھاياتلىق
نىشانىغا ئاتلىنىۋاتقان چاپقۇر ئاتتەك ئالدى تەرەپكە ئۇندەيتتى، ئۇ ئەمدى ئۇسسۇزلۇقنى
سەزمىدى. تامچە ـ تامچە تەرلەر ئۇنىڭ تېنىدىن تېپىپ چىقتى. بۇرنىنىڭ ئۇستى، ھەتتا
قول بېغىشلىرىمۇ چىپىلداپ چىقىۋاتقان تەر تامچىلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتتى.
ئۇ تەر تامچىلىرىدىن ئۈمىد ـ ئىشەنچ سىمالىرىنى كۆردى. ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان
گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازلارنى، قاھ ـ قاھ كۈلكىلەرنى، بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاقنىڭ
ئاۋازىنى، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا شاۋقۇنىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ سايىسى ئەمدى
پۈتۈن قۇملۇقنى قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى
ئۇپۇق بىلەن زېمىن گىرەلەشكەن تەرەپكە قادالدى، قۇدرەتلىك پۇتلىرى يەرنى ئويۇپ ـ
ئويۇپ دەسسەپ ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىدە چوڭقۇر ئىزلار
ئويۇلۇپ قالاتتى. شۇ ئىزلار ئىچىدە ئۇنىڭ بەدىنىدىن تەپچىگەن تەرلەر يالتىراپ تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر    كامىل تۇرسۇن

ئەركىن ئەمەت

# ھۇقۇش



(ھېكايە)

كەچ كـۈز بولـۇپ قالـغان بولسىمۇ
هاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. مۇھەممەت
يېرىم كېچىدە تەرلەپ ـ تەپچىرەپ ئويغىـ
نىپ كەتتى. قانچە قىلىپمۇ قايتا ئۇخلىيال-
مىدى. ئىچـى سىقىلـىپ تۇراتتى. بەلكىم
ئۇنى كۇندە ئاڭـلىنىدىغان ئاۋاز ئويـغىتىۋ-
ۋەتكەندۇ. ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلغاندەك
قىلىۋىدى، قاراڭـغۇدا ئۇ ھېچ نـەرسىـنى
كـۆرەلمىدى. قوش قاناتلىق ئىشىك بارماق
پاتـقۇدەك ئوچـۇق تۇراتتى. يـوچـۇقتىن
سـۇس سوغۇق نۇر چـۈشۈپ، ئۆينىڭ باشقا
يەرلىرىنى قاراڭغۇ كـۆرسىتىپ قويـغانىدى.
ئەتـراپ تىمتـاس، چاشقاننىڭ تىرىقشىتقان
ئاۋازىمۇ ئاڭـلانمايتتى. باشـقىلار ياندىـكى
ئـۆيدە ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئوڭدا
يېتىپ تـورۇسقا قاراپ كەتـتى. شۇ تاپتـا
لىمدىـكى قارلىغاچ ئۇۋىسـىنى كـۆرگىـلى
بولمايتتى. ئۇ قايـتا دۈم يېتىپ، ئىشـىك
يـوچـۇقىدىن سىرتـقا قارىـدى. ئۇ تېخـى
بايـىلا يوتقانغا چىلىك پـۈركىنىۋالغانىدى.
شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى سىرتقا
تارتـقاندەك قىلغانىدى. بىراق قـەيېرىدىن
ئۆتۈپ تارتقانلىقىنى ئىلغا قىلالمىدى. شۇنـ
داقتىمۇ ئۇ، ئۆزىنىڭ تارتـىلغانلىقىغا ياكى
جەلىپ قـىلىنغانـلىقىغا بەك ئىشىنـەتـتى.
ئالـدىدا چاقـىردى. لېـكىن نېمـىدەپ
چاقىردى؟ ئاۋازى قانداق؟ ئۇ ھېچ نەرسـ
نى دەپ بېـرەلمەيـتتى. ئاۋاز ئەرنىڭمۇ
ياكى ئايالنىڭمۇ ئۇنىمـۇ بىلەلمىدى. ئىشقىـ
لىپ مۇھەمـمەت دېگەن ئىسمىنىڭ بىر بوغۇ-
مى ياكى باش ھەرپى رىتىملىق ھەم ئۈزۈلۈپ-
ئۈزۈلۈپ ئاڭلانغاندەك قىلغانىدى. شۇنداقـ
تىمۇ ئۇ چاقىرىلغىنى چوقـۇم مېنىڭ ئىسـ
مىـم دەپ ئويلىدى. ئۇ بىرەرسىنىڭ مـۇنـ
داق تاۋۇش چـىقىرالىشىغا ئىشـەنـمـەيتتى.
ئاۋازدا ئادەمنى ئـۆزىگە تارتىدىغان بىر
خـىل كـۈچ بار ئىدى. بۇ زادى نـېمـە
ئىشتۇ؟ ئۇ ئاۋاز ئىشىك قىسـىلچىقىدا يېـ
رىم قىسىلىپ قالغاندەك چىققانىدى. ئۇنىڭـ
غا بىرى ئىشىك ئالدىدا سـۆكۈتتە تۇرغانـ
دەك، ئۆزىنىڭ بىئـارام بولـۇپ، رىتىمسىز
سوقۇۋاتقان يـۈرەك تاۋۇشىنى تىڭشاۋاتقانـ
دەك بىلىنىـپ كەتتى. مـۇھەمـمـەت دۈم
ياتقان پېتى ئۇزاق تىڭشىدى. ئەتراپ يەنىلا
جىمجىت، ھېچقانداق ئاۋاز يوق. ئۇنىڭ نېـ
رىپلىرى چارچاپ مـۇنداق دىققـەتتە تۇر-
رۇشتىـن زېرىكتى. ئۇ ياستـۇق تـېگىدىكى
پىچاقنى سىلاپ قويدى.

كـۆزى ئەمدىلا ئۇيقـۇغا ئىلىنىۋىدى،
ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، كۆزۈمنى ئاچماسلىقىم
كېرەك، بولمىسا يەنە يىتتـورۇپ قويىمەن،
دەپ ئويلىدى ئۇ، بىـراق شۇ تۇيغـۇغا
كەلگەندىن تارتىپلا ئاۋاز قۇلاق تـۈۋىدىن
غايىپ بولدى. ئۇ، چۈشىمۇ كۆرمىدى، ئۇنى
قارىمـۇ باسمىدى. يەنە شۇ كـۈچ سىرتقا
ئاستا سۆرەيتتى. سىرتتا شامال بولمىسىمۇ

ئىشىك قانتى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىپ تۇراتتى. بۇنى ئىشىك يوچۇقىدىن كىرگەن نۇرنىڭ بىردە يورۇغىناپ، بىردە تارىيىۋاتقانلىقىغا قاراپ بىلدى. بۇ كىم؟ ئاۋازچۇ؟ كۆرۈنمەس بىر مەخلۇقمۇ ياكى خاتا تۇيغۇمۇ؟ ھەممىسى ئەمەس. بىراق شۇنداق بىر نەرسە چوقۇم بار. ئۇ بۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى. ئىشىك ئالدىدا ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ مۇھەممەت سىرتقا چىقىپ قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. خىيالغا ئالۋاستىلا كېلىۋېلىپ ئۇنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئۇ يەنە يوتقانغا پۈركىنىۋالدى. خىيال، تەشۋىشلەر ئۇنى قويۇپ بەرمىدى. يوتقان ئىچىدە بەدەن پۇرىقى پۇراپ تۇراتتى. راست، ئۇنىڭ پۇرىقى بارمىدۇ؟ ھەي، ئۇ بىچارە ئىشىك تۈۋىدە كېچىچە ساقلاپ مەندىن زادى نېمە كۈتىدىغاندۇ؟

* *

ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالماي تۇراتتى. تېنى مۇزلاپ پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئۇنى يەنە بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز چاقىردى. سىرتقا تارتقاندەك قىلدى. ئۇ يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ پەسكە چۈشتى ۋە ئارىسالدى بولۇپراق ئىشىكنى ئاچتى. سىرت سوغۇق ھەم سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ، بارلىق تەشۋىشلەر يوقالدى. ئۇ ئازادە بولۇپ قالدى. ئازراقمۇ توڭلىغاندەك قىلمىدى. كۈندۈزدىكى قالايمىقان ئىش-ھەرىكەتلەردىن چارچىغان نېرۋىسى يارقىنلىشىپ كەتتى. بىرى ئۇنى يېتىلىۋالدى. ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى. پەقەت بۇرنىغا بىر خىل گۈلنىڭ ھىدى پۇرىدى. ئۇ قايسى گۈلنىڭ ھىدى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

ئۇ، ھويلىدىن چىقىۋاتقىنىدا تۈگۈلۈپ ياتقان ئىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. كەڭ دالا ۋە يالىڭاچلىنىپ كەتكەن دەل-دەرەخلەر ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. بىلىنەر-بىلىنمەس شامال چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ ئېتىز قىرلىرىدا ماڭدى. قۇرۇپ قالغان يانتاق خوخىلاردىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمايتتى. ئەتراپ قاغجىراق ھالەتتە كۆرۈنەتتى. تورغاي ئۇۋىسى يېنىدىن ئۆتكەندە تورغايلار ئۇچۇپ كەتمىدى، ئۇ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. قويۇق بىر پارچە جىگدىلىكتىن ئۆتتى. شاختا قالغان جىگدىلەر ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى، يولغۇن، يانتاقلىق دالىغا چىقتى. مۇھەممەتنىڭ كۆڭلىنى چەكسىز ئازادىلىك قاپلىۋالدى. ئۇنى مۇنداق ھۇزۇرلاندۇرغان كىمكىنە؟ سەزگۈ ئەزالىرى ئۇنى يۇمشاق بىر قولنىڭ ئۆزىنى يېتىلەپ مېڭىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۇنى قۇچاقلىغۇسى كەلدى. بىراق ئۇنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. ئۇ ئۆزىنى ھازىرلا ئاي نۇرىغا سىڭىپ كېتىدىغاندەك سەزدى.

سايىنىڭ بىر چېتى كەڭ توغراقلىققا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردە دىۋانىلەر ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سىياقاللىق بىرى ئۆچۈپ قالغان گۇلخان ئەتراپىدا تىزىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ھېلىلا ئويغانغان بولسا كېرەك، قولىدا سۇس ئىس چىقىپ تۇرغان تاياق تۇراتتى. ھاروۋا چا-

قىغا باغلاپ قويغان قېرى ئىتمۇ ئۇخلاپ
قالغانىدى. ئۇنىڭ قويندا ئىككى كۈچۈكىـ
تۇراتتى. ئۇلارمۇ تولا سوكۇلداپ ھېرىپ
كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇستىيېپىقلىق ھارۋىدا
چىرايلىق كەلگەن بىر ئايال لەۋلىرىنى يې-
رىم ئېچىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ تاتلىق چۈش
كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، لەۋلىرىدە تاتلىق
كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنەتتى. مۇھەممەتنىڭ
سۆيۈپ قويغۇسى كەلدى. بىراق، يېتىلىنىپ
كېتىپ قالدى. ئۇ ساقاللىق دىۋاننى چوڭ
دادىسىغا ئوخشاتتى. چوڭ دادىسى دائىم
ئاشۇنداق ئۇخلاپ قالاتتى. چوڭ دادىسى
بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ بىراق
ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ھازىرغىچە ئىشەن-
گۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ماڭاتتى، نەگە بې-
رىشىنى ئويلىمايتتى. پەقەت ماڭغۇسىلا كې-
لەتتى. ئۇ دېڭىزغا ئوخشاش كەڭ كەتكەن
سۇ بويىغا كەلدى. سۇ ئاجايىپ سۈزۈك
ئىدى. ئاي نۇرى سۇ يۈزىگە كۈمۈشتەك
نۇرلىرىنى سەپكەنىدى. سۇ يۈزىدە ئازراقمۇ
داۋالغۇش يوق. تېخى مۇز توڭمىغانىدى. ئۇ
قىرغاققا يېقىن كەلگەندە قىرغاققا چىقىۋالغان
بېلىقلار قاچمىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ سۇغا كىر-
دى. سۇ سوغۇق ئەمەس ئىدى. تىزىغىچە،
بېلىگىچە كىردى. سۇ ئاخىرى ئۇنىڭ كۆك-
رىكىگە كەلدى. ئۇ ئاستا غولچىنى كېرىپ
ئۈزدى. سۇ ۋىلىقلاپ كۈلگەندەك ئاۋاز
چىقىراتتى. ئۇ بېلىقلارنىڭ بەدىنىنى غىدىق-
لاپ ئۆتكىنىنى سەزدى. ئۇخلىمىسىغا يېتىۋې-
لىپ بىردەم تۇردى. بۇ دۇنيادا پەقەت
ئاسماندىكى ئاي ۋە ئۆزى باردەك ھېس
قىلدى. ئۇ ئالدىچىلاپ ئۈزۈپ سۇ ئىچىگە
شۇڭغۇپ كىردى. سۇ ئىچى سارغۇچ كۆرۈ-
نەتتى. بېلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بېلىق-
لارنىڭ كۆپى ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەپىسى

قىسىلمىدى. ئۇ قانداقلا ئۈزمىسۇن سارغۇچ
يۇملاق شارچە ئىچىدە تۇرغاندەك بىلىنەت-
تى. ئۇ سۇ يۈزىگە چىقىپ قارىۋىدى، قىر-
غاق ناھايىتى يىراقتا قاپتۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ
يەردىلا ئۆلۈپ كەتكۈسى كەلدى. مەن سۇغا
چۆمۈلمىگىلى ئۇزۇن بوپتىكەن، ئۇ يۇيۇ-
لۇپ ئاي نۇرىدەك سۈپسۈزۈك بولۇپ كەت-
تىم، دەپ ئويلىدى. بالىلىق چاغلىرىدا
تولا سۇغا چۈشىدىغان لاي سۇدا بولسىمۇ
مەيلىدى، بىراق ئۇ چاغلاردا مۇنداق يال-
غۇز، مۇنداق راھەتتە چۆمۈلۈپ باقمىغانىدى.
زادى كىمدۇ مېنى چاقىرىۋاتقان. ئۇ
ئىشىك يېنىدا ئۈن - تىنسىز تۇردى. قىش-
نىڭ سوغۇق كېچىلىرىمۇ، يازنىڭ دىمىق
كېچىلىرىمۇ تۇردى. باشتا ئۇنى خاتا تۇي-
غۇم ياكى چۈشەكەش دەپ ئويلىدى. ئاخى-
رى ئۇنى تەبىئەت قويىنغا ئېلىپ چىقتى.
ئۇ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ يالغۇزلۇق ھېس
قىلمايتتى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سەگەك،
نورمال ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى.
بەدىنى ئىللىق ھارارەتنى سېزەتتى. ئۇنىڭ-
دىكى يۇرت - ماكان، ۋاقىت - پەسىل چۈ-
شەنچىسى تۇتۇقلىشىپ كەتتى. ھېچقانداق
روھىي بېسىم، تۇرمۇش غەملىرى قالمى-
دى. مەڭگۈ مۇشۇنداق بولسا، ھەرگىز كۆن
چىقمىسا، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. بىراق
ئۇ چاغدا نېمە قىلمىتى، ھايۋاندىن پەرقى
نېمە؟ ياشاشنىڭ ئۆزى باشقىلار كۆرگەن
چاغدا ئاندىن ئىسپاتلىنامدۇ؟
مۇھەممەت بۇ سەھرانى كۆرگەندەك
ئەمەسىدى. ئۇ ئەگرى - بۈگرى كوچىلاردا
مېڭىپ يۈردى، بىرەر ئىتمۇ قاۋاپ ئالدىغا
چىقمىدى. ئۆيلەر پاكار - پاكار ۋە رەتسىز
بولۇپ، بىر خىل مالىمانچىلىقنى ئەسلە-
تەتتى. ئەتراپتىن ئۆلاغلارنىڭ قىغى پۇراپ

تۇراتتى. باغلار ئاللىبۇرۇنلا يالىڭاچلىنىپ قالغان بولۇپ، غەمكىن كۆرۈنەتتى. بىرەر ئاچ قالغان قويمۇ مەرەپ قويمىدى. مەھەللە سىرتىغا چىققاندا ئۇنىڭغا كەڭ كەتكەن مازارلىق ئۇچرىدى. ھەممە يەر ئېگىز-پەس ئىدى. ئۇ توختاپ قالدى. قۇلىقىغا شىۋىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلدى. يۈرىكى دۇزلىغاندەك بولۇپ، تىترەپ كەتتى. مازارلىقتىن چىققان ئەرۋاھمىدۇ؟ ئۇ ھېچكىمنى ياكى جايىدا تۇرۇشنى بىلمەي، بېشى قېتىپ تۇرۇپ كەتتى. كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. كېيىن ھالسىزلىنىپ ھاردۇق يېتىپ قالغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. شىۋىرلىغان ئاۋاز توختىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بايىقى چېچىلىپ ياتقان سۆڭەكلەر كۆرۈنمەيتتى. پەقەت چوڭ گۈمبەزلەرگە سانچىپ قويۇلغان تۇغلا ئالا-يېشىل كۆرۈنۈپ، بۇ يەردە باشقا رەڭنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن سانچىپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاي نۇرى قەبرىستانلىقنى تېخىمۇ تاتىراڭغۇ قىلىپ قويغانىدى. بىرى توپا دۆۋىسى ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋىدى ئۇ مىدىرلاپمۇ قويمىدى ھەم ئۆزىنىڭمۇ قورقمىغىنىدىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ نېمىدۇر بىر نەرسىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى ياكى دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدى؟

بۇ شەھەر تونۇشلا كۆرۈنەتتى. كوچىلاردا ئاي نۇرى تۇتۇقلاشتۇرۇۋەتكەن چىراغلار غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بىنالار ئارىسىدا ئېگىز تۇمانلار لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يەردە بۇرۇن ماڭغاندەك ھېس قىلدى. لېكىن قاچان ماڭغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. چوڭ بىر دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، چىغىرىيولنى بويلاپ ماڭدى. ئەتراپ ئورمانلىق، قارىغايلار يەنىلا قارىيىپ تۇراتتى. تېرەكلەرنىڭ يوغان غوللىرى ئاقىرىپ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى تۈۋىدىن ئاچا ئۆسكەن بىر تۈپ تېرەككە چۈشتى. ئۇ خۇددى پۈتىنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى. سەل ماڭغاندىن كېيىن ھەر خىل دەرەخلەر ئۇچرىدى. ئۇ بۇلارنىڭ نېمە دەرەخ ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدى. راۋاقلار ئۇچرىغاندا چىغىر يوللار ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كېتەتتى. ئېرىقلاردىكى سۇ جىمجىت ئېقىپ، خۇددى بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئەسلىتەتتى. باغنىڭ بەزى يەرلىرىدىن چەت ياقىلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. قۇرۇپ كەتكەن بىر كۆلچەكتىن ئۆتكەندە ساراي ئۇچرىدى. سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى. قوبۇلخانىسىدا ھېچكىم يوق، ھەم ئاياغ ئىزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇددى ئەزەلدىن ئادەم كىرىپ باقمىغاندەك سۈكۈت باسقانىدى. خانە ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئاياغ تىۋىشىمۇ ئاڭلانمىدى. تۆت ئەتراپىغا يوغان دېۋانلار قويۇلغان، تامغا ھەر خىل رەسىملەر ئېسىلغانىدى. ئۇلارنىڭ قايسى دەۋردىكى ياكى قايسى ئېقىمدىكى ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايتتى. بىرىدە تۆكۈلۈۋاتقان يوپۇرماقلار ۋە ئېقىۋاتقان ئېرىقلار بار ئىدى. ئۇ بۇ رەسىملەرنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. تامنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە چالغۇ ئەسۋابلار تۇراتتى. باش تەرىپىدە ساتار بار ئىدى. ئۇ ساتار ئاۋازىنى تازا ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئېڭىرىغاندەك چې-

قىدىغان ئاۋازىدىن زوق ئالالمايتتى. ئۇ بۇ خانىدىن ئۆتۈپ، قوپ قۇرۇق، بېزەكسىز يەنە بىر خانىغا كىردى. ئاي نۇرى ئۆيگە چۈشۈپ تۇرغاچقا يوپيورۇق كۆرۈنەتتى. ئۆيدە بولۇڭدا ئىشكاپتەك بىر نەرسە تۇراتتى. يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، ئۇ بىر رويال بولۇپ چىقتى. زالدا قانداقتۇر بىر خىل مۇزىكا ئاۋازى باردەك قىلاتتى. ئاۋاز بارغانچە كۈچەيدى. مۇھەممەت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. مۇنداق مۇزىكىنى ئۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. لېكىن كۆڭلىدە شۇنداق بىر مۇزىكا باردەك ئىدى. مۇزىكىدا بىر ئادەم تەسۋىرلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ باتۇر، ئالىيجاناب، بارلىق قىممەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى تەسۋىرلىنىۋاتاتتى. ئىشقىلىپ بۇ بىر غايىۋى ئادەمدەك تۇراتتى. مۇزىكا ئاۋازى پەسلەپ بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى ۋە چۈشىنىكسىزلا يوقاپ كەتتى. ئۇ خودۇقۇپ كەتتى. سەلدىن كېيىن يېنىك قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى.

سىرتقا چىققاندا ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل مەيۈسلۈك قاپلىۋالدى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالدىن گۇمانلىنىپ قالدى. بىر توپ قېرى ئۈجمە دەرىخى ئۈستىدە بىر توپ ھۇقۇش كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار زۇلمەتنىڭ كېتىپ، يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇتەڭغا بۇ بۇرۇختۇملۇق ئېغىر كەلدى. مۇھەممەت بارغانچە ھۇقۇشنىڭ ھۇۋلىشىنى كۈتتى. بۇ قەدىمىي جىمجىتلىقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۈتتى. ھېچقانداق ئاۋاز يوق. ئۇلار خۇددى مازارلىقتا ئەرۋاھنىڭ ھېكايىسىنى ياكى مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئىدى. بىر چاغدا مەجبۇرلانغاندەك مېڭىپ كەتتى. ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە، بىر ئادەم ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئەتراپتا قاڭسىق پۇراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ياتاتتى. ئۆلۈپ قالغان بولمىسۇن، يەنە، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئارقىدىن «ئۆلۈپ قالمايدۇ» دېگەندەك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاي سوغۇق نۇرىنى ئەتراپقا سېپىپ، تۇپراققا نۇرىنى سىڭدۈرەلمەيدى، ئۆزى سەل غۇۋالىشىپ قالدى. تەبىئەت شۇ پېتى قېلىۋەردى. ھېچقانداق نەرسىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. ھۇقۇشمۇ ھۇۋلىمىدى. مۇھەممەت بىر نەرسىنى سورىماقچى بولدى، تىلىنىڭ ئۇچىدا بار ئىدى، لېكىن چىقىرالمىدى. تىت - تىت بولۇپ كەتتى. نېمىنى سورايدىغان بولغىيدى؟ ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتتى، يەنە نېمىنى سورىماقچى؟

مۇھەممەت ئۆزىنى ھويلىدا كۆردى. تۈگۈلۈپ ياتقان ئىت كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى. تورغايلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. يۈرىكى قاتتىق - قاتتىق سوقۇپ كەتتى. تەستە مېڭىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆي ئىچىدىن «كىم» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابلىمىت ھېمىت

# سىدىق كىنوچى

(ھېكايە)

سىدىق كىنوچى 45 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، سېمىز، بۇغداي ئۆڭلۈك كىشى. ئۇ بۇرۇن گوڭشېنىڭ كىنوچىسى ئىدى. ھازىر شەھىرىي كىنوچى. ئۇنىڭ كىنوخانىسى بۇرۇن ئەترەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرى ئىدى. مانا ھازىر ئۇ تاماشىبىنلىرى ئۈزۈلمەيدىغان خېرىدارلىق بىر كىنوخانىغا ئايلاندى.

يېزىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىدا توكنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكى سىدىق كىنوچى ئۈچۈن كاتتا ئامەت. ئادەتتە دېھقانلار ھەممىدىن بەك توكنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. سىدىق كىنوچىنىڭ ئارزۇسى بولسا پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە. چۈنكى يېزىغا توك كېلىپ قالسا، دېھقانلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىدۇ، سىدىق كىنوچىنىڭ تاماشىبىنلىرى ئازىيىپ قالىدۇ، لېكىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا سىدىق كىنوچى تاپاۋەتتىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن، كىنو ئېلانىنى تاختايغا يېزىپ قويغاندىن تاشقىرى، ئۆزى رادىئو كانىيىدا ئاۋازىنى پۈتكىچە ۋارقىراپ، كىنو ئېلانىنى تەكرار-تەكرار ئاڭلىتىدۇ. ئۇ: «بۈگۈن ئاخشام شىياڭگاڭدا ئىشلەنگەن ئەڭ يېڭى چامباشچىلىق فىلىم «شياۋلىن ئىبادەتخانىسى» ئۇيغۇرچە، كۆرۈشكە ئالدىراڭ؛ بۈگۈن ئاخشام شىنجاڭدا ئىشلەنگەن قىزىقارلىق ھېكايە فىلىم ‹مەمەت ھەققىدە پاراڭ› ئۇيغۇرچە. پەقەت بىر مەيدانلا قويۇلىدۇ، ۋاقتىدا كۆرۈۋېلىڭ... دەپ ۋارقىراشقا باشلىسا، يېزا ياشلىرى ئىختىيارسىز كىنوخانىغا يۈگۈرەيدۇ. بەزى كۈنلىرى يېزىغا توك كەلمەي قالسا، سىدىق كىنوچى ۋارقىراپ ئاۋارە بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. كىنوخانىسى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدۇ. گېنېراتور بىلەن كىنونى قويۇۋېرىدۇ. خوتۇنى سارەممۇ بوش ئايال ئەمەس. ئۇ كىنوخانىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا ئورۇندۇقنى قويۇپ ئولتۇرۇپ، كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرنىڭ پۇلىنى بىر ئامال قىلىپ يىغىۋالىدۇ. چوڭلاردىن بىر كوي، كىچىك بالىلاردىن بەش موھەتتا بىر موچەن ئېلىپ بولسىمۇ كىنوغا كىرگۈزۈۋېرىدۇ. ئىش قىلىپ ھېچكىمنى كەتكۈزمەيدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن ھەر ئاخشىمى كىنوخانىغا تەخمىنەن چوڭ-كىچىك بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم كىرمەي قالمايدۇ. 80 — 90 كوي كىرىم بولىدۇ. ئون يىلدىن بېرى سىدىق كىنوچى خېلى كۆپ پۇل تاپتى. لېكىن كىنوخانىنى بىرەر قېتىممۇ رېمونت قىلدۇرمىدى. ئۇنىڭ كىنوخانىسى 1960 - يىلى كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۆي بولۇپ ھازىر كونىراپ، تاملىرىنىڭ شۇۋاقلىرى سويۇلۇپ كەتكەنىدى. تامنىڭ ھەممە يېرىنى چاشقان - كۈسەيتكىلەر تېشىپ، ھۆتتۈك-تۆشۈك قىلىۋەتكەن، تورۇسقا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتقان، كۈنپېتىش تەرەپتىكى بىر تېمى يەر تەۋرىگەن چاغدا دەز كەتكەن، ئورۇندۇقلىرى بولسا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، لاي بىلەن ئاندا-ساندىلا سۇۋاپ قويۇلغان، ئېكران ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان

تام ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئاقارتىلمىغانلىقتىن، كورۇنۇشلەر غۇۋا كۆرۈنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي سىدىق كىنوچىنىڭ تاماشىبىنلىرى زادىلا ئازىيىپ قالمىدى.

كۆتۈلمىگەندە سىدىق كىنوچىنىڭ تەلىيى يەنە ئوڭىدىن كېلىپ قالدى. بۈگۈن ئۇ ناھىيىلىك كىنو شىركىتىدىن بىرقانچە يېڭى كىنو فىلىملىرىنى ئېلىپ، «خوندا» ماركىلىق موتسىكلىتىنى ئۇچقانداق تېز ھەيدەپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى-دە، خوتۇنىغا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى ئىشىمىز راسا ئاقىدىغان بولدى خوتۇن، بازاردىن ساڭا يېڭى خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم!

— قانداق خۇش خەۋەر ئۇ، — دېدى سارەم ئېرىگە قاراپ، — چاققان دېسىڭىزچۇ ئادەمنى تولا تەقەززا قىلماي.

— سەن ئاڭلىساڭ چوقۇم خۇش بولىسەن، — سىدىق كىنوچى بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئىسىنى ھاۋاغا پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ناھىيە باشلىقلىرى يېزىلاردىكى سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ بىر ئايغىچە، كۈندۈزى يېزىغا كېچىسى شەھەرگە توك بېرىشنى قارار قىپتۇ.

— ۋاھ، نېمە دېگەن ياخشى گەپ بۇ! ئۇنداقتا سومكام پۇلغا لىق تولىدىكەن-دە، — دېدى سارەم خۇشال بولۇپ.

— مېنىڭچە، — دېدى سىدىق كىنوچى خوتۇنىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — ئەمدى ھېلىقى سومكاڭ كىچىكلىك قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى چوڭراق سومكىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، — دېدى سارەم ئېرىنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي، — بۇرۇن شۇ سومكامۇ پۇلغا تولمايتتىغۇ!

— بۇرۇن بىر ئادەمدىن بىر كوي ئالغان بولساڭ، بۈگۈن كەچتىن باشلاپ بىر ئادەمدىن بىر كوي بەش مو ئالىسەن، پۇلنى تولۇق تاپشۇرمىغانلارنى كىنوغا كىرگۈزمەيسەن. شۇنداق قىلساڭ چوڭ سومكىمۇ ئەلۋەتتە پۇلغا لىق تولىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم. چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دېدى سارەم ئىتائەتمەنلىك بىلەن.

سىدىق كىنوچىنىڭ ئېيتقىنىدەك، كەچتە يېزىغا توك كەلمىدى. يېزىلىقلار كىنوخانىغا سەلدەك ئاقتى. سىدىق كىنوچى تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ گېنېراتورنى ئىشقا سېلىپ، كىنو ئاپپاراتىنى سەھنىگە توغرىلىدى. سارەم ھېلىقى غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا ياغاچ ئورۇندۇقىدا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، كىنوغا كىرگۈچىلەردىن ساق بىر كوي بەش مو ئېلىپ بويىنىغا ئېسىۋالغان لاتا سومكىسىغا تۇتام-تۇتام پۇللارنى سېلىشقا باشلىدى. بەزىلەر قىممەت بولۇپ كېتىپتۇ دەپ چەتتە تۇرۇپ غودۇڭشۇپمۇ باقتى. لېكىن، سارەم ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى. كىنو باشلانغاندىن كېيىن، ھېلىقى غودۇڭشىغانلار ئەتراپىغا قاراپ قويۇشۇپ، ئاخىرى كىنوغا كىرىشتى.

كىنو تۈگىگەندىن كېيىن، سىدىق كىنوچى ئۆيىگە كىرە-كىرمەيلا ئالدىراپ خوتۇنىدىن سورىدى:

— قانداق، سومكا پۇلغا تولدىمۇ؟

— تولدى، تېخى پاتمىغىلى تاسلا قالدى، — دېدى سارەم ھىجىيىپ، — ساناپ باقە، زادى نەچچىلىك پۇل بوپتۇ، — دېدى سىدىق كىنوچى پۇلنىڭ سانىنى بىلىشكە قىزىقىپ.

— 180 كوي بوپتۇ، — دېدى سارەم سومكىسىدىكى ھەممە پۇللارنى ساناپ بولۇپ.

— يارايسەن خوتۇن، ئەگەر ھەر كۈنى كەچتە مۇشۇنداق بىر سومكا پۇل يىغالىساڭ، بىر ئايدا گەپ يوق تۆت-بەش مىڭ كوي پۇل تاپالايمىز، — دېدى سىدىق كىنوچى ياشقىچىلا خۇشال بولۇپ.

شۇ كۈندىن باشلاپ سىدىق كىنو-

(ئاخىرى 160 - بەتتە)

ماھۇت زايىت

# مۇھەببەتتە گۈزەلدۇر ئالەم

1

مەن بۇگۈن يار — چېھرى گۈلگۈندىن جۇدا،
چېچى بوستان — تالى مەجنۇندىن جۇدا.
خۇلقى زەققاس، پاكلىقى غۇلمان سۈپەت،
قەددى زىبا، قولى ئالتۇندىن جۇدا.
ئارىمىزدا نەچچە دەريا، نەچچە تاغ،
بولدى خانەم كۈلكە، يالقۇندىن جۇدا.
ئۇ ئىدى جىسمىم ئۈچۈن ئابىھايات،
بىر بېلىقمەن سۇ ۋە دولقۇندىن جۇدا.
نۇر ئالاتتىم مەن ئۇنىڭدىن ئاي بولۇپ،
ئەمدى قەلبىم ئاسمىنى كۈندىن جۇدا.
سالدى ھىجران نە ئۈچۈن بىزگە پەلەك،
كۆز يېشىم بولماسمۇ كەلكۈندىن جۇدا؟
سەۋرى قىل ماھۇت، ۋىسال كۈلگەي ھامان،
بولمىساڭلا جاندىن، ئەلكۈندىن جۇدا ...

2

ئۇچرىدى يولدا گۈزەل دىلدار قىز،
نە ئېرۇر ئىنسان، پەرى ئۇزار قىز.
كۆرسە گەر خىزىر ئازار تەسبىھىدىن،
قىلغۇسى چاكىنى خىزمەتكار، قىز.
ماگدى ئاھۇدەك يېنىك تاشلاپ قەدەم،
يۈزى خۇرشىد، كۆزلىرى خۇمار قىز.
غۇلغۇلا چىقتى گويا بازاردا:
«چۈشتىمۇ كۆكتىن بۇ ئاي رۇخسار قىز؟!»
قارىشىپ قالدى يىگىتلەر لال بولۇپ،
رەشكتە ئۆرتەندى ئالاي - بىسيار قىز.
قېرىلار تەشۋىشتە، دەپ: «كۆز تەگمىگەي،
ئېھتىۋالسۇن بويىنغا تۇمار قىز»
پەخىرلەن ماھۇت، دىيارىڭ ھۆرىدىن،
بەخت، ئەگەر بولسا ساڭا نىگار، قىز ...

3

قىلدى مەپتۇن مېنى بىر ساھىبجامال،
ھۆسنى - سۈلكەتتە ئەجەب تاپقان كامال.
قورشىغاندەك قەلئەنى سانسىز قوشۇن،
قىلدى قەلبىم قەسرىنى ئىشقى قامال.
قانچە قىلدىم، بولمىدىم بەندىتىن خالاس،
يوق ئىكەن سۆيگۈ ئوتىغا ھېچ ئامال.
قاچتى ئۇيقۇ، ئىشتىھا ... رىزقىم پىغان،
باشتا سۆيدى، ئاخىرى قىلدى ئۇۋال.
جاندىن ئۆتتى بۇ ئەلەم - كۈلپەت ماڭا،
نۇر - قۇياشلىق كۈندۈزۈم بولدى زاۋال.
قېنى خۇش چاقچاق يىگىتلىك مەندىكى،
باستى دىل خانەمنى دەردلىك ئوي - خىيال.
ماھۇت ئەيتار: پۈتتى سەۋرۇ - تاقىتىم،
قىينىما بۇنچە مېنى، كۆرسەت ۋىسال.

4

نامە ئەۋەتتىم ئەي پەرى پەيكەر،
بولسۇن ماڭا دەپ مەڭگۈگە دىلبەر.

ئاھۇا مەسەللىك زىبا جانانىسەن،
ئاقىزلار ئىچىدە نۇرانى كۆھەر،
ھۆسنىڭ قۇياشتۇر، قەلبىڭ پەرىشتە،
سەن ـ سەن گۈزەللىك كۆكىدە ئەختەر.
ياقتى نىگاھىڭ قەلبىمگە ئاتەش،
تارقاتتى بۈيۈك ئىپارۇ ـ ئەنبەر،
ماڭغان چېغىڭدا خىلۋەت كوچامۇ
نۇرلۇق يۈزۈڭدىن بولدى مۇنەۋۋەر،
قىلغان ئىدى بەند تۇنجى مۇلاقات
غۇنچە لېۋىڭدىن تۆككەچكە كەۋسەر،
يازغىن جاۋابنى، قىل شادۇ ـ خەندان،
ۋەسلىڭگە مامۇت بولسۇن مۇيەسسەر.

5

يەر بىنا بولغاندا مەنمۇ بار ئىدىم،
تۇنجى ئادەم ئاتىغا ھەمكار ئىدىم.
ئىشق تىغى تەگكەندە ھاۋا ئانىغا،
مەن ئۇنىڭ كۆكسىدىكى ئوت ـ نار ئىدىم.
بولدى ئاشىق بىر كۆرۈپ يەرنى قۇياش،
كۈن ـ زېمىنغا مەنمۇ بىر دىلدار ئىدىم.
قىلدى پايىمال خانۇ ـ بەگ، پۇلدار مېنى،
زۇلمەتى دەۋراندا ئەركسىز ـ خار ئىدىم.
مېنى دەپ ئايرىلدى كۆپلەر جېنىدىن،
كۆپ ئەسىرلەر بەخت ـ ۋىسالغا زار ئىدىم.
ئۆتتى مىلىيارد يىل، يەنە مەن نەۋقىران،
ئاشۇ تارىخ يولىدا تۇلپار ئىدىم.
مەن دېدىڭ مامۇت مۇھەببەت سۆزىنى،
ئۇرما لاي، ئېيتقىن: ئۇنىڭغا يار ئىدىم.

6

قالغانىدىم تىلەپ ئاق يول، مۇبارەك،
خوش كېلىپسەن قايتىپ ئۇدۇل، مۇبارەك.
باقار ئىدىم يوللىرىڭغا تەقەززا،
لېۋى غۇنچە، چېچى سۇمبۇل، مۇبارەك.
ئۇنتۇماپسەن ساداقەتلىك يارىڭنى،
سۆيۈندى جان، يايراپ كۆڭۈل، مۇبارەك.
بوپتۇ قۇتلۇق، شان ـ ئۇتۇقلۇق سەپىرىڭ،
يارىشىپتۇ مىنىگەن دۇلدۇل، مۇبارەك.
قارشى ئالدىم ئىچىپ ساڭا قۇچاقنى.
قەددى سەرۋى، رۇخسارى گۈل، مۇبارەك.
تۈگەپ ھىجران، كەلدى بەخت ئەييامى،
گۈل شېخىغا قوندى بۇلبۇل، مۇبارەك.
مامۇت ئېيتار: ساداقەتلىك سۆيگۈدە
بولغاي مۇراد ـ ئارزۇ مەقبۇل، مۇبارەك...

7

ئۆمۈرنىڭ باغىدۇر پەرزەنت،
يۆلەنچۈك تاغىدۇر پەرزەنت.
ئۇ بار خانە ئاۋات، قۇۋناق،
كۆڭۈل خۇشچاغىدۇر پەرزەنت.
ئاتا كۆكلەر، ئانا ياشنار،
گۈلى، ياپراغىدۇر پەرزەنت.
ئۇ يوق ئۆي گۆر ـ مازار گويا،
كى ھىجران داغىدۇر پەرزەنت.
ئۆمۈرلۈك ئۇ بىلەن جۈپلەر،
ۋاپا بۇلاغىدۇر پەرزەنت.
ئۇ بولغاچقا ئىزىڭ ئۆچمەس،
كۆزۈڭ قاراغىدۇر پەرزەنت.
دېگىن مامۇت: ھاياتىمنىڭ
قۇياش چىراغىدۇر پەرزەنت...

8

مەيلىلا سەنسىز ئۆتەي دىلدارىسىز،
دېمىگەيمەن شۇندا مەن تاق ـ يارىسىز،
ياشىماس بۇلبۇل بولۇپ دوست زاغ بىلەن،
ئالىماس ئۇ قالسىمۇ گۈلزارىسىز،

يۈرىكىم ئاغرىيدۇ ھەر باقسام سىزگە،
ئۆتكىنىم خوپ بەدبەشەر رۇخسارىسىز.
بەك ئازابكەن يەتسە يارىڭدىن سەتەم،
بولسا ئۇ تۈزكور، ھەسەتخور، ئارىسىز.
كۆردى مەندىن ياخشىلىق، ھېچ بىلمىدى،
قىش ئىكەن قەلبى ئۇنىڭ باھارىسىز.
دەپتىمەن: مۆمىن، ۋاپالىق مەشۇقۇم،
ئۇ ئىكەن ۋەھشىي جوھۇد — زۇننارىسىز.
پەندىيات بولدى ساڭا ماھۇت بۇ ئىش،
ئەمدى ئۆمرۈڭ ئۆتكۈسى ئازارىسىز...

**9**

مېھرىلىك باقتىڭ قاراپ، بەرمە جاۋاب،
مۇشۇ مېنىڭ سۆزگە تاۋاپ، بەرمە جاۋاب.
سۆيگۈدە ئىزھارغا يوق سۆز ھاجىتى،
كۆزلىرىڭ بەردى جاۋاب، بەرمە جاۋاب.
چىن ۋاپادىن ئۆتتى دەرس ھەر بىر نىگاھ،
مەست ئۆزۈم ئىچمەي شاراب، بەرمە جاۋاب.
جىلۋىلىك تىلسىز نىگاھىڭ — قەسىمىڭ
ماڭا زەپ قالدى ياراپ، بەرمە جاۋاب.
شۇ نىگاھ يەتكۈزدى ئارمانغا مېنى،
بولمىسا ھالىم خاراب، بەرمە جاۋاب.
پۈتتى ھىجران تۈنلىرى، پارلاپ قۇياش،
جۇت - تۇمان كەتتى تاراپ، بەرمە جاۋاب.
يازدى نىگاھ خېتىنى بىر جۈپ كۆزۈڭ،
بەختىيار ماھۇت شۇ تاپ، بەرمە جاۋاب.

**10**

ئاي مەسەللىك بىر پەرى جانان ماڭا،
نەدە جانان، مەن قۇلى، ئۇ خان ماڭا.
مېھرىبان، ئىللىق ئىدى، توي ئالدىدا،
رام ۋە بەند قىلغان قۇرۇپ قاپقان ماڭا.
توي ئۆتۈپ، بولدى «شېرىن ئاي» بەك شېرىن،
كۆرۈنۈپ كەتتى ھايات رىزۋان ماڭا.
ئاھ، نېتەي، باشلاندى كۈنلەش، جەڭ - جېدەل
بولدى ئۆي گوياكى بىر زىندان ماڭا.
قوپىدۇ دەججال - قىيامەت، قايسى چاغ
قىلسا گەپ زاتى ئايال ئىنسان ماڭا.
بولدۇم ئورۇقلاپ كېسەلگە مۇپتىلا،
ئىچىنار دوستلار بولۇپ ھەيران ماڭا.
دەيدۇ ماھۇت كۈندە يۈزمىڭ پەندىيات،
يار ئەمەس، ھەمراھ ئەلەم - ئەپغان ماڭا...

**11**

بولدى ھەر خىل بۇ ئۆمۈر ئىزھارىم مېنىڭ،
گاھ شادىيانە، گاھ مۇڭلۇق ئەشئارىم مېنىڭ.
تۆت مۆچەللىك مەنزىلدىن ھالقىپ كەتتى ياش،
چاپتى گاھ تېز، گاھ ئاستا تولپارىم مېنىڭ.
ئۆتمەيدىكەن بۇ ھايات ھەمىشە بىر خىل،
گاھ قۇياشلىق، گاھ جۇتلۇق باھارىم مېنىڭ.
غەيرىلەردىن كۆردۈم گاھ ياخشىلىق، شەپقەت،
رەقىب بولدى بەزىدە دوست - يارىم مېنىڭ.
ئۇزۇن يىللىق ئۆمرۈمدە بىدار ۋاقتىم كۆپ،
توختىمىدى سايراشتىن دۇتارىم مېنىڭ.
قىراۋ قوندى بېشىمغا، يۈرەك تېخى ياش،
ھېلىمۇ بار ئۆرلەشكە مادارىم مېنىڭ.
دەيدۇ ماھۇت: بەختلىك قىلدى زىيارەت،
ئەل ئالدىدا يورۇقتۇر رۇخسارىم مېنىڭ...

**12**

مۈلكى ئەمەس ھېچكىمنىڭ جاھان ھەرگىز،
بولسا ھەتتا پەيغەمبەر، خاقان، ھەرگىز.
مەيلى ئۆتسۇن راھەتتە يا جاپادا،
كىرەلمەكەي مىڭ ياشقا ئىنسان ھەرگىز.
ئامال ئىزدەپ، تىرىشىپ باقتى كۆپلەر،
قالالمىدى ئۆز پېتى قىران ھەرگىز.
ئايلىنىدۇ يەر - قۇياش، ئۆتەر يىللار،

ئوخشاش، بىر خىل تۇرمايدۇ زامان ھەرگىز.
دۇنيا دېگەن قونالغۇ نەچچە كۈنلۈك،
ئۆي ـ سارايىنى بۇزمىغاي مېھمان ھەرگىز.
سەنمۇ مامۇت زىمىنەتلە بۇ قەسرنى،
سالما ئەسلا ئۇنىڭغا زىيان ھەرگىز...

13

ئەي بۇۋى، بىچارە قىزغا دېمە «سۇف»
«سۇف» تە بار نە چارە قىزغا، دېمە «سۇف»
ئۇ ساقايماس قانچە ئايىت ئوقۇساڭ،
بۇ ئازاب ھەر بارە قىزغا، دېمە «سۇف»
«بىرسى قەست قىلغان،ــ دېدىڭ،ــ زەڭگى
سېرىق»
سىر ئايان بىمارە قىزغا، دېمە «سۇف»
ئۆرلىگەن ئىشىق ئوتىدا قىزىتمىسى،
يۈرىكى مىڭ پارە قىزغا دېمە «سۇف»
ئايرىدى ئۆگەي ئۇنى ئۆز يارىدىن،
ئىشلىرى دىشۋارە قىزغا دېمە «سۇف»
ئېيت ئۆگەيگە، ئۇنى ۋەيران قىلمىسۇن،
باغرى قان ھەم يارا قىزغا دېمە «سۇف»
«دادا!» دېگەچ مامۇت زۇغۇيلار ئۇستىدىن.
قىلدى پاش ـ ئاشكارا، قىزغا دېمە «سۇف»

14

قىش كۈنى ياغسا لەپىلدەپ، ياغسا قار،
سېزىمەن قەلبىمدە قايتا گۈلباھار.
ئۆي بېغىم كۆڭلۈم كەبى ئاپئاق، سۈزۈك،
دەل ـ دەرەخلەر ئاق چېچەكلىك گۈلئۇزار.
دېمىگىن سەھرا، بۇ يەرنى، بەك ئاۋات،
قىشتا يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس پەيزى بار.
باشلىنار ھەر ياقتا قارلىق بەزمىسى،
جابدۇنار مەشرەپكە خۇش خۇي شوخ يىگىتلار،
كۈندۈزى قىزدىدۇ ئوغلاق بەيگىسى،
چاپىدۇ تىزگىن سېرىپ ئاتلار قاتار
كەچتە ئۆيگە يىغىلار نۇغقانۇ ـ دوست،
جۆر بولار ناخشا ـ ئۇسسۇل، مەيگە دۇتار،
بولمىغاچ مامۇت دىلىدا قىش جۇتى،
ئۆمرى ئۆتمەكتە خۇشال ۋە بەختىيار...

15

ئەقىل ئەھلىگە ئالەم ـ كائىنات داشۆ،
نە ئالەم، بەلكى سەھرا ـ چۆل ئاۋات داشۆ.
مۇرەككەپ، كەڭ بىلىمنىڭ كانىدۇر تۇرمۇش،
ئۇ بولغاي سەندە بولسا دىت ـ سۇبات داشۆ.
كامالەت ــ ئۆگىنىش، جۈرئەتكە تالىق ئىش،
بېرەلمەس ھەممىگە ئوخشاش ئىقانات داشۆ.
نادان، ھورۇن ئالالماس قىلچىلىك بەھرى،
تىرىشچانلىغا بېرەر نەپ ـ تەلىمات داشۆ.
داشۆنى كۆرمىگەن ئالىم، ئەدىب نۇرغۇن،
بىراق بولغان ئۇلارغا ئىجتىھات داشۆ.
ئۆگەنگەچ ئۆزلۈكىدىن ئىلىمىنى، گوركىي
ئۇلاردىن ئالدى نۇرغۇن كەشپ ـ ئىجاد داشۆ.
كىرەلمەيسەن ئۇنىڭغا، ئالىما دوستۇم،
تىرىش، ئىشلە، ساڭا تۇرمۇش ــ ھايات داشۆ...

16

ئىجادكار ــ تۆھپىكار ئەر قالمىغاي ياغۇز،
خەلق ھۆرمەتلىگەي، ئۇ بولمىغاي ياغۇز.
نادانلار يەكلىسە پاكى ھەسەت قىلسا،
كۈلۈپ قويغاي، پېسەنتكە ئالمىغاي ياغۇز.
مىسال، جەم بولسا بىرتوپ ئىت قىلىپ ھەيۋە،
يېگانە شىر كۆزىگە ئىلمىغاي ياغۇز.
قۇرۇق گەپتە ئەمەس تۆھپە ــ كەشپ ئىشتىن،
پىلىك ھايىسىز چىقراغمۇ يانمىغاي ياغۇز.
ئومۇمغا ئىخلاس جاھاننىڭ سەنئىتى گەنجىنە
بىراۋنىڭ ئەجرىدىنلا تولمىغاي ياغۇز.
كۆڭۈل كۆكسى بولار كەڭ تۆھپىكارلارنىڭ،
شەرەپنى ئۆزىنىڭلا قىلمىغاي ياغۇز.

ئىجادىيەن ئەھلىگە ھەمكار خەلق، ئەۋلادە
كېلەچەك قەسرىنى سالمىغاي ياغۇز...

17

مەرد، ۋىجدانلىق كىشىگە يارىشار سۆيگۈ،
ساختا بولسا، نەپرەتكە ئالمىشار سۆيگۈ.
ياشىيالماس سۆيگۈسىز ھايۋانمۇ ھەتتا،
بېرەر جىمى ئالەمگە نۇر، باھار سۆيگۈ.
بار ئاشىقلىق، ئانىلىق مېھرى قۇشىمىز،
ئىنسان ئۇچۇن ئۇت يالقۇن، ئىپتىخار سۆيگۈ.
سۆيگۈنىڭ بار جاپاسى، گۈلنىڭ تىكىنى،
ئېيتەر ئاشىق - مەشۇقنى بەختىيار سۆيگۈ.
يۇرت زىمىستان، ئەل ئۆلۈك سۆيگۈ ئۇتىسىز،
قىلدى زېمىن چۆلنى لالىزار سۆيگۈ.
سۆيگۈ بولماي ياڭرىماس ھايات ناۋاسى،
ناخشا، ئەمگەك، كەشپ - ئىجاد، كۈچ - مادار
سۆيگۈ.
تۈگىمگەي ئىلھامىڭ بىر ئۆمۈر، ماموت،
تاپقاچ جېنىڭ، جىسمىڭدا بەرقارار سۆيگۈ.

18

ئۆچتى ئاھ، قەلبىم كۆكىدىن بىر قۇياش،
جۇپ كۆزۈمدىن ئاقتى دەريا قان ۋە ياش.
تىقتى ماتەم تىغىنى كۆكسۈمگە چەرخ،
ئەزرائىل باغرى ئىكەن گوياكى تاش.
ئايرىلىپ قالدۇق ئانا، سەندىن بۈگۈن،
سوغ توپا، كېپەن ساڭا بولدى فىراش①
يىغلىشار سىڭلىم، ئىنىم پەرياد ئۇرۇپ،
ئېزىبدۇ دىلنى ئۇلارغا ھەر قاراش.
ھالىمىزغا ئېچىنار ئىنسان - مەلەك،
خار ئېيتىم بىز، ئۇرنىمىز كىملەرگە باش؟
يۇرۇشەر تۇقساندىن ئاشقانلار ھايات،
سەن ئەجەب كەتتىڭ جاھاندىن بەكلا ياش.
ئېيتتى داد، ماموت، ئەجەلنىڭ ئۇستىدىن،
يوق ئىكەن ئۇندا ئېھىر، شەپقەت، ئاياش...

① فىراش — تۆشەك

19

ھەر دىيارنىڭ ئۆزگىچە قىش - يازى بار،
ھەر گۈزەلنىڭ خاس تەبەسسۇم - نازى بار.
ئوخشىماس مىللەت، زامان بىر بىرسىگە،
ھەر دەۋرنىڭ ئۆز مۇقامى — سازى بار.
خىلمۇ خىل خۇلقۇ - پەزىلەت، ئىش - ھۈنەر،
بارچە كەسىپنىڭ پىرلىرى — ئۇستازى بار.
ئۆلچىمە بىرلا قېلىپتا ھەممىنى،
پەن - ئىجادنىڭ قانۇنى، ئەندازى بار.
كۆرمىگەن بىرنى ئېگىز، بىرنى تۆۋەن،
ھەر ئەدىبنىڭ باشقىچە پەرۋازى بار.
بىر كىشىگە، بىر ئەسەرگە مىڭ باھا،
بارچىسىنىڭ چوققىسى، ھەمرازى بار.
ماموت، ئەجرىڭ تاپقۇسى ئادىل ھۆكۈم،
كەلگۈسى بار، خەلق ئىسمىلىك قازى بار...

20

بىر پەرىزات ماڭا: ئەي ئادەم، دېدى،
ئەقلۇ - ھېكمەتتە بېرەي ياردەم، دېدى.
بىرى ئالەم، بىرى سۆيگۈ قىرىماس،
يوق مۇھەببەتكە زاۋال — ماتەم، دېدى.
شاد ياشا، قۇت - سۆيگۈنىڭ پەيزىنى سۈر،
بول نىگارىڭغا سېخى ھاتەم، دېدى.
دەرد - ئازاب، ھىجران ۋاقىتلىق قارا چۈش،
تەگرى سۆيگۈ ئەھلىگە ھەمدەم، دېدى.
تۇرۇشەنغۇ ياش پېتى ئەللىكتىمۇ،
كۈيلىگەچ ئىشقى غەزەل ھەردەم، دېدى.
يار ئۇچۇن يالقۇندا كۆي، دەريادا ئاق،
بول جاپالار ئالدىدا بەردەم. دېدى.
سۆيگۈسىز ئىنسان ئۆلۈك، مۇزدۇر زېمىن،
پاك مۇھەببەتتە گۈزەل ئالەم، دېدى...

1991 — 1993 - يىللار، گۇما — ئۈرۈمچى

مەخمۇتچان يەنە قەلبىنۇرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ئۇ خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسى، تەقدىرىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قو-
يۇپ، ئازاب - ئۇقۇبەتتىن قوتۇلالمايۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىن تۇرمۇشىدىكى ئوڭۇشسىز-
لىقلىرى ئۇنى قەيسەر، ئەشتۇرۇشى مۇمكىن، — دېدى نۇربىيە.

بىر مەيدان تانسا ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەخمۇتجان نۇرىماننى تانسىغا تەكلىپ قىل-
دى. نۇرىمان تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. مەخمۇتجان ئوڭ قولى بىلەن نۇرىماننىڭ بېلىدىن
تۇتتى. هازىر ئۇنىڭ تۇيغۇسى بايا نۇربىيە بىلەن تانسا ئوينىغان چاغدىكىگە ئوخ-
شىمايتتى. نۇرىمان سۇس چىراغ نۇرى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرمەي، كىچىك قىزلار-
دەك نازاكەتلىك هەم تارتىنچاقلىق بىلەن مەخمۇتجانغا ئەگىشىپ ئوينايتتى. نورىمان
بۈرۈن مەخمۇتجانغا سەل مەيۈس، غەمكىن هەمدە ئېھتىياتچان كۆرۈنگەنىدى. بۈگۈن
كەچ مەخمۇتجان ئۇنىڭ مۇلايىم، نازۇك، سۆيۈملۈك تەرەپلىرىنى يېڭىدىن بايقىغاندەك
بولدى. نورىماننىڭ پىگورىسى شۇنچە كېلىشكەنىدى، چوڭقۇر هېسسىياتلىق كۆزلىرى-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز قاڭشاسى، يۇمشاق لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسى مەخمۇتجاننى
قايىتا مەپتۇن قىلدى. شۇ ئەسنادا مەخمۇتجان ئۆزىنى - ئۆزى ئەيىبلىدى. بۈرۈن نۇ-
رىمان بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمدا پەقەت توي قىلىشنىلا تەكىتلەپ، قىزغىن هېس-
سىياتىمنى ئىپادىلىمەپتىمەن. نۇرىمانغا بەلكىم بۈرۈنقى بەختسىز نىكاھىم سەۋەبىدىن
يات جىنسقا بولغان ئىنچىكە، نازۇك هېسسىياتلىرىم يوقىلىپ كەتكەندەك، پەقەتلا بىر
ئايال بىلەن توي قىلىپ، يېنىمدىكى مەنىسىز بوشلۇقنى تولدۇرماقچى بولغاندەك تە-
سىر بەرگەن بولۇشۇم كېرەك، نۇرىماننىڭمۇ ئالدىرىماي جاۋاب بەرمەكچى بولغىنى مۇ-
شۇ سەۋەبتىن ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدى مەخمۇتجان تانسا ئويناۋېتىپ.

— مەخمۇتجان، — دېدى نۇرىمان گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقانلىرىنى سەز-
گەندەك، — نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

مەخمۇتجان چۆچۈپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئالاقزادە بولدى. بىر دەمدىن
كېيىن:

— قىلماقچى بولغان نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك قىلىدۇ، بىراق دېيەلمەيۋاتىمەن، —
دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمىنى ئويلىغان بولسىڭىز شۇنى دەۋەرمەمسىز! — دېدى نۇرىمان ئۇنى
ئىلھاملاندۇرۇپ.

— كېيىن ئاستا - ئاستا پاراڭلىشىۋالايلى، قالغانلارنى قارىتىپ قويساق سەت
بولمىسۇن، — دېدى مەخمۇتجان تانسىنى توختىتىپ.

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مېھمانلارمۇ تارقاپ كەتتى. مەخ-
مۇتجان ئەسلى مېھمانخانىغا كەتمەكچى ئىدى، بىراق بۈگۈن كېچە ئۇنىڭ زادى كەت-
كۈسى كەلمىدى. نۇرىمانمۇ ئۇنى كېتىشكە زورلىمىدى.

ئۇلار گەپ قىلماي جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئاخىرى نۇرىمان جىمجىتلىقنى بۇ-
زۇپ سۆز ئاچتى:

— مەخمۇتجان، سىزدىن بىر ئىشنى سوراي.
— سوراڭ.
— سىز نېمە ئۈچۈن مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟ قىزلىرىڭىزغا يېڭى ئاپا تېپىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ؟
مەخمۇتجان بېشىنى چايقىدى.
— ئۇزۇن كېچىلەردىكى يالغۇزچىلىق ۋە زېرىكىشىڭىزنى تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ؟
مەخمۇتجان بېشىنى يەنە چايقىدى.
— ئەمىسە سەۋەبىنى ئېيتىپ بېقىڭا.
مەخمۇتجان نۇرىمان سورىغان مەسىلىلەرنى ئىلگىرى ئەستايىدىل ئويلاپ چىققانىدى. ئۇ يۇقىرىدىكى ئامىللارنى ئىنكار قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ نۇرىماننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئورۇندۇقتىن سەل سۈرۈلۈپ نۇرىماننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:
— نۇرىمان، مېنى چاكىنا ئەرلەردىن ئىكەن دەپ چۈشىنىپ قالماڭ، مەن گۈزەل ھەم چىرايلىق مۇھەببەت سۆزلىرىنى دېيىشكە ماھىر ئەمەس. دەردمەننىڭ دەردىنى دەردمەن بىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. مەن سىز بىلەن ھەمدەرد بولۇشنى خالايمەن، ئىككىمىزلا بىر قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقان، ھەر ئىككىمىزگە مەيلى روھىي جەھەتتە بولسۇن، مەيلى جىسمانىي جەھەتتە بولسۇن بىر يۆلەنچۈك كېرەك ... — دېدى-دە، نۇرىماننى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. نۇرىمانمۇ قارشىلىق بىلدۈرمەي ئۆزىنى مەخمۇتجاننىڭ باغرىغا تاشلىدى. مەخمۇتجان تىترىگەن ھالدا نۇرىماننى سۆيدى. ئۇلارنىڭ چۆلدەرىگەن لەۋلىرى بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ كەتتى.

## 10

قەلبىنۇر نۇرىماننىڭ ياردىمى ئارقىلىق بىر مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتى. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە باراتتى. باشقىلار بىلەنمۇ ئانچە ئارىلاشمايتتى.
شۇ مەكتەپتە قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئىككى ياشلىق ئوغلى ئون يىل ئىلگىرى ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇنى باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئىدرىس مۇئەللىم دەپ چاقىراتتى، قەلبىنۇرمۇ ئىدرىس مۇئەللىم دەپ چاقىرىدىغان بولدى. ئىدرىس مۇئەللىم قەلبىنۇرغا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلاتتى.
بىر كۈنى قەلبىنۇر دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرۈپ، بىر نۇقتىغا كۆز تىككىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى.
بۇنى كۆرگەن ئىدرىس مۇئەللىم:
— نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ مىجەزىڭىز يوق بولسا دەرسىڭىزنى مەن ئۆتۈپ قوياي، — دېدى. قەلبىنۇر چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— ياق، ياق ھېچنېمە بولمىدىم، — دەپلا دەرسكە كىرىپ كەتتى. ئۇ باشقا
مۇئەللىملەر نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئىدىرىس مۇئەللىمنىڭ باشقا بىر مۇددىئاسى
بارمۇ يا، دەپ گۇمانلىنىپ قالدى.

شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە، ئىدىرىس مۇئەللىم قەلبىنۇر بىلەن بىللە مەكتەپ-
تىن قايتىپ كېلىۋېتىپ:

— قەلبىنۇر، يېقىندىن بېرى ماڭا بەكلا غەمكىندەك كۆرۈندىڭىز، بىرەر كۆڭۈل-
سىزلىككە ئۇچرىدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ھېچ ئىش بولغىنى يوق، رەھمەت سىزگە، — دەپ جاۋاب بەردى
قەلبىنۇر.

ئىدىرىس مۇئەللىم ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئەكىلىپ قويدى.

قەلبىنۇر ئۆيگە كىرگەندە غۇنچەم تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ تېلېۋىزور كۆ-
رۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ تاماق ئېتەي دەپ ئويلىغانىدى. بىراق
تاماق ئېتىشكە زادى خۇش ياقمىدى، ئۆزىنىڭمۇ ھېچقانداق بىر نەرسە يېگۈسى يوق
ئىدى. شۇڭا سىرتقا چىقىپ غۇنچەمگە تاماق ئېلىپ بېرىشنى ئويلىدى.

قەلبىنۇر ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئۈستەل تارتمىسىدىن پۇل ئالماقچى بولدى.
بىراق تېخى تۈنۈگۈن ئەكىرىپ قويغان پۇلدىن پەقەت ئون يۈەنلا قالغانىدى. ئۇ پۇل-
لار قەلبىنۇرنىڭ تۇنجى قېتىملىق مائاشى ئىدى. قەلبىنۇرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆ-
زىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇرۇن قادىردىن پۇل ئالاتتى، قادىر كۆپ ۋاقىتلاردا مىن-
نەت قىلىپ تەستە پۇل بېرەتتى ۋە ئۇنى ھاقارەتلەيتتى، تىللايتتى، ھەتتا ئۇراتتى.
يېقىنىنىڭ ياقى ئۇ ئۆيگە بىر تىيىن بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە قەلبىنۇرنىڭ ئىقتىساد قى-
لىپ يىغقان بەش يۈز سوم پۇلىنىمۇ سوراپ ئېلىپ بولغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۆيگە
خىراجەت قىلماقچى بولغان تۇنجى ئايلىق مائاشىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ زادى قان-
داق ئۆي؟ مەن زادى قانداق بىر مەخلۇقنىڭ خوتۇنى؟

قادىرنىڭ دېيىشىچە، يېقىنىنىڭ ياقى قىلىدىغان ئوقەتنىڭ تايىنى يوقمىش. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىر قېتىملىق باشقىلار بىلەن شېرىك قىلغان تىجارىتىدە ئون نەچچە مىڭ
سوم زىيان تارتقانىمىش.

ئاھ! مەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە شور پېشانە؟ بۇ دۇنيادا ئادەم بولماق تەسكەن،
ئادەتتىكى ئائىلە ئايالى بولۇشمۇ تەسكەن، ئاھ، خۇدا، بەندەڭنى نېمە ئانچە ئاجىز يا-
راتتىڭ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ياراتمايلا قويساڭ بولماسمىدى؟

نەچچە يىلدىن بېرى، قەلبىنۇرنىڭ قادىرنىڭ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن ئانچە كا-
رى بولمىغانىدى. قادىرمۇ ئىچكى سىرىنى ئۇنىڭغا دېمەيتتى. قەلبىنۇرنىڭ پەرىزىچە، قا-
دىر تىجارەت قىلغانىنىڭ ياقى كەم دېگەندە ئەللىك، ئاتمىش مىڭ سوم پۇل تاپقانى-
دى. ئۆي سېلىش ئۈچۈن يېرىمىنى ئىشلىتىپ بولدى دېگەندىمۇ، يەنە يېرىمى بار،
شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئىككى تەڭگە مائاشىمنى ئېلىپ كەتسە قانداق بولغىنى؟ بۇ-
نىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار، ئۇنىڭ ھېلىقى ئارزۇگۈل دېگەن پاسكىنا بىلەن بىللە

يۈرگىنى بىرنەچچە قېتىم قۇلىقىمغا كىرىپ قالغان، بەلكىم شۇنىڭغا پۇل خەجلەپ يۈرگەن بولسا كېرەك، ياكى بولمىسا قىمارغا، زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە كىرىشىپ قالدىمىكىن. ئۆتكەندە بىرنەچچە قېتىم ئۆيدە تۇيۇقسىز خرونىنىڭ كېپىنى چىقىرىپ قالغان، دەسلەپتە ئاق تاماكا دېسە چۈشەنمەپتىكەنمەن، كېيىن ئۇقسام ئاق تاماكا دېگىنى خروئىن ئىكەن ئەمەسمۇ. سەن نېمە قىلساڭ قىل، بىراق مەندەك بىر ئاجىز بەندىنى خارلىما. مېنىمۇ كۆنىنىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قوي.

— ئاپا، قورسىقىم ئاچتى، تاماق ئەتمەمدۇق، — دېدى غۇنچەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ.

— تاماق ئېتىشكە خۇش ياقمايۋاتىدۇ، — دېدى قەلبىنۇر يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىپ، — يۈر، سىرتتىن تاماق يەپ كىرەيلى!

ئۇلار ئۆيگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئاشپۇزۇلغا كىردى. غۇنچەم گۇرۇچ تاماققا ئامراق بولغاچقا ئۇنىڭغا بىر تەخسە پولو ئېلىپ بەردى، ئۆزىگە ئىككى تال پېتىر مانتا ئالدى. بىراق ئۇنىڭ كېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بىرەر سىرداش دوستقا موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. غۇنچەم كىچىك بولغاچقا ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمايتتى. تەسەللىمۇ بېرەلمەيتتى. ئەگەر نۇرىمان بىلەن نۇربىيە يېنىمىدا بولغان بولسا ئۇلارغا دەردىمنى تۆكۈپ بەرگەن بولاتتىم. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار.

قەلبىنۇر مەكتەپتە ئىشلەشكە باشلىغاندىن بېرى غۇنچەمگە بۇرۇنقىدەك ياخشى قاراپ كېتەلمىدى. ئۇ ياداپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ قىزىغا قاراپ «تاماقنى جىق يە، ياداپ كېتىپسەن» دېدى-يۇ، كۆزىدىن تارام-تارام ياش ئېقىشقا باشلىدى. غۇنچەم قول ياغلىقىنى چىقىرىپ ئاپىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويدى.

ئانا-بالا ئىككىيلەن ئاشپۇزۇلدىن چىققاندا، سىرتتا سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى. ھېلىقى ۋەھىملىك كېچە يەنە ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ خۇددى ھوشىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۆيگە كەلدى.

ئۆيدە قادىر يوق ئىكەن. شۇ كېچە قادىر ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى. ئۇ ئەتىسى يېرىم كېچىدە غەرق مەست ھالدا ئۆيگە كەلدى. قەلبىنۇر ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغانىدى. قادىر قىزارغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، دەلدۈگۈنۈپ قەلبىنۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ قەلبىنۇرنىڭ يوتقانىنىڭ تېشىغا چىقىپ قالغان ئاپئاق يوتىسىنى كۆرگەندى. ئۇ بايا بىرەيلەننىڭ ئۆيىدە شەھۋانە سىنئالغۇ كۆرگەنلىكتىن، جىنسىي ھەۋىسى تازا كۆچەيگەندى. شۇڭا ئۇ كىيىمىنىمۇ سېلىشقا ئۈلگۈرمەي قەلبىنۇرنىڭ يوتىلىرىنى سىيلاشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن قەلبىنۇرنىڭ ئەمچىكىنى سىيلىدى.

قەلبىنۇر كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ قولىنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قانچىلىك كۈچى بولسۇن، قادىر ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ تۈنۈگۈن سېنى كىم ئۆيگە ئەكىلىپ قويدى؟ مەن سېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىڭ؟ — دېدى-دە، قەلبىنۇرنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى سېرىپ-سېرىپ

سالدۇرۇۋەتتى. ئۇ يىرتقۇچ هايۋانلاردەك قەلبىنۇرنى ئاستىغا باستى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن هاراق
پۇراپ تۇراتتى. قەلبىنۇر هەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى، ئاخىرى
ماغدۇرىدىن كەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە قادىر خۇددى بىر ياۋا چوشقىدەك كۆرۈنەتتى.

قەلبىنۇر خۇددى قاتتىق جىسمانىي جازاغا تارتىلىۋاتقاندەك لېۋىنى چىشلەپ جىم
ياتتى. قادىر ئاخىرى قاتتىق پۇشۇلداپ قەلبىنۇرنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە قادىر قەلبىنۇرنىڭ ئىشقا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ هىجىيىپ ئۇنىڭ
ئالدىنى توستى.

— پۇلۇڭ بولسا مىڭ سوم بېرىپ تۇر، پۇللارنى ئوبوروت قىلالمايۋاتىمەن،— دېدى.

قەلبىنۇر غەزەپلەندى.

— هوي، نومۇسسىز! يېقىنىڭ ياقى ماڭا بىر تىيىن بەردىڭمۇ؟ ئاران تاپقان بىر
ئايلىق مائاشىمنىمۇ ئېلىپ كېتىپسەن، مەندە نەدە پۇل؟ پۇل ئۈچۈن نومۇسۇمنى
ساتايمۇ؟

— بۇنداق شەپقەتسىزلىك قىلما، مېنى قاراپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يەرگە
قاراتما! ئەگەر ئۇربىيەگە دەپ ماڭا چاقىرىق قەغىزى ئالدۇرۇپ بەرگەن بولساڭ، بۇ
چاققا تۈركىيىگە نەچچە قېتىم بېرىپ، باي بولۇپ كەتكەن بولاتتىم. ئاغىنىلىرىڭدىن ئاز-
راق پۇل قەرز ئېلىپ بەر!— دېدى قادىر.

— هەي، هايۋان، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ ئەگەر
ماڭا يىگىنچىلىك شەپقەت كۆرسەتكەن بولساڭ ساڭا تۆگىدەك شەپقەت ياندۇرغان بولات-
تىم. نېرى تۇر، ساڭا بېرىدىغان بىر تىيىنىم يوق،— دېدى قەلبىنۇر نەپرەت بىلەن.

— هەي خوتۇن، ئون يىللىق ئەر-خوتۇنلۇق يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىر ئامال قىل-
غىن. بۇندىن كېيىن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي!— دېدى قادىر قەلبىنۇرنى ئالداپ.

— ئەمدى سېنىڭ بۇنداق يالغان گەپلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن. ساڭا بولغان قەلبىم
زىمىستان قىشتىكى مۇزدەك قېتىپ بولدى، ئەمدى ئاغزىڭنى ئۇپراتما، مەندە پۇل يوق،
بولغان تەقدىردىمۇ ساڭا بېرەلمەيمەن!— دېدى قەلبىنۇر.

قادىر ئاخىرى تەلۋىلەرچە دېۋەيلەپ كېلىپ، چاڭ قىلىپ قەلبىنۇرنى بىر كاچات
ئۇردى. قەلبىنۇر كاچاتنىڭ زەربىسىدىن يىقىلىپ چۆشۆشكە تاسلا قالدى. كۆزلىرىدىن
ئوت چاقناپ خېلىغىچە ئەس-هوشىنى يىغالماي قالدى.

لېكىن بۇ قېتىم قەلبىنۇر كۆزىدىن ياش ئاققۇزمىدى، ئۇ غەزەپ-نەپرەت بىلەن
كۆزىنى قادىرغا تىكىپ:

— ئالدىرىما، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ئاللا جاجاڭنى بەرمىسە، قانۇن بىر كۈنى جاجاڭنى
بېرىدۇ. بۇ ئۆتنە ئالەم. مەندەك بىر ئاجىز بەندىنى شۇنچە خارلىغىنىڭ ئۈچۈن كۆرىدى-
غان كۈنۈڭ بار!— دېدى-دە، ئىشىكنى جاق يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— ها... ها... ها... سېنىڭ ئۇ ئىككى تەڭگەڭ مېنىڭ بىر قېتىملىق ئاداش ئويىنى-
غىنىمغا ياكى بىر قېتىملىق ئاق تاماكامغا يەتمەيدۇ... ها... ها... ها...— قادىر تەلۋى-
لەرچە ۋارقىراپ كۈلۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى قەلبىنۇر چۈشتە ئۆيگە قايتمىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ كېلىدىن ھېچنىمە ئۆتمىگەندى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، سائەت ئۇچلەرگىچە ئارانلا چىدىدى. باشقا مۇئەللىملەر ئۇنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. ئىدىرىس مۇئەللىم ئۇنى ۋېلسىپېتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويدى.

قەلبىنۇر دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئارانلا ئۆيگە كىردى. بىراق ئۇ گويا باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك ھاڭ-تاڭ بولدى، ئۆيدە بىر خىل ئىس-تۈتەكلەر لەيلەپ تۇراتتى، كارىۋاتتا بىر جۈپ ئەر-ئايال قېپىيالىڭاچ ياتاتتى. ئۇلار قادىر بىلەن ئارزۇگۈل ئىدى. چاچلىرى چۇۋۇلغان ئارزۇگۈل قەلبىنۇرنى كۆرۈپ «ۋىيىەي» دەپلا يۆگىنىۋالدى.

قەلبىنۇر بۇ رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

## 11

نۇربىيە شەپقەتنى ئۇزىتىپ قويۇپ، كۆڭلى پەرىشان ھالدا ئايرودرومدىن ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۆيدە قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ناتونۇش كىشى ئولتۇراتتى، ئۇ كىشىنىڭ ئۈچىسىدا چىرايلىق تىكىلگەن كۆل رەڭ كاستۇم-شىم، بېشىدا شلەپە بار ئىدى. ئۇ كىشى نۇربىيەنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ سالام بەردى. نۇربىيەمۇ ئۇ كىشىگە كۈلۈمسىرەپ سالام قايتۇرغاندىن كېيىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىراق كۆڭلىدە بۇ بەلكىم ئاتا-ئانامنىڭ ماڭا تونۇشتۇرغان كىشىسى بولسا كېرەك دەپ ھېس قىلدى.

بىر پەستىن كېيىن نۇربىيەنىڭ ئانىسى ئۇنى باشلاپ چىقتى.

— بۇ كىشى تەڭرىتاغ سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى كېرەم ئەپەندى بولىدۇ، — دېدى نۇربىيەنىڭ ئاپىسى ئۇ كىشىنى نۇربىيەگە تونۇشتۇرۇپ، — يېقىندا تاشكەنتكە بېرىپ كەلدى، كېرەمجاننىڭ تۈركىيە بىلەن سودا ئالاقە قىلىش ئارزۇسى بار ئىكەن. شۇڭا سەن ئۇنىڭغا مەسلىھەت بەرگىن.

نۇربىيە كۈلۈمسىرەپ ئۇ كىشىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

— كېرەمجان ئەپەندىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىز بىلەن كونا تونۇش، قول ئىلكىدە بار ئوبدان خەقلەر، ئۆزىمۇ بىر شىركەتنى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغان قابىلىيەتلىك، بىلىملىك كىشى، سىلەر پاراڭلىشىڭلار، مەن چىقىپ تاماق ئېتەي! — نۇربىيەنىڭ ئاپىسى شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ كىشى گەپ تاپالمىغاندەك، تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ ئولتۇراتتى. تۈركىيە بىلەن سودا ئالاقە قىلىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايتتى. بىردەم بوينىغا چىڭ چېگىلگەن گالستۇكىنى بوشىتىپ قوياتتى. بىردەم بېشىدىكى شلەپىسىنى ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈيتتى. نۇربىيە ئۇنىڭ شالاڭشىپ قالغان چاچلىرىغا قاراپ كۆڭلىدە، بەلكىم پۇل ئۈچۈن تولا باش قاتۇرۇپ شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ كۈلگىسى كەلدى.

نۇربىيەنىڭ ئانىسى كېرەمجاننى قابىلىيەتلىك، بىلىملىك دەپ تونۇشتۇرغانىدى.

نۇربىيە ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى.

مەن ماگىستېر بولغاندىن كېيىن دوكتۇرمۇ بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن سەن كېرەمجانچۇ؟ سالاپەتلىك بولغان بىلەن قورسىقىڭدا قانچىلىك ئۇماچ بارلىقى ماڭا ئايان بولدى. بەلكىم ئىسلاھاتتىن پايدىلىنىپ، نامى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق بىر شىركەتنى باشقۇرۇۋاتساڭ كېرەك. سەندە بايلىق بولغان بىلەن، مەدەنىيەتكە، بىلىمگە نامراتسەن! بۇلارنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ سەن پەلسەپە، تارىخ، سىياسىي، ئىقتىساد دېگەنلەرنى چۈشىنەمسەن؟ ياق، ھېچنىمىنى چۈشەنمەيسەن، مېنىمۇ چۈشەنمەيسەن، يۈز يىلدىن كېيىنمۇ چۈشەنمەيسەن!... ئەگەر لايىق تاپماقچى بولسام، تۈركىيىدە سەندەك بايدىن ئۇننى سېتىۋالغۇدەك بايلار بار... بۇ پاكىز كىيىنگەن، ئەدەپ - قائىدە بىلەن ئولتۇرغان كىشى، نۇربىيەنى قىلچىمۇ جەلپ قىلالمىدى. سەندىن شەپقەت ملىڭ ياخشى، ئۇ كەم دېگەندە پەلسەپە، تارىخ، سىياسەت دېگەنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. مىللىتى ئۈچۈن باش قاتۇرالايدۇ، سەنچۇ، پۇلنى كۆرگەندە ئۆز ۋەتىنىڭنى، ئۆز مىللىتىڭنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايسەن.

نۇربىيە ئاشۇنداق ئويلىدى ۋە ئۇ كىشىنى بەكلا ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تىجارەت بىلەن ئانچە خۇشى يوقلۇقىنى، تولاراق بىلىم ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى، ھايات ۋە جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشقا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، ئوقۇشىنىڭ يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن تۈگەيدىغانلىقىنى، ھازىرچە توي قىلىش توغرىسىدا ئويلاپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ كىشىنى ئۇزىتىپ قويدى.

مېھمان كەتكەندىن كېيىن، نۇربىيەنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتتى. خېلى ئۇزاقلارغىچە گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇرۇشتى.

كەچتە نۇربىيە يېتىپ قالاي دەپ تۇرغاندا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ياتقان ئۆيىگە كىردى. نۇربىيە ئانىسىنىڭ ئورۇق تېنىگە، غەمكىن كۆزلىرىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولدى. دادىسى گەپ قىلماي جىم ئولتۇراتتى. نۇربىيە ئۇلارنىڭ چوقۇم بىر نەرسە دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۆينى بىر خىل ئېغىر بۇرۇختۇمىلۇق قاپلاپ تۇراتتى.

— قىزىم،— دادىسى ئاخىرى گەپنى باشلىدى، نۇربىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ غەمكىن ھەم مېھرىبان چىرايىغا قارىدى،— يەنە ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدىڭمۇ؟

نۇربىيە بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ھەئە، ئوقۇشۇمنى يېرىم يولدا تاشلىۋەتسەم بولماس،— دېدى.

— مەيلى قىزىم، ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن!— دېدى دادىسى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

بىراق ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياش پىلدىرلاپ تۇراتتى.

— دادا!...

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى بىلىمىز،— دېدى دادىسى نۇربىيەنىڭ گېپىنى

بۆلۆپ،— سېنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز، بىراق بىز ھازىر قېرىپ قالدۇق، بىزنىڭچە بولسا بالدۇرراق سېنى ياتلىق قىلىپ قەرزىمىزنى ئادا قىلغان بولساق ياخشى بولاتتى. شۇڭا كېرەمجاننى ساڭا تونۇشتۇرغان. بىراق نىكاھ ئىشىنى زورلىغىلى بولمايدۇ، بىزمۇ بۇنى چۈشىنىمىز. ئەگەر كېرەمجان كۆڭلۈڭگە ياقمىغان بولسا مەيلى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە كۆڭلۈڭگە ياققان كىشىدىن بىرنى تاپارسەن، بىراق ئەمدى كەتسەڭ سەن قايتىپ كەلگۈچە بىز ھايات تۇرالايمىزمۇ، يوق، بۇنى خۇدايىم بىلىدۇ. ئەمدى بىز سېنى ئۇلۇغ ئاللاغا تاپشۇردۇق بالام!

نۇربىيەنىڭ ئانىسى ئاخىرى ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. نۇربىيەمۇ چىدىماي ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلاپ يىغلىدى. دادىسىمۇ قول ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— دادا، ئاپا، كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار، ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ كېلىپلا توي قىلىپ سىلەرنى رازى قىلىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا ئوقۇشۇم پۈتەي دېگەندە سىلەرنى تۈركىيىگە ئاپىرىپ شۇ يەردىن ھەجگە ئاپىرىپ كېلىمەن،— دېدى نۇربىيە ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— ئىنشائاللا، ئىنشائاللا! شۇ كۆڭلۈڭگە رەھمەت بالام!— دېدى دادىسى.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىتلىقتا چۆكتى. نۇربىيە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، دېرىزە سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇققا قاراپ ياتاتتى. ئۇ خىلمۇ خىل خىياللار دېڭىزىدا ئۈزەتتى.

ئاھ، ھېلىقى شەپقەت بىلەن بىللە بولغان مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كېچە. بۇ ئىش بەلكىم ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك بىر سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىشقا ئۇ مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايدۇ. ناۋادا شەپقەت بىلەن توي قىلغان بولسا، شەپقەت چوقۇم ئۇنى ياخشى كۆرگەن بولاتتى. بۈگۈنكى ئايرىلىش شەپقەتكە ئىنتايىن ئېغىر كەلگەندى. ئۇ شەپقەتنىڭ ھېلىقى كېچىدىكى غەدىكىن ۋە مەيۇس چىرايىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. شەپقەت ئۇنى بۈگۈن چوڭقۇر ئەپسۇسلانغان ھېسسىيات بىلەن قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويغاندى. تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ يۈرەك بۇرۇتلىرى مەڭزىدە سانجىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شەپقەتنىڭ ئاجىز قولىنى تۇتۇپ:

— شەپقەت ئاق يول بولسۇن، يات ئەلدە تۈركىيىدە كۆرۈشىمىز، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى كەلگەندە مەن سىزنى خەنزۇ تېۋىپلىرىغا كۆرسىتىپ باقاي، قولىڭىز شىپالىق تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس،— دېگەندى.

— تەشەككۈر، تەشەككۈر!— دېگەندى شەپقەت ۋە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى نۇربىيەدىن قاچۇرۇپ، ئىتتىك مېڭىپ كىرىپ كەتكەندى.

نۇربىيە سول تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ بەزى ساۋاقداشلىرى ۋە تونۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، ئىككى-ئۈچ ھەتتا تۆت-بەشتىن بالىغا ئانا بولغانىدى. بەزى كىشىلەر نۇربىيە-

نىڭ تېخىچە تويى قىلمىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا قارىشاتتى.
ھەتتا بەزىلەرنىڭ «قېرى قىزنى كىممۇ ئالىدۇ؟» دېگەن پىچىرلاشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلـ
قىغا كىرىپ قالدى. بۇ ئەھۋال ئۇنى بەك ئەپسۇسلاندۇردى. لېكىن ئاتا - ئانىسىنىڭ
ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ، بۇ جەھەتتە ئانچە ئەيىبلەپ كەتمىگەنلىكى ئۇنىڭغا
تەسەللى بولدى.

ئۇ قەلبىنۇرنىڭ ياش ئېقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، نۇرىماننىڭ بەكلا ئېھتىياتچان
چىرايىنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىچە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

## 12

ئەتىسى تاڭ سەھەردە تاشقىرقى ئۆيدىن تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك قىلـ
دى. نۇربىيە چالا ئۇيقۇدا بەلكىم دادام بامدات نامازغا تۇرغان بولسا كېرەك دەپ
ئويلاپ ئۇخلاۋەردى. بىر پەستىن كېيىن ئۆزى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى جىددىي چېـ
كىلدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا نۇرىمان تۇـ
راتتى. نۇرىماننىڭ چىرايى ناھايىتى سولغۇن ھەم پەرىشان ئىدى.

— قەلبىنۇر ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ ئۇيقۇ دورىسى يەۋاپتۇ! — دېدى نۇرىمان.

— نېمە؟ — نۇربىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئەنسىرىمە، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدۇق، — دېدى نۇرىمان.

— قەلبىنۇر ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى نۇربىيە.

— دوختۇرخانىدا.

نۇرىمان بولغان ۋەقەنى نۇربىيەگە سۆزلەپ بەردى.

ئاخشام نۇرىمان دوختۇرخانىدا كەچلىك نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. سائەت ئون
ئىككى بولاي دېگەندە تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى. ئۇ بەلكىم مەخمۇتجاندىن كەلـ
گەن تېلېفون بولۇشى مۇمكىن دەپ تېلېفوننى ئالدى. تېلېفوندا غۇنچەمنىڭ يىغلىـ
غان ئاۋازى ئاڭلاندى. غۇنچەم تېلېفوندا يىغلاپ تۇرۇپ: ئابايىم دادام بىلەن ئاپام
قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى. ئاپام ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئىشىكنى ئاچمايۋاتىدۇ،
ئىشىكنى شۇنچە چېلىق ئۇرساممۇ ئاچمىدى، قورقۇپ كېتىپ قوشنىلارنى چاقىردىم. ئۇلار-
مۇ ئىشىكنى ئاچقۇزالمىدى. تېزرەك كەلگەن بولسىڭىز، دېدى. نۇرىمان دەرھال ئۇلار-
نىڭ ئۆيىگە باردى. قەلبىنۇر يەنىلا ئىشىكنى ئاچماي تۇرغانىكەن. ئۇلار ئاخىرى
ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىردى. قەلبىنۇر ھوشىنى بىلمەي كارىۋاتتا ياتاتتى. يېنىدا
بىر دانە ئۇيقۇ دورىسىنىڭ قۇرۇق قۇتىسى تۇراتتى، جاۋغىيىدىن ئاققان قانىنىڭ ئىزى
تۇراتتى. بىچارە غۇنچەم يىغلاپ - تېپچەكلەپ ھەدەپ ئاپىسىغا ئېسىلىپ يىغلايتتى.

— ئاپاڭ ئۇخلاپ قاپتۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ، قورقما! — دەپ نۇرىمان غۇنچەمنى
بەزلىدى، لېكىن ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتتى. نۇرىمان تېلېفوندا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى
سېزىپ، دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار

قەلبىنۇرنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئەكەلدى.

نۇرىمان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاخشامقى جىددىيچىلىكنى دېمەمسەن! ھېلىمۇ جىددىي تۇتۇش قىلىپ قۇتقۇزۇپ قالدۇق. ماڭا تېلېفون بېرىش غۇنچەمنىڭ قانداقمۇ ئېسىگە كەلگەندۇ دەيمەن.

— ھەي ئەخمەق دوستۇم، بۇنداق قىلغىچە قادىر بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەڭلا بولمامتى؟ ئاشۇنداق بىر پەسكەشكە ھاياتىڭنى قۇربان قىلىش ئەرزىمەمدۇ؟ — دېدى نۇربىيە.

ئۇلار نۇربىيەنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچىپ بولۇپ دوختۇرخانىغا كەلدى.

قەلبىنۇر ئاپپاق يوتقاننىڭ ئىچىدە جىم-جىت ياتاتتى. ئۇ بىر كېچىدىلا ياداپ كەتكەن، كۆزلىرى ئىششىپ، يۈزى تاتىرىپ قالغانىدى. يۈزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غۇنچەم بېشىنى ئاپىسىنىڭ باغرىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

ئەتىسى كەچتە نۇرىمان نۇربىيە بىلەن بىللە قەلبىنۇرنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ياندۇرۇپ ئەكەلدى. نۇرىمان بىر ئېغىز ئۆينى ئانا-بالا ئىككىيلەنگە تەييارلاپ، قەلبىنۇرنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى.

— قەلبىنۇر، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مېنىڭ ئۆيۈم سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئوخشاش. ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلسەن، ئوبدان ئارام ئالغىن، ھېچنېمىنى ئويلىما! — نۇرىمان قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

قەلبىنۇرنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟

ئۇنىڭ قەلبىدە دەرد-ئەلەم، غەزەپ-نەپرەت ئوتلىرى ۋاللىداپ يېنىۋاتاتتى. مەن نېمانچە ھاماقەتلىك قىلغاندىمەن؟ نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق قەتئىي نىيەتكە كەلمىدىم؟ قادىر بىر ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھايۋان، بىنومۇس ئەبلەخ تۇرسا، شۇ مەخلۇق ئۈچۈن ھاياتىمنى ھالاك قىلسام ئەرزىمدۇ؟

قەلبىنۇر ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتتىكى ئېگىز-ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىگە قارايتتى. ئۇ دېرىزىلەرنىڭ بەزىلىرىدە چىراغ يېنىپ تۇراتتى، بەزىلىرى قاپقاراڭغۇ ئىدى. شۇ چىراغ يېنىپ تۇرغان ئائىلىدىكىلەر بەختلىكمىدۇ؟ بەلكىم شۇ ئۆيدىكى ئەر-خوتۇنلار ھازىر ئۇرۇشۇۋاتقان بولسا كېرەك، بەلكىم بەزىلىرىنىڭ باشلىرى بىر تەكيىدە بولسىمۇ، بىراق ئايرىم-ئايرىم شېرىن خىياللارنى قىلىشىۋاتقاندۇ. قەلبىنۇر بۇلارنى ئويلاپ مېڭىدا بىلىنەر-بىلىنمەس كولۇمسىرىدى. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا قەيسىرانە بىر كۈچنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىرتتىكى ئۆيگە چىقتى.

— ئەگەر قادىر مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، ئۇ ئەبلەخنى ئۆيگە كىرگۈزمەي قوغلىۋېتىڭلار! — دەپ قويۇپ قايتىپ كىردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىكنى يېنىك چەككەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. نۇرىمان بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە دېگەندەكلا قادىر ھېجىيىپ تۇراتتى. نۇرىمان ئىشىك-

نى تاقىۋالماقچى بولغانىدى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ھە، بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى تەنە قىلىپ.

— بىزنىڭ باللار مۇشۇ يەردىمىكىن دەپ كېلىۋىدىم! — دەپ جاۋاب بەردى قادىر مۇلايىملىق بىلەن.

— ھە، باللىرىڭىزمۇ ئېسىڭىزگە كېلىدىكەنده، كىشىلەر بىرەر مۇشۇكى يىتۈپ كەتسىمۇ ۋاقتىدا ئىزدەيدۇ، نەچچە كۈندىن بېرى نەگە باردىڭىز؟ مېڭىڭ، مېڭىڭ! بۇ يەردە باللىرىڭىز يوق، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، — نۇرىمان ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ قويدى.

# 13

شۇ كېچىسى نۇربىيە نۇرىماننىڭ يېنىدا قونۇپ قالغانىدى.

ئۇلار بىر كارىۋاتتا يېتىپ مۇڭدىشىپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىمىدى. نۇرىمان غەمكىن ھالدا:

— مېنىڭ ئەھۋالىممۇ قەلبىنۇرغا ئوخشاش، — دېدى.

— نېمە ... نېمە دېدىڭ؟ — نۇربىيە نۇرىماننىڭ سۆزىگە چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدى.

— مېنىڭ ھازىرغىچە ئىككىلىنىپ قەتئىي نىيەتكە كېلەلمەيۋاتقانلىقىم بۇنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ — دېدى نۇرىمان.

— ۋىيەي، سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئازابلايدىكەنسەن، مەخمۇتجاننى قادىرغا سېلىشتۇرغىلى بولامتى؟ — دېدى نۇربىيە.

— ئۇنى بىلىمەن، — دېدى نۇرىمان، — ئايال كىشى توي قىلمىسىمۇ ياشىيالايدىكەن، نۇرغۇنلىغان تۇل ئاياللار ۋە قېرى قىزلار يۈرمەمدۇ؟ بۇنداق دېسەم ساڭا تېگىپ كەتمىسۇن يەنە، سەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا، بىراق، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ قەلبىنى كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. ھەي، ئايال كىشى ھەقىقەتەن ئاجىز بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى دەل كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىدا، ئاقىۋەتتە ئۇلار ئۆزى زىيان تارتىدىكەن، — دېدى.

— قانداق؟ — دېدى نۇربىيە ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ، — يەنە ماڭا ئوخشاش بويتاق يۈرگەن ياخشىمىكەن؟ توي قىلمىساڭ ئەركىن-ئازادە يۈرەلەيسەن. شەكىلسىز يىپ بىلەن باغلىنىپ قالمايسەن. توي قىلغانمۇ شۇنچىلىكلا ئىشكەنغۇ! بۇ پەقەت كارىۋاتتىكى ئىشلارنى قانۇنلاشتۇرغانلىقتىنلا ئىبارەت ئىكەن. بىراق ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر كارىۋاتتا ياتسىمۇ ئىككىسىلا ئايرىم چۈشلەرنى چۈشەپ، ئۆمۈر بويى بىر-بىرىنى چۈشىنەلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ جىق، بۇ پاجىئەلىك ئەھۋال. ئۇنداق ئۆي تۇتقاندىن تۇتمىغان ياخشى. مەن شەپقەتكە ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلىمەن، بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىمىز، مېنىڭچە ناۋادا تېنىمنى ئۇنىڭغا بېرىپ سىناپ كۆرسەممۇ ھېچقىسى يوق، — دېدى نۇربىيە.

نۇربىيه شەپقەت بىلەن بىللە ياتقانلىقىنى نۇرىماندىن يوشۇردى. ئەسلى بۇ ئىشنى نۇرىمانغا دېمەكچى ئىدى، بىراق نۇرىمانىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— نۇربىيه، بۇنداق يۈرۈۋەرسەڭ بولمايدۇ. زادى نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى نۇرىمان.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى نۇربىيه ئامالسىز قالغاندەك كەيپىياتتا پەس ئاۋاز بىلەن.

— غايىۋى مۇھەببەت دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس!

— مەنمۇ غايىۋى مۇھەببەتنى ئىزدەپ يۈرگىنىم يوق، بىراق مەن ھەممە ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئاشۇنداق ئۇرۇشۇپ ئۆتۈدىغانلىقىنى ئويلىسام قورقىمەن، تۇغۇن مۇشۇ يەردە، بۇنى يېشەلمەيۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە تەلپىممۇ يۇقىرى ئەمەس، مەن بىلەن توي قىلىدىغان كىشىنىڭ ماڭا ئوخشاش ئاز-تولا بىلىمى بولسا، مېنى ياخشى كۆرسە، مەن بىلەن ئۇرۇشمىسا، ھەممە ئىشقا توغرا كۆز قاراشتا بولسىلا بولدى. ئەگەر مەخمۇتجاندەك بىرەرسىگە ئۇچراپ قالسام ئاللىقاچان ماقۇل دېگەن بولاتتىم، — دېدى نۇربىيه.

— ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئىللىق ماكان بولمىسا بولمايدۇ. ھازىر سەن خەتەرلىك ھالەتتە كېتىۋاتىسەن، ساڭا بىلىممۇ كېرەك، ماكانمۇ كېرەك. مەڭگۈ قېرى قىز بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالما يەنە. سەن ماڭا ئوخشىمايسەن، — دېدى نۇرىمان نۇربىيەگە نەسىھەت قىلىپ.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، مەنمۇ مەخمۇتجاندەك سەممىي ئادەمنى نەدىن تاپىمەن؟ ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىمنى سەن بىلىسەن، كۆڭلۈمدىكىدەك لايىقنى تاپماق تەس، بۇنى ئوبدان بىلىسەن! — دېدى نۇربىيه.

— بىراق بۇنى باھانە قىلىپ يۈرۈۋەرسەڭ بولمايدۇ، كۈچ سەرپ قىلىپ ئىزدىنىشىڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ شارائىت يارىتىشىڭ كېرەك، ياخشى ئادەمنىڭ پېشانىسىدە بەلگىسى يوق، — دېدى نۇرىمان.

— ھازىر سېنىڭ شەرت-شارائىتىڭ پىشىپ يېتىلدى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، مۇھەببەت ئەنە شۇنداق، ئەگەر سەن ئۇنى چىڭ تۇتمىساڭ قېچىپ كېتىدۇ، — دېدى نۇربىيه.

— بۇنى بىلىمەن. لېكىن كىشىلەرنى ئۇزۇن مۇددەت سىناپ كۆرۈش كېرەككەن. ئەگەر مەخمۇتجان مېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن بولسا، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشى لازىم، — دېدى نۇرىمان.

— بۇنداق ئېھتىياتچان بولۇپ كەتمە، — دېدى نۇربىيه نۇرىماننى ئەيىبلىگەندەك، — بىچارە مەخمۇتجانغا ئېنىق جاۋاب بەرمەي ئىككى يىل سۆرەپ يۈردۈڭ.

— توغرا، ھازىر مەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتىمەن. ئەمدى ئېنىق جاۋاب بەرمىسەم بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالدى، — دېدى نۇرىمان ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە قەلبىنىڭ سۆت قاينىتىپ بەرمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى.

نۇربىيه يالغۇز قالدى، ئۇخلاي دېسە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ تۇيۇقسىز دېرىزىنىڭ

شىردىقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، سىرتتا يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىكەن. سىرتتىكى چىراغ نۇرلىرى يامغۇردا خىرە كۆرۈنەتتى.

ھېلىقى ئۇنتۇلماس يامغۇرلۇق كېچە ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. مۇشۇ كارىۋاتتا شەپقەت بىلەن ئىككىيلەن بىر كېچىلىك ئەر-خوتۇن بولۇشقانىدى. بۇ سىرنى نۇرىمانمۇ ئۇقمايدۇ، بەلكىم مەڭگۇ ئىككىمىزنىڭلا كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالار. ئەگەردە نۇرىمانمۇ ئۆزىنىڭ سىرىنى ماڭا دەپ بەرگەن بولسا، مەنمۇ بۇ سىرنى ياۋاشلىقچە ئىقرار قىلغان بولاتتىم. مەخمۇتجاننىڭمۇ ئۇنچە ياۋاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن ...

نۇرىمان قايتىپ كىردى. ئۇ نۇربىيەنىڭ سەل قىزارغان مەڭزىگە قاراپ ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

— ھە، نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟ — نۇرىمان كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، — دېمىسەڭمۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، ئىقرار قىلە، ھېلىقى كېچىدە مۇشۇ كارىۋاتتا شەپقەت بىلەن نېمە قىلدىڭلار؟

نۇربىيە نۇرىماننىڭ تۇيۇقسىز بۇ ئىشنى سوراپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ سەل تەمتىرىگەندەك بولدى، بىراق بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ كۈنى شەپقەت ئىككىمىز مۇشۇ كارىۋاتتا ياتتۇق...

— ۋاي ئەسكىلەر، — دېدى نۇرىمان كۈلۈپ نۇربىيەنىڭ بېقىنىنى چىمداپ، — دېمىسەڭمۇ ئاللىقاچان ئۇقۇپ بولغانىدىم، كۈندە يېتىۋاتقان كارىۋىتىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەمدىم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىن بۇ ئىشلارنى سوراۋەردىڭ، چوقۇم بۇنىڭدا بىر گەپ بار دەپ ئويلىغانىدىم، دەل شۇنداق چىقتى. بۇ ئىشتا سەن چوقۇم ئاكتىپلىق كۆرسەتتىڭغۇ دەيمەن!

— ھەئە، — نۇربىيەنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى، — ئۇنىڭ مېيىپلىقىغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، تۈركىيىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى ماڭا كۆپ ياردەم قىلغان، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئارماندا قويماي دەپ شۇنداق قىلغانىدىم. بىراق بۇ ئىشقا پۇشايمان قىلمايمەن.

— ئىككىنچى مۇنداق ئىشلارنى قىلما، — دېدى نۇرىمان نۇربىيەنى ئەيىبلەپ، — بەرىبىر بىركۈنى بۇ ئىشلارنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزىسەن.

— خاتىرجەم بول، ناۋادا توي قىلىشىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ تۇنجى قېتىم، ھەم ئاخىرقى قېتىم، — دېدى نۇربىيە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — بۇ ئىش پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ مەيلى بىلەن بولغان، بۇ ئىش بىلەن ئۆزۈمنى بۇزۇق دەپ ھېسابلىمايمەن، ھېلىقىدەك بۇزۇقچىلىق قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن پاك ھېسابلايدىغان كىشىلەرگە مەن ئوخشىمايمەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق قانداقلا باھانە-سەۋەب تاپقىنىڭ بىلەن تويدىن بۇرۇن بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى نۇرىمان.

— بولدى، بولدى. بۇ گەپلەرنى قوي، ئەمدى ئۆزۈڭ ياۋاشلىقچە ئىقرار قى-

لىپ باقە، — نۇربىيە ئەمدى نۇرىمانغا ھۇجۇم باشلىدى، — سەن بىر قېتىم توي قىلىغان، مەخمۇتجانمۇ بىر ئەركەك بولغاندىكىن يېنىڭدا جىملا ياتمىغاندۇ؟

نۇربىيەنىڭ ھۇجۇمى نۇرىماننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

راستىنلا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ئىش بولغىنى يوق، — دېدى نۇرىمان.

— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۇمۇ بىر ھېسسىياتلىق ئەركەك، ئۇ بەربىر بىر ئۆيگە كىرىمىزغۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانىدى، مەن يەنىلا ئۇنىمىدىم، — دېدى نۇرىمان.

— ئۇنداق قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— مېنىڭ ئىدىيەم سېنىڭكىدەك ئازاد ئەمەس، — نۇرىمان سەل ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى، — ئەگەر مەن شۇ چاغدا ماقۇل دەپ قويغان بولسام قايتا ئويلىنىشىمغا ئىمكانىيەت قالمايتتى.

يامغۇر توختىدى. تۈن تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئىككىيلەن خېلى ئۇزاققىچە مۈگدىشىپ ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى.

## 14

قەلبىنۇرنىڭ نۇرىماننىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا يېرىم ئاي بولغانىدى. ئۇنىڭ قادىرغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشقانىدى. قادىرنى ئويلىسىلا چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى.

— نېمە ئۈچۈن دورا يېدىڭ؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى نۇرىمان بىلەن نۇربىيە قەلبىنۇرنىڭ ئەخمەقلىقىنى ئەيىبلەپ.

— بۇ خورلۇققا زادىلا چىدىمىدىم، — دېدى قەلبىنۇر كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — ئۇ مېنى ئازراقمۇ خوتۇن قاتارىدا كۆرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خوتۇننى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، ئۇنى ۋىجدان ئازابىدا قىيناپ ئۆلتۈرەي دەپ ئويلىغانىدىم.

— ئۆزۈڭ ئەخمەق، ئۇنىڭدا ۋىجدان دېگەن نەرسە يوق تۇرسا، قانداقمۇ ۋىجدان ئازابىنى تارتسۇن؟ ئاڭلىساق ئۇ ھېلىقى ئارزۇگۈل دېگەن بۇزۇق بىلەن بىر ئۆيگە كىرىۋاپتۇمىش، — دېدى نۇربىيە.

— ھەئە، راستىنلا ئەخمەقلىق قىلىپتىمەن، — قەلبىنۇر پۇشايمان قىلغاندەك ئاۋازدا سۆزلىدى، — ئەگەر ئۆلگەن بولسام غۇنچەم يېتىم بولۇپ قالار ئىكەن، مېنىڭ ئۆلۈمىم قادىرغا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

قەلبىنۇر بۇ قېتىم قەتئىي ئاجرىشىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ نىيىتى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى.

ئۇلار سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاجرىشىش قەغىزىگە قول قويۇپ چىققاندا، ئارزۇگۈل كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە قادىرنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ سەل-پەل پومپىيىپ

چىققان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ ئىغاڭلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەلبىنۇر ئىشىنىڭ تېگى ـ
تەكتىگە چۈشەندى. ئۇ ئۇنىڭغا شارەت قىلىپ تۇكۇرۇپتەي دەپ ئويلىغانىدى، بىراق پەس بى ـ
لەن تەڭ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىدى.

قەلبىنۇر قادىرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنى يېنىكلەپ قال ـ
غاندەك ھېس قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قادىرنىڭ تىللىشىدىن، ھاقارەتلىشىدىن، ئۇرۇ ـ
شىدىن ئەنسىرىمەيتتى. ئەمدى ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئىنسانلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلالمايدۇ.

قەلبىنۇر قىزىلتاغ ئېتىكىدىكى بىر توپ مەجنۇن تالنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى.
ئۇ ئىدرىس مۇئەللىم بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشكەنىدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا ئەركىشىنىڭ ياغان تورىغا چۈشۈپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا
بولدى. ئۇ دەرھال بۇ يەردىن كېتىپ قالماقچى بولدى. ھېسداشلىق قىلىش ۋە تە ـ
سەللى بېرىشمۇ بىرخىل قورقۇنچلۇق ئىشكەن، ئەينى ۋاقىتتا قادىردەك ئاشۇنداق
ئالدىمدا يېلىنىپ تۇرۇۋالغان ئەمەسمىدى، دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر. ئىدرىس مۇ ـ
ئەللىم كىشىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان ياۋاش، سەممىي ئادەمكەن، بىراق ئۇ ھازىر ـ
قى ئاجىزلىقىمدىن پايدىلىنىپ، قەلبىمگە بۆسۈپ كىرمەكچىمۇ نېمە؟ ئۇ ئۇزۇن
يىللاردىن بۇيان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئىنسانلارنىڭ روھىي ئىنژېنېرى دەپ تەقدىرلىنىپ
كېلىۋاتقان ئادەم ئىكەن، شۇنداق بىر كىشى رەزىللىك قىلماس؟! ئۇ خىيال
سۈرگىنىچە قولىدىكى قول ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئولتۇراتتى.

يەنە ئازراق ساقلاپ باقاي، ئۇنىڭغا ماقۇل دېگەن ئىكەنمەن ۋەدىمدە تۇرۇشۇم كې ـ
رەك، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيلا كېتىپ قالسام سەت بولار دەپ ئويلىدى ئۇ.

يىراقتىن بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ھەدەپ ئۇياق ـ بۇياققا قارايتتى. ئۇ
دەل ئىدرىس مۇئەللىم ئىدى، قەلبىنۇر سەل جىددىيلەشكەن ھالدا قولىدىكى قول
ياغلىقىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى. ئىدرىس مۇئەللىم تېز ـ تېز چامداپ قەلبىنۇر ـ
نىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ كېچىكىپ قالدىم، رەنجىمەڭ! ــ دېدى ئۇ ئەپۇ سوراپ.

ــ مەنمۇ ھازىرلا كەلگەنىدىم، ــ دېدى قەلبىنۇر.

ــ ئەھۋالىڭىز قانداقراق، يەنىلا ئۇرۇمانىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتامسىز؟ ــ دەپ
سورىدى ئىدرىس مۇئەللىم.

ــ ھەئە، شۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، باشقا جايدىن بىر ئېغىز ئۆي ئىزدەپ باقايمى ـ
كىن دەيمەن، ــ دېدى قەلبىنۇر ئىدرىس مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

ــ ئەگەر سىز ئۇيەردە تۇرۇشنى بىزەپ كۆرسىڭىز، مەكتەپنىڭ ئىچىدە بوش ئۆي ـ
لەر بار، مەن مۇدىرغا ئېيتىپ بىرەر ئېغىز ئۆي ھەل قىلىپ بېرەي، ــ دېدى ئىدرىس
مۇئەللىم.

ــ ئۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، رەھمەت سىزگە! ــ دېدى قەلبىنۇر.

ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە، جىم ئولتۇردى. بىر پەستىن كېيىن ئىدرىس مۇئەللىم يەنە
گەپ تەشتى.

— قەلبىنۇر بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— بىلمەيمەن، — دەپ بېشىنى چايقىدى قەلبىنۇر.

— قەلبىنۇر، — دېدى ئىدرىس مۇئەللىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سىز تېخى ياش، بۇنداق ياشاۋېرىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، غۇنچەممۇ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولدۇ. ھايات دېگەن يەنىلا گۈزەل، ئالدىڭىزدىكى گۈزەل تۇرمۇش قەلبىڭىزدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.

قەلبىنۇر ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. ئىدرىس مۇئەللىمنىڭ سەمىمىي سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مۇزنى ئېرىتكەندى. لېكىن شۇئانلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە داۋالغۇش پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى قادىرمۇ مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالمىغانمىدى؟

قەلبىنۇر دەرھال ياغلىق بىلەن يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتىۋەتتى.

ئىدرىس مۇئەللىم قولىنى قەلبىنۇرنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ دېدى:

— بىللە ئىشلەۋاتقىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن بولدى. سىزنى خېلى ئوبدان چۈشىنىپ قالدىم.

قەلبىنۇر قولىنى ئاستا تارتىۋالدى.

— لېكىن مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئانچە بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ.

ئىدرىس مۇئەللىم ھەيرانلىق بىلەن قەلبىنۇرغا قاراپ قالدى. قەلبىنۇرنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا ياداڭغۇ ھەم سولغۇن كۆرۈنگەن بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ قەيسەر ۋە تەمكىنلىكىنى سەزدى.

## 15

نۇربىيەنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى توشقانىدى. شۇڭا تۈركىيىگە قايتىپ كەتتى. نۇرىمان، قەلبىنۇر، غۇنچەم ۋە نۇربىيەنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر كەلگەنىدى. ھەممەيلەن كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ نۇربىيە بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

نۇربىيە ئايروپىلاننىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئىنتايىن زېرىكتى. يۈرىكىنى چىدىغۇسىز بىر خىل ھىجران قايغۇسى قامالىۋالدى. تۈركىيىدىن كەلگىچە ئۇنىڭغا شەپقەت ھەمراھ بولغانىدى. ھازىر يېنىدا ساپ ناتونۇش ئادەملەر ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئالغان كىتابلىرىدىن بىرنى چىقىرىپ ۋاراقلىدى. بىراق بۇ كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسى قەلبىدىكى ھىجران قايغۇسىنى چىقىرىۋېتەلمەيتتى.

ئۆمۈر بويى كىتاب ئوقۇپلا ئۆتۈپ كېتەمدىم؟ زادى بىرەر ھەمراھ تېپىشىم شەرتمۇ؟ نىكاھ شۇنچە مۇھىم، شۇنچە قەدىرلىك نەرسىمۇ؟ ھەممە كىشى بېشىدىن كەچۈرمىسە بولمايدىغان تۈزۈممۇ؟

ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى پىكرى چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇ قايتا - قايتا ئويلاندى، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ھەسرەتلەندى.

ئايال كىشى بولماق نېمىدېگەن تەس - ھە!

ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي شەپقەت بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى ئازراق سۆيۈنگەندەك بولدى. شەپقەت بۇ قېتىم ماڭا قانداقراق مۇئامىلە قىلار؟ ئۇ تېخىچىلا پەرىشان بولۇپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ھېلىقى يامغۇرلۇق كېچە ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ...

ئايروپىلان بارا - بارا دېڭىز قولتۇقىنى بويلاپ ئۇچۇپ، ئاستا - ئاستا ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ئۇلاپ تۇرغان گۈزەل شەھەر ئىستانبۇلغا كېلىپ قوندى.

نۇربىيە ئۆزىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھېچكىمگە خەۋەر قىلمىغانىدى. شۇڭا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋالغىلى چىقمىدى. ئۇ ئايرودرومدىن چىقتى، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل يالغۇزلۇق ھەم بىئاراملىق قاپلىغانىدى. ئۇ تاكسىدىن بىرنى چاقىرىپ مەكتەپكە قايتماقچى بولدى. ئىستانبۇلنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ھازىر ئۇنى تۇنجى قېتىم كەلگەندەك جەلپ قىلالمىدى. سان - ساناقسىز كىچىك ماشىنىلار كوچىلاردا خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشەتتى. ئادەم ماڭىدىغان يوللاردا كىشىلەر جىم - جىم ماڭاتتى. ئاشۇ كىشىلەر نەلەرگە ماڭغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆي ماكانى بارمىدۇ؟ ھەممىسى بەختلىكمىدۇ؟ بۇ يەردە يەنە كەم دېگەندە ئىككى يىل تۇرىمەن، چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىم كېرەك. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بىلىمگە ئىنتىلسەملا ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلىشىم مۇمكىن... ئۇ مەكتەپكە يېقىنلاشتى. تاكسى مەكتەپنىڭ ئالدىدا توختىدى. مەكتەپ ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا سان - ساناقسىز كۆك كەپتەرلەر ئەركىن - ئازادە ئۇچۇپ يۈرەتتى، ھېچكىممۇ ئۇلارغا چېقىلمايتتى، ئەكسىچە كىشىلەر يېنىدىن پۇل چىقىرىپ دان ساتقۇچى مومايدىن دان سېتىۋېلىپ ئۇلارغا دان سېلىپ بېرەتتى. مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە سۇلتان ئەخمەت جامائەسى بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئېگىز - ئېگىز پەشتاقلىرى كۆككە تاقىشىپ تۇراتتى.

ساۋاقداشلىرى نۇربىيەنى ئاددىيلا كۈتۈۋالدى. بەزىلىرى ئۇنىڭ چامادانلىرىنى كۆتۈردى. بەزىلىرى ئۇنى قۇچاقلاپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپسەنغۇ، دەپ ماختاپ قويدى. بىراق ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا خۇشاللىقنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەپقەت كۆرۈنمەيتتى، ئۇ سەل ئەپسۇسلانغاندەك بولدى، بىراق ئۇلاردىن شەپقەتنى سوراشقا پېتىنالمىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، نۇربىيە ساۋاقدىشى گۈلەمبەرنى چاقىرىپ قارا دېڭىز بويىغا باردى. بىپايان دېڭىز گويا ھېرىپ قالغاندەك جىمجىت تۇراتتى. سۇ قۇشلىرى پەس ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، دېڭىز يۈزىنى سۇس تۇمان قاپلاپ تۇراتتى. يىراق جايلاردىن پاراخوتلارنىڭ گۇدۇك ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

نۇربىيە تۇيۇقسىز گۈلەمبەردىن شەپقەتنى سورىدى.

گۈلەمبەر نۇربىيەنىڭ بۈگۈن چوقۇم ئۇنى سورايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ كۆزلىرىنى نۇربىيەدىن قاچۇرۇپ دېڭىزغا تىكىلىپ تۇردى. نۇربىيەنىڭ يۈرىكى بىر خىل

شۇملۇق ئالامىتىنى سەزگەندەك بولدى.

— ھە، تېزرەك كەپ قىلساڭچۇ، — دەپ نۇربىيە ئۇنى ئالدىراتتى.

گۈلەمبەر ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

شەپقەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەيپىياتى ئانچە نورمال بولمىغان، كۈن بويى خامۇش ھالدا يۈرگەن. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ كۈندە مۇشۇ دېڭىز بويىدا يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن. بىراق شەپقەت نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمىگەن. ئۇنىڭ مەكتەپ ئىچىدە مەست بولۇپ يېتىپ قالغان چاغلىرىمۇ بولغان. ئۇ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ نەگىدۇر بىر ياققا بارماقچى بولۇپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر ماشىنىغا ئۇرۇلۇپ كېتىپ قازا بولغان.

— نېمە؟ — نۇربىيە بۇ گەپكە ئىشەنمىگەندەك سورىدى، — قاچان شۇنداق بولدى؟

— بىر ھەپتە بولدى، — دېدى گۈلەمبەر ھەسرەتلىك تىنىپ.

نۇربىيەنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ گەپ قىلغۇسى بار ئىدى، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمىدى. گۈلەمبەرگە يۆلىنىپ، قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ قالدى. بىردىنلا ھېلىقى ياخۇرلۇق كېچە ئېسىگە كەلدى. ئەگەر شۇ كېچە شەپقەتنىڭ توي قىلىش تەلىپىگە قوشۇلغان بولسام بەلكىم بۇنداق ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولاتتىمىكىن؟ ھەي، بىچارە شەپقەت، نېمە ئانچە ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭ؟ بىز يات ئەلدە مۇشۇ يەردە كۆرۈشمەكچى بولغان، كېلەر يىل يۇرتقا بېرىپ قولۇڭنى داۋالاتماقچى بولغان ئەمەسمىدۇق؟ مېنى كۈتۈپ تۇرساڭ بولماسمىدى؟ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولامدۇ؟ ئۇلۇغ ئاللاھ، ئاشۇنداق دىلى سۇنۇق ئاجىز بەندەڭنى ئاسراپ قالساڭ بولماسمىدى؟ ...

— شەپقەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپتىكەن، ئۇرۇمچىدە سەن بىلەن بىللە چۈشكەن رەسىملىرى چىقىپتۇ، — دېدى گۈلەمبەر.

نۇربىيە ئاخىرى ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئۇ يۈگۈرۈپ دېڭىز قىرغىقىغا بېرىپ يۈزىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، دېڭىز شامىلى ئۇنىڭ بۈدۈر چاچلىرىنى، كۆڭلەكلىرىنى لەپىلدىتەتتى. ئۇ قولىدىكى ئاچچىق ياش بىلەن ھۆللەنگەن ئاق ياغلىقنى ئاچچىق دېڭىز سۈيىگە تاشلىدى. ئاق ياغلىق دېڭىز يۈزىدە بىردەم لەيلەپ ئاستا - ئاستا چۆكۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ئاشۇ ئاق ياغلىق بىلەن بىللە قارا دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قايناملىرىغا چۆكۈپ كەتكەندەك بولدى.

## 16

نۇرىمان مەخمۇتجان بىلەن تۇمەن دەرياسى بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى. نۇرىمان تۈنۈگۈن قەشقەرگە كەلگەنىدى. مەخمۇتجاننىڭ ئىككى قىزى دەريا بويىدا سۇ ئويناپ يۈرەتتى.

تۈنۈگۈن ئاخشام كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىككى قىز كىنو كۆرىمىز دەپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار دېۋاندا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

ــ نۇرىمان، ــ دېدى مەخمۇتجان تەقەززالىق بىلەن، ــ بۇ قېتىم ئېنىق جاۋاب بېرەلەمسىز؟

ــ بۇ قېتىم يەرلىك كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون ئۆيۈشتۇرغان داۋالاش ئۆمىكى بىلەن بىللە كەلدىم. ئالتە ئاي تۇرىمىز، ــ دېدى نۇرىمان.

ــ ئەجەپ ئوبدان بوپتىغۇ! ــ مەخمۇتجان خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ دېمەك بۇ قېتىم ھەممە ئىشلارنى بىراقلا تۈگىتىدىكەنمىز - دە.

نۇرىمان بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. مەخمۇتجان خۇشاللىقىدىن نۇرىماننى ئېگىز كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق ئۇ نۇرىماندىن خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ــ ناۋادا ئىككىمىز بىر ئۆيگە كىرىپ قالساق، سىز قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈشكە چىدىيالامسىز؟ ــ دېدى نۇرىمان.

ــ چىدىمايدىغان نېمىسى بار؟ سىزلا چىدىسىڭىز بولىدى، ــ دېدى مەخمۇتجان قىلچە ئىككىلەنمەي.

نۇرىمان مەخمۇتجاننىڭ گېپىگە كۈلۈپ:

ــ مېنىڭچە ئەر - ئايال باشقا - باشقا يەردە ئايرىلىپ تۇرسا ياخشىكەن! ــ دېدى.

ــ نېمە ئۈچۈن؟

ــ داۋاملىق بىر ئۆيدە تۇرسا ئاسانلا بىر - بىرىدىن زېرىكىپ قالىدۇ، بىر بىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ئايرىم جايدا تۇرساتلىدىكى ھەر خىل ئۇششاق - چۈششەك سۈركىلىشلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە يېڭى - يېڭى ھېس - تۇيغۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدۇ. بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ئاشىدۇ، ــ دېدى نۇرىمان.

ــ بۇ گېپىڭىزمۇ قىسمەن توغرا، بۇ پىكرىڭىزگىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن، ــ دېدى مەخمۇتجان كۆزلىرىنى ئۇيىنىتىپ، ــ بىراق بارا - بارا بۇ خىل ئويىڭىزنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىغىمۇ ئىشىنىمەن!

ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالدى. قىزلار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. مەخمۇتجان نورىماننىڭ چىرايىغا كۆز ئۈزمەي قارايتتى. نۇرىماننىڭ ئىككى ئېگىز كۆكسى تىنىقى بىلەن بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىپ تۇراتتى. مەخمۇتجان ئاستا نۇرىماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. نۇرىمان بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قولىنى تارتىۋالماقچى بولدى.. بىراق، مەخمۇتجان ئۇنىڭ قولىنى بەك چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. مەخمۇتجان يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋالدى.

ــ ئۇنداق قىلماڭ، قىزلار تېخى ئۇخلىمىدى! ــ دېدى نۇرىمان نازلانغاندەك.

ــ ئاللىقاچان ئۇخلاپ بولدى! ــ دېدى مەخمۇتجان.

مەخمۇتجان نۇرىماننى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇنى يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. نۇرىمان تىنالماي قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. نۇرىمان شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ مەخمۇتجاننى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانلى-

قىزنى سەزدى. بولمىسا مەخمۇتجاننىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە ئاستا - ئاستا ئىللىق بىر ھارارەت تارقىلىشقا باشلىدى. نۇرىمان دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى.

مەخمۇتجان نۇرىماننىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىغا قاراپ:

— ئاخشامقى ئىشلارنى ئويلاۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسكى، ئەسكى! — دېدى نۇرىمان كۈلۈپ، ئۇنىڭ يۈزى بىردىنىلا ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئىككى قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، داديسىدىن دەريا بويىدا رەسىمگە تارتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. مەخمۇتجان خۇشال ھالدا ئاپپاراتنى ئېلىپ ئۇلارنى سۈرەتكە تارتماقچى بولدى. مەخمۇتجان نۇرىماننىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ بىللە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. نۇرىمان ئىككى قىزنى ئىككى تەرىپىگە ئېلىپ تۇردى. مەخمۇتجان ئاپپاراتنىڭ كونۇپكىسىنى باسماقچى بولغاندا نۇرىمان:

— سىزمۇ كېلىڭ، ئاۋۇ كىشى بىزنى تارتىپ قويسۇن، — دېدى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچىنى كۆرسىتىپ.

يولۇچى ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىپ قويدى.

بىر يېڭى ئائىلە مۇشۇنداق ۋۇجۇدقا كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

## 17

يەكشەنبە كۈنى، قەلبىنۇر غۇنچەمنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ ئويناتقاندىن كېيىن ھېلىقى ۋەھىمىلىك قارىياغاچلىققا كېلىپ قالدى.

قارىياغاچلىققا كېچىسى ئادەم كەلمىگەن بىلەن، كۈندۈزلىرى ئۇ يەردىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. غۇنچەم ياۋا گۈللەرنى تېرىپ يۈرەتتى. قەلبىنۇر بىر تاشنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ دەل ھېلىقى كېچىدە قەلبىنۇر ئولتۇرغان تاش ئىدى. قەلبىنۇرنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ خۇددى بىر ئاسار - ئەتىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقاندەك، ئۇ تاشقا ئۈزاقىچە قاراپ قالدى.

تاشنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە گېزىت تۇراتتى. ئېھتىمال ئۇ گېزىتنى باشقىلار ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك. قەلبىنۇرمۇ ئاشۇ گېزىت ئۈستىدە ئولتۇردى. بىر چاغدا زېرىكىپ ئەسنىدى ۋە ھېلىقى گېزىتنى قولىغا ئالدى. گېزىتتىكى ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. گېزىتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر خەۋەر ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «يېقىندا شەھىرىمىزدە بىر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ - سېتىش دېلوسى پاش قىلىندى. قادىر، ئارزۇگۈل قاتارلىق بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ - سېتىش ھەمدە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى ...» قەلبىنۇر دەسلەپتە بۇنىڭغا ئىشىنەلمەي قايتا ئوقۇدى.

ئەمدى ئۆز جايىڭنى تېپىپسەن، دەپ پىچىرلىدى قەلبىنۇر ۋە ئۇلۇغ - كىچىك

تىندى. قەلبىنۇر ئون يىلدىن بېرى تارتىپ كەلگەن دەرد - ئەلەملىرى گويا ئاشۇ تىنىق بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى.

— ئاپا، نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ — غۇنچەم بىر تۇتام ياۋا گۈلنى كۆتۈرۈپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — گېزىتتە نېمە خەۋەرلەر بار ئىكەن؟

قەلبىنۇر سەل ئالاقزادە بولۇپ، قولىدىكى گېزىتنى پۈرلەپ ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

— نېمە خەۋەر بولاتتى؟ ئادەتتىكى خەۋەرلەر! پاھ، ئەجەب چىرايلىق گۈللەرنى تېرىپ كەپسەنغۇ؟ — دېدى قەلبىنۇر. ئۇ، مەنغۇ ئۇ مەخلۇقتىن ئايرىلىپ قۇتۇلدۇم، بىراق سەن يەنىلا شۇنىڭ بالىسى، قانداش مۇناسىۋەتنى ئايرىۋەتكىلى بولامدۇ، دەپ ئويلىدى ۋە:

— قارا، بۈگۈن نۇربىيە ھەدەڭ بىلەن نۇرىمان ھەدەڭدىن خەت كەپتۇ، — دەپ سومكىسىدىن ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

— ئۇلار خەتتە مېنى سوراپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى غۇنچەم.

— ھەئە، ئىككىيلەنلا خېتىدە ساڭا سالام ئېيتىپتۇ. نۇرىمان ھەدەڭ ئەمدى كەلگەندە ساڭا ئاداش ئالغاچ كېلىدىكەن، نۇربىيە ھەدەڭ ساڭا تۈركىيىنىڭ چىرايلىق قورچاقلىرىدىن ئالغاچ كېلىدىكەن، — دېدى غۇنچەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

غۇنچەم يەنە گۈل تەرگىلى كېتىپ قالدى.

نۇرىمان بىلەن نۇربىيەدىن خەت كەلگىنى راست ئىدى. نۇرىمان خېتىدە، مەخمۇتجان بىلەن ئۆكتەبىردە توي قىلماقچى بولغانلىقىنى، نۇربىيە بولسا شەپقەتنىڭ قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايدىغانلىقىنى يازغانىكەن... ئۇلار ئىككىسىلا قەلبىنۇرغا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشىنى، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن ئەر كىشىلەرگە ئۆچ بولۇپ قالماسلىقىنى، ياخشىراق بىر كىشى ئۇچرىسا توي قىلىشىنى تاپىلىغانىكەن.

نېمە ئۈچۈن ئەر كىشىلەرگە ئۆچ بولۇپ قالىمەن؟ خۇددى بىز ئايال خەقلەرگە ئوخشاش دۇنيادىكى ئەر كىشىلەرنىڭ ياخشىسىمۇ، ئەسكىسىمۇ بار، دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر ئاچچىققىنا كۈلۈمسىرەپ.

قەلبىنۇر بۇ ئىككى پارچە خەتنى سومكىسىغا سالدى. شۇ چاغدا قولى بىر قۇتىغا تەگكەندەك قىلدى. ئۇ ئۇيقۇ دورىسىنىڭ قۇتىسى ئىدى. قەلبىنۇر ئاچچىق كۈلۈپ، قۇتىنى ئېلىپ ئوتلاق ئارىسىغا تاشلىۋەتتى.

— قەلبىنۇر، بىر نەرسىڭىز چۈشۈپ قالدى! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قەلبىنۇر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدرىس مۇئەللىم تۇراتتى.

قەلبىنۇر خىجىل بولغان ھالەتتە ھېلىقى دورىنى ئىدرىس مۇئەللىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ، تېخىمۇ يىراق بىر يەرگە تاشلىۋەتتى.

كەچكى شەپەق نۇرى، يىراقتىكى تاغ چوققىسىنى گويا چوغدەك قىزارتىۋەتكەنىدى. قەلبىنۇر غۇنچەمنى چاقىرىپ كېلىپ، ئىدرىس مۇئەللىم بىلەن بىللە شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن ھالدا قارىياغاچلىقتىن چىقىپ كەتتى.

**ئابدۇرېھەم زۇنۇن**

# غەزەللەر

## 1

تەلمۈرۈپ كۆتتۈم ئۇزاق، جانان قېشىمغا چىقمىدىڭ،
سالدى قولۋاق بەزىلەر ئاققان يېشىمغا، چىقمىدىڭ.
ئۆرتىنىپ كۆيدى ئىچىم ئىشقى-پىراقىڭ تەپتىدىن،
بولدى چېھرىم زەپىران-تەپتى تېشىمغا، چىقمىدىڭ.
بىر قەدەم كەتمەي نېرى باقتىم ئۆيۈڭنى چۆگىلەپ،
مەن رىزا مەڭگۈ مۇشۇ قىلغان ئىشىمغا، چىقمىدىڭ.
كىرمىدى كاللامغا ئۆي، ھېچبىر خىيالىڭدىن بۆلەك،
تۈز بولۇپ تامدىك جىمى ئەتكەن ئىشىمغا، چىقمىدىڭ.
بارمۇ سەن، كەتتىڭمۇ تاشلاپ داغۇ ھىجران چۆلىگە؟
قايىندى ئوغام راسا، تەگدىڭ چىشىمغا، چىقمىدىڭ.
نەچچە يىللىق دەرد-ئازاب ئۆتتى بېشىمدىن سۆيگۈ دەپ،
ۋە لېكىن قوندى پەقەت بىر ياش يېشىمغا، چىقمىدىڭ.
يۈتتى سەۋرىم ئاخىرى كەتتىم بوسۇغادىن قوپۇپ،
بەرمىدىڭ كۆڭلۈمنى جانان يا يېشىمغا چىقمىدىڭ.

## 2

بولۇرمۇ ئۈز چىرايىڭنى ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاتسام،
ئوتتۇڭدا ھەر نەپەس كۆيگەن يۈرەكنى گۈلگە ئوخشاتسام؟
يۈزۈڭ ئالما، لېۋىڭ چوغلۇق، قېشىڭ ھىلال دېگۈم كەلدى،
كەچۈر، ئوتلۇق كۆزۈڭنى بىر تىنىق سۇ — كۆلگە ئوخشاتسام.
چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەلنى ئېگەم بىر سەن ئۈچۈن بەرگەن،
دۇرۇس، ئالدىڭدا قەددىمنى مىسالى نۆلگە ئوخشاتسام.
يۈزۈڭدىن كۈلكە كەتمەيدۇ، تەبەسسۇم جىلۋە ئەيلەيدۇ،
ئەيىب ئەتمە، تومۇز، چۆلدە كۈلەر ۋىلۋىلىگە ئوخشاتسام.

سېنى ئابھايات دەيمەن ۋۇجۇدۇمغا ئېقىپ پۈتمەس،
سېنىڭسىز ياشنىماس ھەرگىز تېنىمنى چۆلگە ئوخشاتسام.

3

بولدى قىسماق سەرۋىدەك قەددىم نىھالىڭ ئالدىدا،
كۆز قاماشتى جىلۋىلىك ئايدەك جامالىڭ ئالدىدا.
ئىشتىياقىڭ ھەر نىگاھ ئۆرتەيدۇ قەلبىم قەسرىنى،
بولمەن مەجنۇن كېچە - كۈندۈز خىيالىڭ ئالدىدا،
ياتىدۇ بارچە گۈزەللىك كىرپىكىڭ قورشاۋىدا،
مەن كېيىك باغلاقتىكى قاشىڭ - كاماتىڭ ئالدىدا.
ئاي پاتار، چولپان ئاقار يەرگە خىجىللىق ئىلكىدە،
گۈن سۈپەت مەڭزىڭدىكى گۈل — قارا خالىڭ ئالدىدا.
مەن ۋىسالىڭنى تىلەپ يۈردۈم ئىشىق دەشتى سايان،
ئەقلى - ھوشتىن ئايرىلىپ قالدىم قامالىڭ ئالدىدا.
چۈشتى بويىنۇمغا بولۇپ سىرتماق ئەجەب قۇندۇز چېچىڭ،
تىزلىنىپ قالدىم قىرىق سۇمبۇلۇ - تالىڭ ئالدىدا.
ئاھ، مېنى سالدىڭ جىمى كويلارغا بار ئۇزلۇق بىلەن،
پوستى ئاقلانغان پىياز بولدۇم ۋىسالىڭ ئالدىدا.

4

سۆيدۈردى گۈلدەك بىر پەرى — غىلمانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى،
ئىشقى - مۇھەببەت بابىدىن سۇلتانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
تارتىلدى قەلبىم رىشتىسى قەلبىگە چىڭ زەر يىپ بىلەن،
باغلاپ ئەقىدە ساقلىغاي ۋىجدانىنى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
ئۆرتەندى دىل خانەم كۆيۈپ، بولدۇم كاۋاپتەك قاقسەنەم،
زىخلارغا تارتىپ قىيىندى بۇ جاننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
باقتىم قۇياشقا ھەر سەھەر، كەچلەردە يۇلتۇز، ئاي كۈتۈپ،
قۇچتۇردى ئوتلۇق كۆكسىدە ئاسماننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
قويىنۇمغا سالدىم ئاخىرى ئايىنى ئۈزۈپ مەن بىمالال،
كەلتۈردى تەزىمغە ماڭا چولپاننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
ئالدامچىلارنىڭ ئالدىدا كەلدىم ساداقەت كۆرسىتىپ،
يەڭدى مەككار تۈلكە ۋە شەيتاننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.
ئالدىم ۋاپا دەستۇرىدىن تەلىم ھامان شاگىرت بولۇپ،
ساقلار قىلىنچ تەگلەنسىمۇ ئىماننى ئىشقىمنىڭ كۈچى.

5

بالىقىدى مەڭزىڭدە كۈن ھۆسنىڭگە باقسام، ئەي پەرى،
پۈتمىدى شەپقەتلىرىڭ كۈيلەرگە قاتسام، ئەي پەرى.
مەن ئەگەر بولسام بىمار، پەرۋانە بولدۇڭ، يوقلىدىڭ،
سەن تەسەللىي ھەم شىپا دەردلەرگە پاتسام، ئەي پەرى.
سەن ماڭا قالقان بولۇپ كۆكسۈڭنى تۇتتۇڭ چەك چېغى،
مەن ئۈزۈمنى ياۋ ئوقىغا قارشى ئاتسام، ئەي پەرى.
ساقلىدىڭ ۋىجدان بىلەن ئاسراپ ھەمىشە پاك، ئامان،
چىن مۇھەببەت گۈلىنى كۆكسۈڭگە تاقسام، ئەي پەرى.
سۆيگۈ ـ مېھرىڭ يالقۇنىدا ئېرىتەرسەن سۇ قىلىپ،
مەن بولۇپ مۇز تاغ ئەگەر جۇتلاردا قاتسام، ئەي پەرى.
سەن ۋاپادارىم مېنىڭ قەلبىمدە كۈندەك پارلىغان،
يوق ئورۇن ياتلارغا دىل رىشتىمنى چاتسام، ئەي پەرى.
ئارمىنىم، بەختىم ـ ھايات مەنزىللىرىدە سەن بىلەن،
بىر بولۇپ نۇسرەت، ۋىسال قەنتىنى چاقسام، ئەي پەرى.

6

سەن تەبىئەتمۇ، باھار ـ يازنىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم،
تالمۇ سەن سوقسا شامال نازىك چىرايلىق، ئامرىقىم.
گۈلمۇ سەن، ئەنبەر، ئىپارمۇ قىلغۇچى جانلارنى مەست،
ناخشا ئېيتساڭ شۇنچە ئاۋازىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم.
بەزمە ـ مەشرەپ گۈلسەن، چاقچاقلىرىڭ، كۈلكەڭ ئېسىل،
شوخ، نەپىس مۇقامغا ماس سازىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم.
بىر كۆرۈپلا مەن ساڭا بولدۇم ئەسىر، قاچتى ھوشۇم،
سەن پەرىپەيكەرمۇ ئوبرازىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم؟!
ھەممە ئۈزلۈك سەندە جەم، ئۈزمەيدۇ قەلبىم رىشتىنى،
مەن ئۆمۈرلۈك ياندا ھەمرازىڭ چىرايلىق، ئامرىقىم.

7

دەرد تىغى چۈشتى غۇلاپ ئۈستۈڭگە يولداش، زارلىما،
چۆگىلەر باشىڭدا تۈگمەن تېشىدەك تاش، زارلىما.
بەزىدە پاتقاي قۇياشمۇ سۇر بۇلۇتلار باغرىغا،
ۋە لېكىن چىققاي يېرىپ شۇ دەم ئېتىپ قاش، زارلىما.

كۈنلەر ئېيتقان: «يېقىن بىر كۈلكىگە بىر يىغا» دەپ،
بولمىغاچ ھېچ ئىشتايىل، بىر ئىزدا توختاش، زارلىما.
بۇ ھاياتنىڭ قانۇنى شۇنداق، ئۆتەرسەن گاھ كۈلۈپ —
گاھى يىغلايسەن تۆكۈپ ياغۇر كەبى ياش، زارلىما.
بىل، زەھمەتسىز بۇ رېئاللىق چاچتى ئاستىڭغا تىكەن،
بېشىڭ ئاۋۇيلاپ يەتكۈچە نەچچەككە سەپەرداش، زارلىما.
زەر قۇياشتەك باقمىساڭ بىرلا نەزەردە ھەممىگە،
بولمىغاي ئەسلا ساڭا ھېچكىم نەپەسداش، زارلىما.
سەندە بولسۇن كۆپكە ئورتاق ئېزگۈ ھېس، قۇتلۇق خىيال،
ئەكسىچە بولسا خەلق بولماس تىلەكداش، زارلىما.
ھەق ۋە ناھەق ئىشلىرىڭغا ئەل بېرەر ئادىل باھا،
ئەل سېپىدىن ئايرىلىپ سەن بولما بەگباش، زارلىما.
قىلمىشىڭدىن ئال ساۋاق، بولما يامانغا يانتاياق،
شۇندا ئابدۇرېھىم ساڭا مەڭگۈگە قولداش، زارلىما.

قەنۋەرجان ئابدۇكېرىم (ئاتەش)

## چۈشلىرىمدە سەن

1

سەندىن يىراق، بەكمۇ يىراقتا،
سېنىڭ ئۈچۈن سوقار بىر يۈرەك.
ھەر كۈن ئۆتەر ھىجران - پىراقتا،
دىللىرىمدا پەقەت بىر تىلەك.
خىياللاردا ئاجايىپ دۇنيا،
ھەر تەرەپتە بىر يالقۇن — بىر ئوت.
ئاي، يۇلتۇزلار ھەممىگە گۇۋاھ،
تىلىشىدۇ لەۋلەشكەندە قۇت.

كېچە باقسام ئاسمانغا قاراپ،
ئاي ئىچىدە پارلايسەن روشەن،
بىتاپ قىلدى يۈرەكنى ئازاب،
سېغىنىمەن ھەر دەقىق، ئىشەن.
تاڭدا كۆز ياش، تامشىيمەن لەۋنى،
چۈشلىرىمدە سەن ۋە پەقەت سەن.

2

سەن ئۇياقتا، مەن ھەم بۇياقتا،
سېغىنىشىم دەريا، مەھبۇبەم.
«سۆيدۇم»، «مەڭگۇ!»، ھەر دەم قۇلاقتا،
بىز ئايرىلغان چاغنى ئەسلىسەم.
قاراڭغۇ باغ، پىنھان جىگدىلىك،
بولغانىدى بىز ئۈچۈن ماكان.
بولغانىدۇق گويا چىڭگىلىك،
شېرىن لەۋلەر يۈرەككە دەرمان.

بۈگۈن ئۈچۈن ئۆتمۈش — كەتكىنى،
يېڭى شەھەر يېڭىچە بىر چۈش.
كېتەر — ھىجران «بوزەك» ئەتكىنى،
قەرزداردۇر ۋىسالغا — كۈتۈش.
ھەر سايادىن سېنى سورايمەن،
چۈشلىرىمدە سەن ۋە پەقەت سەن.

3

ھىجران سۇرگەن سەرسان خىيالىم،
كىرىشۋالغان خانەمگە قېچىپ.
جانان تاتلىق ئۇيقۇدا بەلكىم،
ئۇيقۇسىز مەن، ئۇ ئوتلار چېچىپ.
يۈرەكتە ئوت، دىلدىكى ھىجران،
مەڭگۈ ئۆلمەس سۆيگۈنى تاۋلار.
ھىجران — سىناق، يوق دىلدا پىغان،
ساداقەتتە سۆيگۈمىز پارلار.
«سۆيگۈ» سۆزى ھەممىگە ئورتاق،
بىراق ھەر كىم قىلالماس غەلىبە.
ئېچىلىدۇ ھەر مۈشكۈل توساق،
سۆيگۈمىزنى ئاتىساق ئەلگە.
ئارزۇگۇلۇم سۆزۈمگە ئىشەن،
چۈشلىرىمدە سەن ۋە پەقەت سەن.

مۇھەممەت سالىم

# مەن بەشىنچى ئوكيان ياراتتىم

## مۇمكىنسىز ئارمان

يوقاتقانمەن ئېسىمنى تۈگەل،
ئەمما شۇنچە يارقىن خاتىرەم.
خۇدالىقنى ئىزدىگەچ گۈزەل،
بولۇپ تۇرۇپ ئاددىي بىر ئادەم.
خۇدالىقتىن كۆرە، بەك ھەۋەس
قىلاتتىم مەن ئالىم كەزگىلى.
ئادەملەرنى قاقشىتىپ ئەمەس،
ياشىنىپ بىر ھۇزۇر سەزگىلى.
پۈتتۈم شۇڭا ئۆزۈمگە قانات،
بىراق شەيتان كەتتى يۈگرىلەپ
مۇمكىن ئەمدى تېپىشىم مۇراد،
شەيتىنىمنى ئەتسەم بوغۇزلاپ.

## بەشىنچى ئوكيان

يەر شارىدا ئوكيان بار تۆتلا،
بىلەر بۇنى چوڭ - كىچىك ئىنسان.
ئىشەنمىسەڭ بەلكىم پەقەتلا،
بار دېسەم گەر بەشىنچى ئوكيان.
مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمە،
نېمە قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئەركىڭ.
مۇھەببەتتىن مېنىڭ قەلبىمدە،
مەن يوچۇن بىر ئوكيان ياراتتىم.
ئوكيان دېسەم، شۇنداق ئوكيانكى،
ئەمەس مۇزلۇق ۋە ياكى سۇلۇق.
ئۇپۇقۇن ياساپ تۇرغان ئۇندىكى،
مۇھەببەتنىڭ كۆلىخىنى ئۇلۇغ...

## ئەگەر

ئەگەر قۇياش يانسىلا ئەبەت،
سەييارىمىز تۇرسا ئايلىنىپ،
توختىماستىن جۇشقۇنلۇق يۈرەك،
سوقسا ھامان ئويناپ ۋە يېنىپ.
ئەگەر سۆيگۈ دەۋتى بىلەن
ئىزدەپ - سوراپ تاپسام مەن سېنى،
قۇتلۇقلارمۇ بىپايان ئالەم،
جازالارمۇ ۋە ياكى مېنى؟
ئەگەر دۇنيا مېنى سوراقلاپ،
كېسىم كەسسە: «دوزاخقا بەدەر!...»
قوچارسەنمۇ مېنى ئاقلاپ، يا
قاچارسەنمۇ تاشلاپ دەربەدەر.

قەييۇم تۇردى

## ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى — شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن بىز تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، شۇنداقلا «تۇرپان» ژۇرنىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمىزدىن ئىنتايىن خۇشالمىز.

ئالدى بىلەن، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە، تۇرپان شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇنداق بىر ياخشى يىغىننى ئۇيۇشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. يىغىنغا قاتناشقان تۆھپىكار ئەدىبلەر ۋە بارلىق دوستلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

يولداشلار:

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىدا خۇددى ئۈركەشلىگەن ئەزىم دەريادەك ئۈزۈلۈكسىز ئۇلغىيىپ، مەرىپەت گۈلزارلىقىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەۋائى، لۇتفى، سەككاكى، ئابدۇرېھىم نىزارىغا ئوخشاش يۈزلىگەن مەشھۇر ئەدىب، مۇتەپەككۇرلارنى ياراتتى. پەقەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەھمەد زىيائى، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق ئەدەبىيات چولپانلىرى بارلىققا كېلىپ، ھازىرقى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلامچىلىرى سۈپىتىدە يول ئاچتى ھەم يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشتى.

ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ پېشۋالىرى گەرچە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي جەريانلاردا بىر - بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شانلىق ئوبرازى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش - تەقدىرداش بولغان ئىجادىيەت روھى، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ، رەزىللىككە ئوت ئېچىش جاسارىتى، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يول

ئېچىپ ئىلگىرىلەش جاسارىتى بىزنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىشىمىزگە، ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئالىي غايە ۋە يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئېسىل ئەسەرلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — مۇشۇ ئەسىردە ياشىغان، ئىجاد قىلغان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن نەچچە ئونلىغان مەشھۇر ئەدىبلىرىمىزدىن بىرى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بايراقدارى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇرپان بوستانلىقىدا — ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمىي يىپەك يولىنى بويلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلە شارائىتى ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە تېز ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بەش يېشىدىلا ئۇيغۇر يېزىقىدا ساۋاتلىق بولغان، كېيىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپ، خەنزۇ تىل يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1916 - يىلى قازاقىستاننىڭ سەمەي ئوبلاستىدا بىر يىل ئوقۇپ رۇسچە ئۆگەنگەن، 1923-يىلدىن 1926 - يىلغىچە موسكۋادا ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا بەدىئىي ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيگەن. ئۇ ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بەدىئىي دىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان خەلق قوشاقلىرى، خەلق چۆچەكلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرىنى پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئاڭلاشقا ۋە ئۇنى يادلىۋېلىشقا ماھىر ئىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن سىستېمىلىق تونۇشۇپ ۋە ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن تۈگىمەس - پۈتمەس ئېسىل شېئىرلىرىنى يېغىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى. ئۇ نەۋائىي، فۇزۇلى، شەيخ سەئىدى، خوجا ئەخمەت قاتارلىق جاھانشۇمۇل ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قولدىن چۈشۈرمىگەن. ماكسىم گوركىي، ئابدۇللا توقاي، سەدرىدىن ئەينى قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ خىلمۇخىل ژانىر، ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئېسىل ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى بولغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەڭ دەسلەپ ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى، ئالدى بىلەن قېرىنداش خەنزۇ ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغان ھەمدە بۇ ئەدەبىيات ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن، ئۇ، سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندى، لى داجاۋ ئەپەندى ۋە لۇشۈن ئەپەندىلەرنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىنى خېلى بۇرۇنلا قىزىقىپ ئوقۇغان ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان «يېڭى ياشلار»، «شەرق» ناملىق سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ژۇرناللار ئۇنىڭغا ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى — چوڭ شەھەرلىرىدىكى يېڭىلىقلار، يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش ۋە دۇنيانى يېڭىچە نەزەر بىلەن كۆزىتىش يوللىرىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇراتتى. ئۇ، ماكسىم گوركىينىڭ «ماكار چۇدرا»، «بورانقۇش»، «لاچىن قوشىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەنە شۇ ژۇرناللار ئارقىلىق تونۇشقان. مەشھۇر خەنزۇ كلاسسىك رومانلىرى — «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا» نى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇددى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى پىششىق بىلگەندەك بىلەتتى ۋە ئۇنى دوستلىرىغا ماھىرلىق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى؛ خەنزۇ، رۇس، تاتار، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشۇشى ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق ۋە پۇختا ئاساس بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىشىگە ھەمدە خەلقىمىز ھازىرغىچە قەدىرلەپ كېلىۋاتقان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا كۈچلۈك ئاساس يارىتىپ بەردى ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى — شەرەپلىك ھايات، جەڭگىۋار ھايات، ئىجادىي كۈچكە تولغان ۋە خەلقىمىزگە مۇناسىپ مېۋە قالدۇرغان ھايات. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئاسمىنىنى زۇلمەت قاپلىغان 20 — 30 - يىللاردا ياشىدى، ئىجاد قىلدى، كۈرەش قىلدى. ئۇ ئەينى يىللاردا تەڭرىتاغ ئاسمىنىدا چاقناپ يانغان نۇرلۇق چولپان بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسەرلىرى تېمىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، مەزمۇنىنىڭ مولّلۇقى، ئۇسلۇبىنىڭ يېڭىچە ۋە ئاممىباپلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە چىرىك فېئوداللىزم تۈزۈمىگە، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە، ئەزگۈچىلەرنىڭ مۇستەبىتلىكىگە، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە ھەمدە قالاق ئادەتلەرگە قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچتى؛ ئىلغارلىق، ھەققانىيەت، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئۇنىڭ جەڭگىۋار قەلىمى ئارقىلىق نۇر چاچتى. ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمان، غايە - ئىستەكلىرى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نۇرغۇن ئېسىل شېئىرلىرى پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقىغا خۇددى ئالتۇن چاچقۇدەك تارىلىپ كەتكەن ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاغزىدا ناخشىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىلغار ئىدىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئەينى زامان ھۆكۈمرانلىرى، مەرىپەت كۈشەندىلىرىنىڭ دىتىغا ياقمىدى، ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. شائىر 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندا، ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەنىدى.

بىراق ئادالەتپەرۋەر شائىر ئۆلمەيدۇ!

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

1985 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 263 - نومۇرلۇق مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئېلىمىز ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا تۇتقان ئورنىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇقتۇرۇشتا: «شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932 - يىلى تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان؛ بۇ قوزغىلاڭ 1933 - يىلى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلگەن؛ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پائالىيەتلىرى — ئىلغار ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەت. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە تەسىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ قەبرىسىنى ياساشقا، ئىلغار ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا ھەمدە مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا خاتىرىلەش

پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، تەزىيە بىلدۈرۈشكە بولىدۇ» دېيىلگەن.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى، ھەمدە ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرى ئۈچۈن زور قوللاش ۋە ئىلھام.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئىلغار ئەسەرلىرى ھېلىمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە، تەقدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىز ئۇنى يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پېشىۋاسى، بايراقدارى ۋە باشلامچىسى سۈپىتىدە ياد ئېتىمىز، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىجادىيەت يولىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشىمىز زۆرۈر. ئىجادكار شائىر — دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، تارىخىي چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغانىدا، ئاڭلىق ھالدا «شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئەينى زامان، ماكان، شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان ئۇيغۇنىش دەۋرىنىڭ بەزى چاقىرىق ـ شوئارلىرى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك بولۇشى ناتايىن، ھەتتا ئەكسىچە رول ئوينىشىمۇ مۇمكىن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ مۇھىم بىر مەسئۇلىيىتىمىز تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى جىددىي ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن چۈشىنىشلىك، پۇختا يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن بىز بۇ يەردە يەنە «تۇرپان» ژۇرنىلى ئىجادىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. بۇ، نۆۋەتتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش، ياخشى باشلىنىش. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزىبىر قاراشلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتىم.

ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۇزاق يىل داۋام قىلغان «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىق ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ھازىر يەنە يېڭىباشتىن جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىش ـ راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە.

پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشان قىلىنغان ئىسلاھات قەدىمى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش دولقۇنى — نۆۋەتتە، ئېلىمىز، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى بولۇپ قالدى. بۇ خىل تارىخىي يۈزلىنىش — ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئىجادىيەت پۇرسىتى ۋە مول، جانلىق تېمىلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، يازغۇچى ـ شائىرلارغا ئۆز كارامىتىنى

كۆرسىتىدىغان كەڭ زېمىن يارىتىپ بەردى؛ شۇنداقلا ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاپ، رېئاللىققا كۆز تىكىپ، رىقابەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يولىنى كەڭ ئېچىپ بەردى. ئېنىقكى، بۇ بىزنىڭ تاللىۋېلىش پۇرسىتىمىز.

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 2 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي ھەيئەت ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى. مۇھىمى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كىچىك تىپتىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا ماھىر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە مول مەزمۇنلۇق باش تېمىسى روشەن، تەسىرى چوڭ يىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش مەسىلىسى؛ تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن بىللە، مۇھىمى، رېئاللىققا، ئاممىغا، تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ ھەيۋەتلىك يېڭىلاش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى ئالاھىدە مۇزاكىرە قىلىندى. تەبىئىيكى، بۇ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ـ تەبىئىيكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمىسىدە مۇناسىپ ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىقىش يولىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. بۇنىڭدا ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نۇقتىئىنەزەرنى، بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلى ۋە ۋاستىلىرىنى ئىسلاھات قىلىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ھەمدە ئۇنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت.

ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نۇقتىئىنەزەرى، ئىپادىلەش شەكلى ۋە ۋاستىلىرىنى يېڭىلاش دېگەنلىك جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ۋاقتى ئۆتكەن كونا كۆز قاراش، كونا نۇقتىئىنەزەر ۋە كونا نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش، ھەم مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىش دېگەنلىك.

مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى تۇرپان ئەدەبىيات ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا پايدىلىق تۆھپە قوشىدۇ؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قۇرۇلمىلىق، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇشتىن ئىبارەت رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە ئاكتىپ تۈرتكە بولىدۇ.

يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

**خەلىلچەم رىشىت**

# ئاجايىپ جاسارەت، يالقۇنلۇق مۇھەببەت

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — خەلقپەرۋەر، ۋە تەنپەرۋەر ۋدمەرىپەتپەرۋەر شائىر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى ئۇنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسى خەلقچىللىق ئىدىيىسىدىن ئۇزۇق ئېلىپ مۇكەممەللەشكەن ۋە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى خەلقچىللىق ئىدىيىسى خەلقنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى سۆيپەتلەش، مەدھىيىلەش ۋە ئۇلۇغلاش شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ مەنىۋى نامراتلىقىنى پاش قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ خىل پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چاندىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنى نەقەدەر قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەرنى ئاياپ تۇرماستىن پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش پەقەت لۇشۈن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش ئوت يۈرەك ئەدىب، قەھرىمانلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. بۇ خىل جاسارەتنىڭ مىللەتنىڭ تەركىبىدىكى ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

نادانلىق، خۇراپاتلىق قاتارلىق خىلمۇ خىل مەنىۋى نامراتلىقلار ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ. خەلق نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق پاتقىقىغا قانچىلىك چوڭقۇر پاتقانسېرى ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن «چۇلۇك ئۆتكۈزۈش» شۇنچىلىك ئاسان بولىدۇ. ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ پۇت - قوللىرىغا قانداق كىشەن - زەنجىرلەرنى سالماقچى بولسا، شۇنداق كىشەن - زەنجىرلەرنى سالالايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، خەلقنى نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلالايدۇ.

خەلقنىڭ نادانلىق ئىلكىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ ئۆزىنىڭ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ۋە خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا چاقىرىش ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

شائىر «غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدا:

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالىڭاياغ دەشسەپ تىكەن ماڭارمەن.

ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، ئاستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قولدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن.

دەپ يازىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا خەلق بىر پارچە نان ئۈچۈن ھۆكۈمرانلارغا ھايۋان قاتارىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتسا، قورساق تويغۇزۇپ جاننى ساقلاپ قېلىش ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇۋاتقان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، پۈرسىتىگە ئېرىشىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟! ئەۋزەل تەربىيىلىنىش پۈر- سەتلىرىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەملەرنىڭ نادانلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟!

شائىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈر مىسرالىرى ئارقىلىق زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتات- سىيە دەستىدىن ئىلىم - پەن ئۆگىنىش پۈرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن خەلقنىڭ نادانلىق چۆل- لىرىدە تىكەن - چاتقاللارنى دەسسەپ يالىڭاياغ يۈرۈۋاتقانلىقىدەك بىر كارتىنىنى سىزىپ چىقىپ، خەلقنىڭ غەپلەت ئىچىدە قولدىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان ئېغىر قايغۇسىنى، شۇنداقلا خەلقنى نادانلىق بويۇنتۇرۇقلىرىنى چېقىپ تاشلاشقا چاقىرىدىغان جەڭگىۋار خىتابلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىر «باردۇر» شېئىرىدىكى:

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.
گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي ھاڭ - تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق نادانلىق چۆللىرىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن خەلقنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش پۈرسىتىگە ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەقەللىسى ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىدىن، تەرەققىياتتىن خەۋەردار بولۇش پۈرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيۋات- قان پاجىئەلىك تەقدىرى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چېكىدۇ. شائىرنىڭ ھەرقاچان خەلق، خەلق دەپ سوقۇۋاتقان ئوتلۇق يۈرىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى ئۈچۈن پەلەكنى تىترىتىپ يىغلايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ ئەتىكى تەقدىرى بۈگۈنكى ياش - ئۆسمۈرلەرگە باغلىق بولىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» شېئىرىدىكى:

ئوقۇتماي بالىلارنى ئوينىشىپ، خوپ ياخشى ئىچۇق قىلدۇق،
ئېسىت! بۇ بالىلار ئاخىر يېرىم ناننى تاپالغايمۇ؟
ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ھاۋا، ھەم ئەۋزالىنى بۇزادى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق، بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟

دېگەن يالقۇنلۇق خىتابلىرىدا مىللەتنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىلارنى ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لۇشۈن ئەپەندىگە ئوخشاش پۈتكۈل جەمئىيەتكە ياڭراق ئاۋازدا «بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇڭلار» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈمىدىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا باغلايدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل ئۈمىدسىزلىك روھىنى قانداقمۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك خەلقچىللىق ئىدىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولسۇن؟!

دىنىي خۇراپاتلىق فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىكى ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىغان، ئۇلارغا يانتاياق بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى چىرايلىق چۈمپەردىلەر بىلەن پەردازلاپ كۆرسىتىدىغان قورقۇنچلۇق مەنىۋى قورال. دىنىي خۇراپاتلىق خەلقنىڭ بوينىغا سېلىنغان مەنىۋى تاقاق، پۇتىغا سېلىنغان مەنىۋى كىشەن. خەلقنى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلىم ـ پەننىڭ كۈشەندىسى، خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى قورقۇنچلۇق رەقىب ـ خۇراپاتلىق بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كىشىلەرنى دىيانەتلىك ئۆلىما سىياقىغا كىرىۋالغان دىندارلاردىن يىرگەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

شائىر ئۆزىنىڭ بىر رۇبائىيسىدا:

ئىسلىق سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كۆرۈشكە زاھىرەن تەقۋا، كۆرۈنمەستە خىيانەتلىك.

دەپ يېزىپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا خۇراپاتلىقنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇۋاتقان بەزى كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىتلىرى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققىنى بىلەن ھەممە ۋاقىت ئىسلام دىنىنىڭ پەرھىزلىرىنى بۇزۇپ، ئىسلام دىنىي شەرىئەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ھەققىنى يەپ، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرى، ھەتتا قادىر خۇداغىمۇ خىيانەت قىلالايدىغان رەزىل شەخسلەردىن ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەن ماقالىسىنىڭ تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

شائىر بىر پارچىسىدا:

بالىلارنى ئىبەردۇق دىن ئۈچۈن سەمەرقەندۇ، بۇخاراغا،
بۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاللا ھەيز ئىستىنجاغا يەتكۈزدى.

دەپ مۇبالىغە قىلىدۇ. شائىر سەمەرقەند ۋە بۇخارالارغا بېرىپ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەن تالىپلارنىڭ قانداقتۇر ئاتا ـ ئانىلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە پۈتۈن

يۇرت ئەھلى كۈتكەندەك ئاجايىپ زور نەتىجىلىرى بىلەن شان قۇچۇپ قايتىپ كەلمەستىن، ئەكسىچە ھېچقانداق مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئادەتتىكى بىر بالا، ئاددىي بىر پۇقرامۇ بەجا كەلتۈرەلەيدىغان تەرەت ئېلىشنى ئۆگىنىپ كەلگەنلىكىنى يېزىپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئادەمنى ئەقىل - پاراسەت بابىدا ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئادەمنى ئەقىل - پاراسەت جەھەتتىن چېكىندۈرۈپ ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ. بۇ شائىرنىڭ مۇبالىغىسىدىن تۇغۇلغان نېمىدېگەن كۈچلۈك مەسخىرە ھە! ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش مىللەت ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، مىللەت ئۈچۈن ياشاپ، مىللەت ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ياق، ئۇ تىلۇق يۈرىكىدىن خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇۋاتقان دىنىي خۇراپاتلىققا بولغان ئەنە شۇنداق كۈچلۈك مەسخىرە دۇنياغا كەلگەن.

مەنىۋى نامراتلىقنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ خۇددى پارازىت باكتېرىيىدەك خەلقنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاجايىپ ئېسىل، مول بايلىقلارنى شوراپ ۋە يەپ تۈگىتىدۇ. مەنىۋى نامراتلىق خەلقنىڭ نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ تەلتۆكۈس مەنىۋى ئازادلىققا ئېرىشىشىدىكى غايەت زور ۋە ئىنتايىن جاھىل توسالغۇدۇر.

ئۇيغۇرلاردا «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە» دېيىدىغان ماقال بار. بۇ ئىتتىپاقلىقنىڭ غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىققا چاقىرىدىغان خاسىيەتلىك ۋە ئىخچام خىتابنامە.

شائىر «باردۇر» شېئىرىدا:

تەئاۋۇنۇ - تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر.

دەپ يازغىنىدا خەلقنىڭ ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنىڭ چېچىلىشى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق، ئەكسىچە خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، نادانلىقتا قالغان خەلقنىڭ ئۆز رەقىبلىرىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلققە دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ئاگاھ بولۇشنى ئۇقتۇرماقچى بولىدۇ. چۈنكى شائىر مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خەلقنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا دۈشمەننىڭ ئادەم ئالدايدىغان نەيرەڭلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىققا ئۈندەش ۋە جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى دەۋر يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ تونۇيدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر» شېئىرىدىكى:

ئويۇن - چاقچاق تۆپىلىدىن دوستلار ئارا بىئەپ بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

دېگەن مىسرالىرىدا ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلگۈنچىلىكنىڭ بولۇش-

نى ئالقىشلاۋاتقان، خەلقىنىڭ ھاياتى ـ ماماتى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق ياكى ئىتتىپاق ئەمەسلىكىگە باغلىق بولۇۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چېچىلاڭغۇ، تارقاق ھالەتتىكى خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك مۇشكۇل بولۇۋاتقاندا، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاڭسىز ھالدا دۈشمەنىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، ئەسلىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى، تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى بىر جان، بىر تەن بولۇپ ئۇيۇشۇشقا چاقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خەلقنى ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشتۇرۇش غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر «باردۇر» شېئىرىدا:

ئىخۋان ھەم بۇرادەرلىك نىشانى قالمىدى بىزدە،

مەگەر دوست بولساقمۇ ئەسلى، بۆلەك مۇددىئايىمىز باردۇر.

دېگىنىدە بەزى كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىغا غەيرىي مۇددىئالارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يەنى ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە مەلۇم كىشىلەر بىلەن دوست بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى چاغدا ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشىشنىڭ ھەقىقەتەن مۇشكۇل ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت بولغان دوستلۇقىمۇ شەك چۈشۈپ قالغان، ھەقىقىي، چىن دوستلۇقنى تېپىش قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا خەلقنى ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ نەقەدەر جاپالىق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. شائىر بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن ۋە چېچىلىپ كېتىۋاتقان تەقدىرى ئۈچۈن ھەسرەت ئىلكىدە داد ـ پەرياد كۆتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ خەلقنى جەزمەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى نامايان قىلىدۇ.

شائىر يەنە:

ئۇيۇشۇپ بىر يەرگە باش قوشماي ئۆتەر كۈنلەر جاھالەتتە.

دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن تارقاقلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، ئۇيۇشماسلىقنىڭ خەلقنى جاھالەتكە مەھكۇم قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلىققا، ئۇيۇشۇشقا ئۈندەشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلايدۇ.

خۇشامەتچىلىك ــ مەنىۋى نامراتلىقنىڭ يەنە بىر روشەن بەلگىسى. شائىر «باردۇر» شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم كەمدۇر،

قۇۋلۇغۇ ـ شۇملۇق بىلەن زەكىمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.

خۇشامەت كىشىلەرنىڭ مەلۇم مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت

قىلىدىغان بىر خىل رەزىل ۋاستە. قۇۋلۇق ۋە شۇملۇق، يالغانچىلىق خۇشامەتنىڭ جىنى، خۇشامەت پەقەت قۇۋلۇق - شۇملۇق ۋە يالغانچىلىق بىلەنلا ئۆرە تۇرىدۇ. شائىر خۇشامەت ئادەمنى تۆكمىدەك مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرگىنى بىلەن ئادەمنىڭ ئابرۇيى، قەدىر - قىممىتىنى دەپسەندە قىلىپ تۆكتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇرمىغا قويۇپ، خۇشامەتچىلىكنىڭ شۇ قەدەر يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى خۇشامەتچىلىكتىن قول ئۈزۈشكە ئۈندەيدۇ.

ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى دائىملىق بىر ئىش، شۇنداقلا ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بالىلارنىڭ ئانىسىنى ئېمىپ قورساق تويغۇزۇشىنى بىلگىنىدەكلا ئاددىي بىر ساۋات.

شائىر «باردۇر» شېئىرىدىكى:

بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېيى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىنى ئاچقانىمىز باردۇر،

دېگەن مىسرالىرىدا ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بەزىلەرنىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئادەتتىكى پەزىلەتتىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەلەپلىرىگىمۇ يېتەلمەيۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئېچىنىش بىلەن ئۇنتۇرۇشقا قويىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر» دەيدىغان ماقال بار. گەرچە بۇ ماقالغا ئەرلەر ئەزىز ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بېسىلغان بولسىمۇ، ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنىڭ ئادەتتىكى ئىش ئىكەنلىكى، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالىيجانابلىق ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش ھەممە ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. ئەكسىچە يامانلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇ خىل ئالىيجانابلىق پەقەت يىراقنى كۆرەر، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، مەرد ئادەملەرگىلا مەنسۇپ. شائىر ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي ۋە نورمال تەلەپكىمۇ يېتەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى نامراتلىقتا قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل مەنىۋى مەرەزلەرنى ئېچىپ تاشلىشى، پاش قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان كۆچلۈك نەپرەتتىن تۇغۇلغان بولماستىن، بەلكى ئۆز خەلقىگە بولغان دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر مۇھەببەتتىن ئاپىرىدە بولغان.

شائىر «باردۇر» شېئىرىدا:

بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
قېلىپ غەبلەت، جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز پو ئاتقانىمىز باردۇر،

دەيدۇ. شائىر ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان نادانلىق ئىلكىدە ئۇخلاپ ياتقان مىللەت ئەمەسلىكىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان ئۇلۇغۋار تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلارنىڭ شانۇ - شۆھرىتى ۋە غەيرەت - شىجائىتىگە ۋارىسلىق قىلماي، يەنىلا نادانلىق ئىلكىدە ئۇخلاۋاتقان-

لىقى، ئۆزلىرىنىڭ نادان، بىچارە ۋە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىش ئۈيافقىتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۆزلىرىنى دانىشمەن، قۇدرەتلىك غالىبلاردىن ساناۋاتقانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ئۆز مىللىتىنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىكى تەقدىرى ئۈچۈنمۇ ئاھۇ - پەرياد چېكىدۇ، قاتتىق ئازابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ خەلقىنى نادانلىق، بىچارىلىك، مەھكۇملۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇلارنى مەدەنىيەتلىك، قۇدرەتلىك ۋە غالىب مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇشتەك گۈزەل غايىسى، كۈچلۈك ئىنتىزارلىقى ۋە سەمىمىي ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ «باردۇر» شېئىرىدىكى:

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۇرلۇك تۆھمەن بوھتانىمىز باردۇر.

دېگەن مىسرالىرىدىن خەلقىمىز ئىچىدە قىزىل كۆزلۈك قىلىپ ئادەم ئالدايدىغان، باشقىلارنىڭ شانۇ - شۆھرەتتە ئۆزىنى بېسىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان يامان ئىللەتلەرنىڭ خۇددى ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش يامراپ كەتكەنلىكىنى، بۇ خىل يامان ئىللەتلەرنىڭ خەلقنىڭ نادانلىق ۋە قۇللۇق كىشەن - زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىشىدىكى غايەت زور مەنىۋى توسالغۇ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئۆزى زەھەر ئىچىۋالغان بولسا باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش زەھەر ئىچىشىنى، ئەگەر ئۆزى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىنى تىلەيدىغان بۇ خىل پىسخىكا بىلەن قانداقمۇ مىللەتنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزغىلى بولسۇن؟! شائىر خەلقنىڭ ئەڭ جىددىي ئېھتىياجى ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى مەرەزلەرنى داۋالاپ ساقايتىش ئىكەنلىكىنى سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر «ھار» شېئىرىدا:

زۇلمىغا مەھكۇم بولۇپ، باش ئۇرۇپ، قول قوشتۇرۇپ،
نېمە دېسە راست دېمەك قۇللۇقتا قالغانىمىزكى...

تۈۋا - تەقسىر ئوقۇشۇپ، كارنايدىن ئالسا قورقۇشۇپ،
ئەستاغپۇرۇللا ئوقۇش، ئاۋاستى باسقانىمىزكى.

دەپ يازغىنىدا خەلقنىڭ ئەينى چاغدىكى جىسمانىي جەھەتتىلا قۇللۇق ئازابىنى تارتىپ قالماي، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىمۇ ئېگەم - كۈتىمىز قۇللۇقتا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىپ، شۇلارنىڭكىنى راسىت قىلىپ، ئۇلارغا تىز پۈكۈپ باش ئۇرۇۋاتقانلىقى، ئىتائەتمەنلىك ۋە ساداقەت بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ قۇللۇقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىرنىڭ ھەر قاچان مىللەت، خەلق ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرىكى ھەسرەت ۋە قايغۇ ئىسكەنجىسىدە پارە - پارە بولىدۇ. شائىر خەلقنى قورقۇنچاقلىق ۋە پۇشايمان ئىلكىدە ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى نابۇت قىلماسلىققا، ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇللۇقتىن، مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇش يولى ئىزدەشكە چاقىرىدۇ.

شائىر

قانچىلار ياتسا بۇلۇڭدا ئارسىز ئەپيۇن شوراپ،
قانچىلار شوپاڭدا ئىچسە مەست بولۇپ خۇمرا شاراب.
ئەي چىراغۇ، ئەي هاراق بارمۇ نومۇس بەرگىل جاۋاب،
سەن بىلەن بولمادىكەن بۇ هالىمىز زەبۇن خاراب.

دېگەن ياڭقۇنلۇق خىتابلىرى بىلەن قۇللۇق ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقار-غان چۈشكۈنلۈك ۋە مەنىۋى جەھەتتىن زەھەرلىنىشنىڭ مىللەتكە ھېچقانداق خۇۋلۇق كەلتۈرمەيلا قالماستىن، هاراق ۋە ئەپيۇنلارنىڭ خەلقنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ، مىللەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىچكۈلۈك ۋە چېكىملىككە بېرىلىشنىڭ قورقۇنچلۇق يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينى چاغدا بەزىلەرنىڭ ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە بېرىلىشى ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى رېئاللىققا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش بۇ خىل پاسسىپ نارازىلىق ۋە پاسسىپ قارشىلىق يولى ئەينى چاغدىكى جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايلا قالماستىن بەلكى خەلقنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، هۆكۈمرانلارنىڭ هاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىكىنى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شائىر چىراغ ۋە هاراققا خىتاب قىلىش يولى ئارقىلىق چۈشكۈنلۈكنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، خەلقنى چۈشكۈنلۈكتىن ئىبارەت بۇ تۇيۇق يولدىن قايتىپ، ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ رەك، داغدام يولىنى ئىزدەشكە ئۈندەيدۇ:

شائىر ئۆزىنىڭ «هار» شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ۋەزنى يېرىم پۇڭ ئەمەلگە مىنىپ، سىغماي تېرىگە،
ئەلنى سالماق پېرىگە، يالاقتا جان باققانىڭكى.

شائىر بەزىلەرنىڭ ئازراق ئەمەل تېگىپ قالسا ئۆزلىرىنى دۇنيادا تەڭداشسىز قۇدرەتلىك سانىشىپ تېرىسىگە سىغماي قېلىۋاتقانلىقىدىن، ئاشۇ يېرىم پۇڭلۇق ئەمەلىنى يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، ئاۋام خەلقنى خالىغانچە بوزەك قىلىش بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بەزى كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ تېرىسىگە سىغماي قېلىشى بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى بېسىش جەريانىدا مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىشىپ ئۆزىنى سەرىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شائىر بەزىلەرنىڭ كىچىككىنە ئەمەل ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتى ۋە ۋىجدانىنى بەدەل بېرىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىپ، ئەمەلنىڭ ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ۋە ۋىجدانىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، تېخىمۇ كۆچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

هەر بىر كىشىدە مىللىتىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، مىللەتنىڭ مەنپەئىتى

ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلايدىغان ئۇلۇغۋار روھ بولۇشى كېرەك. پەقەت شۇنداق روھقا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن، مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە گۈللەپ ـ ياشنىيالايدۇ.

شائىر «باردۇر» شېئىرىدا:

يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى مۇشكۇل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.
ئۆمۈمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.
......
ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل چىقىش كەلسە تاپالماسمىز،
چىقىمى يوق ناۋا پۇلغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.

دېگەن كۈچلۈك تەنقىدىي ئارقىلىق مىللەتنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، مىللەتنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيۈمدە ئاقماق تۇغۇل، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاچىسىز ھالدا مىللەتنى پارچىلاش، مىللەتنى ئاجىزلاشتۇرۇش يولىدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارنى، شۇنداقلا بىرەر تال چىۋىقتا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەرگە شېرىن مېۋىلىرى بىلەن لەززەت بېرىۋاتقان نەچچە ئون يىللىق باراقسان دەرەخلەرنى ئۆرۈۋېتىدىغان، بىر مىسقال ئالتۇن ئۈچۈنمۇ ھەيۋەتلىك ئالتۇن مۇنارلارنىڭ ھۇلىنى كولاپ غۇلىتىۋېتىدىغان ئەخمەقانىلىقلارنى كۈچلۈك تۈردە ئەيىبلەيدۇ. بۇ خىل ئەيىبلەش نابۇت قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولمايلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك داۋالاش خاراكتېرىگە ئىگە.

خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىق چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنسانىي سالاھىيەت بىلەن ياشاش ۋە گۈللەپ ـ ياشناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يۈكسەك غايىسى ۋە كۈچلۈك ئۈمىدى ئىدى.

شائىرنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قېنى بولغاچقا، ئۇ ئۆز خەلقىنى ـ ئۇيغۇر مىللىتىنى سۆيەتتى، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ياشاپ، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلالايتتى. پەقەت شائىرنىڭ يۈرىكىلا بىر ئۆمۈر خەلق دەپ سوقۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىلىمۇ بىر ئۆمۈر خەلق دېگەن سۆزنى توختىماي زىكرى قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن خەلقچىللىق ئىدىيىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە تەتبىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئوسمان سىلام

## مەنزىرە ئىچىدىكى ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات ئىچىدىكى مەنزىرە

مۇئەييەن ئەدەبىيات قارىشى ۋە بەلگىلىك ئېتىقادى بىلەن رېئاللىقنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن يورۇتۇپ كېلىۋاتقان شائىر ئابلەت ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئىلى ئالمىسىدەك رەڭدار - جۇلالىق، قويۇق لىرىكىلىق، چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلىرى بىلەن خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. شائىر ھازىرغىچە «ئىلى مۇھەببىتى»، «ئىلى باغۋەنچىلىكى»، «كەنمان باتۇر»، «ئاق دالا» قاتارلىق تۆت توپلىمىنى ئەل ھوزۇرىغا سۇندى. ئۇنىڭ تۇنجى توپلىمى — «ئىلى مۇھەببىتى» گە «كانىكولدا»، «ئىلى مۇھەببىتى» قاتارلىق 37 پارچە شېئىرى ھەمدە «ئەخمەتجان ئېيتقان ھېكايە»، «ئالبوم» ناملىق ئىككى داستانى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. تۆتىنچى توپلىمى — «ئاق دالا» غا شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تازا ۋايىغا يېتىۋاتقان مەزگىلىدىكى «سابىق كاپىتان پوستا تۇرغان يەر»، «ئانا شەھىرىم»، «تۇرمۇش»، «چىدىساڭ ياشا»، «چەكمەڭلار جۇۋانىڭ دېرىزىسىنى» ۋە «يۈز يىلدىن كېيىنكى كىتابخانىغا» قاتارلىق 57 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

رېئاللىققا قانداق مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بەدىئىي دىتىغا باغلىق. رېئال تۇرمۇش يازغۇچى، شائىرلارنى يېڭى تېما، مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتكەندىن تاشقىرى يەنە باي تەسەۋۋۇر ۋە جۇشقۇن ھېس - تۇيغۇلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا شائىر ئوبيېكتىپ چىنلىقنى قەلب چىنلىقىغا، تۇرمۇش چىنلىقىنى سەنئەت چىنلىقىغا كۆتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. شائىر ئابلەت ئابدۇللا ئىجاد ئەتكەن نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب ئۇلارغا يالغان، قۇرۇق ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي، ساپ ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن. «سېنىڭ ئىشقىڭ» ناملىق شېئىرىدا شائىرنىڭ نۇرغۇن قەلەمكەشلەرگە ئوخشاش دەرەخ بولۇپ زېمىننى قۇچاقلىغۇسى، ئويناق، ئەركە سۇ بولۇپ زېمىن باغرىنى سۆيۈپ ئاققۇسى، ھارارەتتىن پارغا ئايلىنىپ، كۆكتىن يەرگە تامغۇ-

سى، مەيىن باھار شامىلى بولۇپ، زېمىننىڭ
چاچلىرىنى يۇمشاق تارىغۇسى، كۆكتىكى
يۇلتۇز بولۇپ، زېمىن جامالىغا تويىماي
باققۇسى كېلىدۇ. شائىر بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ
شۇ خىل مۆجىزاتلىرىنى ئىنسانلاشتۇرۇپ
باقىدۇ. ئەمما تەبىئەت ھۆسنىدە قىلچە
ھېسسىيات، مۇھەببەت يوقلۇقىنى نەزەردە
تۇتۇپ، يەنە ئىنسانلىققا قايتىدۇ ۋە
ئارقىدىنلا:

ياق!
بولمايمەن تەبىئەت ھۆسنى،
تەبىئەتتە يوق ھېسسىيات، يۈرەك.
سېنىڭ چەكسىز، ئۇلۇغ سۆيگۈڭنى
سېزىش ئۈچۈن پاك يۈرەك كېرەك.

دەپ يېزىپ، ۋەتەننى، زېمىننى پەقەت
پاك يۈرەك ئېگىسىلا سۆيەلەيدىغانلىقىدىن
ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىجاد قىلىنغان ھەربىر شېئىرىنى
ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئۆتكۈزگەن ئەزىز پەرزەنتى
قاتارىدا كۆرىدىغان شائىر «مەن شېئىرمەن»
ناملىق شېئىرىدا:

شېئىر دېگەن تەپەككۇر
دۇردانىسى، جەۋھىرى.
شېئىر دېگەن شائىرنىڭ
جان رىشتىسى، گۆھىرى...
- مەن شېئىرنى يازمايمەن
شۆھرەت ئۈچۈن، پۇل ئۈچۈن،
مەن شېئىرنى يازىمەن
ئەۋلاد ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن...

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يازى-

دىغانلىقى ۋە قانداق يازىدىغانلىقىنى قەيت
قىلىدۇ. شائىر ئۆزى تەرىپلىگەندەك،
ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ئەل - يۇرت سۆيگۈ-
سىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭلاش-
قا ئۇ «ئىلى مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرىدا
كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتى-
نىڭ تېشى ئالتۇندىن قىممەتلىك ئىكەنلى-
كىنى ئوبرازلىق ھالدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

بۇ مېنىڭ بۆشۈكۈم —
جان باغرىم ئىلى،
شۇ يەردىن ھاياتقا تاشلىدىم قەدەم.
بىلمەيمەن نېمىشقا بۇ يۇرتنىڭ تېشى
ئەزىزدۇر مەن ئۈچۈن ئالتۇندىنمۇ ھەم.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرخىل ئابستراكت
ئۇقۇم. ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە
ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.
تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلەش، يۇرتىنى قوغ-
داش، سېغىنىش، ئانا يۇرتىنىڭ ئۇتۇق -
ئىجادلىرىدىن سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش قا-
تارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ماھىيەتتە، ۋەتەن-
پەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. مەيلى
بۇرۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، ئۇزغۇنلى-
غان شائىر - يازغۇچىلار مۇشۇ تېمىدا ئاجا-
يىپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. شا-
ئىر ئابلەت ئابدۇللامۇ مۇشۇ تېمىغا بۆزدە-
گەن خاس ئۇقتىدىن مۇراجىئەت قىلىپ،
ئەل - يۇرتقا بولغان قايناق سۆيگۈ ئۇرغۇپ
تۇرغان يەنە بىر نادىر ئەسىرىنى ئىجاد
قىلدى.

سەن يەتمەيسەن
ئىستامبۇلنىڭ بىر كوچىسىغا،
نيۇ - يوركنىڭ بىر دۇقمۇشىغا.
سەن يەتمەيسەن
بېيجىڭنىڭ بىر باغچىسىغا،
موسكۋانىڭ بىر يانبېشىغا...

شائىرنىڭ «ئانا شەھىرىم» ناملىق شېئىرىدىكى بۇ مىسرالاردا چىنلىق قىلچە پەردازلانمىغان، شۇڭىدەك ئۇنىڭغا ساختا ھېسسىياتمۇ ئارىلاشتۇرۇلمىغان. ئارقىدىنلا شائىر ئۆز يۇرتىغا بولغان سۆيگۈسىنى مۇنداق ئىزھارلايدۇ:

شۇنداقتىمۇ،
كېچەلمەيمەن يەنە سېنىڭدىن...
گۈگۈم، خىلۋەت مەھەللىرىڭدە
چاڭ-توزان، لاي كوچىلىرىڭدا،
يامغۇر ئۆتكەن ئۆيلەرنىڭ
تامچىلىرىدا...
ئاقىدۇ قەلبىم
ئەي ئانا شەھىرىم!

ناھايىتى ئېنىقكى، 1987-يىلى كەچكۈزدە بىر ئايغا يېقىن ياغقان يامغۇر ئىلى رايونىدا زور ئاپەتكە ئايلاندى-دە، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش سەل قاراشقا بولمايدىغان جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇ چاغدىكى ھالەت، يەنى ئۆتۈۋاتقان تامچە، ئۆرۈۋاتقان ئۆيلەر، ئۆيمۇ ئۆي يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن كىشىلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بۇ شېئىردا شائىر قەلبىنىڭ ئەل-يۇرت ئىشقىدا نەقەدەر پۇچۇلىنىۋاتقانلىقى، يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن ئۆيدىم ريېتىپ، قەلبىنىڭ ئانا شەھەرگە ئېقىۋاتقانلىقى، ئۆز يۇرتىدىكى خەلقنىڭ ھاياتىغا ھەمنەپەس يۈرىكىنىڭ راھەت-پاراغەت تامان ئېغىپ كەتمىگەنلىكى كونكرېت شەيئىي يامغۇر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىپ، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تېپىپ، روشەن سېلىشتۇرمىلىق خۇسۇسىيەت ھاسىل قىلىنغان «ئانا شەھىرىم» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن سۇغۇرۇلغان بەدىئىي تەسەۋۋۇر ھېس-تۇيغۇغا بىرقەدەر تويۇنغان بولۇپ، ھېسسىيات ئىچىدە مەنزىرە، مەنزىرە ئىچىدە ھېسسىيات بولۇشتەك سەنئەت ئالاھىدىلىكى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ: «چەكمەڭلار جۇۋاننىڭ دېرىزىسىنى»، «نۇرلىنىدۇ بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك ئادەمدىن»، «غورۇرۇم»، «يىغلىۋالغىن بۇ تۈن، بۇ كېچە»، «سەن ئۆزۈڭ قۇل، ئۆزۈڭ پادىشاھ»، «تۇرمۇش» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ھازىرقى كىتابخانلارنىڭمۇ، كەلگۈسى كىتابخانلارنىڭمۇ ھېسسىياتى بىلەن ئورتاقلىشالايدىغان شېئىرىي ئەسەرلەر دەپ ئېيتساق ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدىكى يۈزەكى تەسىراتلىرىم. مەن شائىرىمىز ئابلەت ئابدۇللانىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىدا ئۆز كىتابخانلىرىغا ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدىغان يېڭى-يېڭى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ تەقدىم ئېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## قارا يۇمۇر ئەدەبىياتى

«قارا يۇمۇر» ھازىرقى زامان ئامېرىكا ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئېقىم. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى بارلىققا كەلگەن، 70 - يىللىرى داۋاملىق تارقالغان.

«قارا يۇمۇر» قارا كومېدىيە، كېسەل يۇمۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «قارا يۇمۇر» دېگەن ئاتالغۇنى 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا سۇر رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى يازغۇچىسى برېتون ئۆزىنىڭ «قارا يۇمۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابىنىڭ ماۋزۇسىدا ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەنىدى. قارا يۇمۇر 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى. لېكىن بۇ ئېقىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار ئەسەرلەر 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل ئەسەرلەردە «قەھرىمانلىققا قارشى» پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ. تېررورلۇق، بىمەنىچىلىك ۋە ھەييارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۇرمۇش مەنىسىز، قورقۇنچلۇق بىر خىل كومېدىيە قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن جون بارت (1930 -)، جوسېف ھېللېر (1923 -)، كورت ۋۇننېگۇت (1922 -) قاتارلىقلار بار.

«قارا يۇمۇر» توغرىسىدىكى چۈشەنچە ھەر خىل. گېرمانىيە ئوبزورچىسى فرىدمان «قارا يۇمۇر» ئىدىيە، كەيپىيات جەھەتتىكى بىر خىل قارا نەرسىنىڭ يۇمۇرلۇق نەرسىلەر بىلەن بىرىكىشىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇ «قارا يۇمۇر» دىكى دۇنيانى نەزەرگە ئىلماسلىقنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ. ئامېرىكىلىق باشقا بىر ئوبزورچى ئىسكوكىر «ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان يۇمۇر» دېگەن ماقالىسىدە ئۇنىڭ ئاچچىق، بىنورمال ۋە قوپال ئامېرىكىلىق يەنە بىر يازغۇچى ۋە ئوبزورچى ئاۋرىتمان «قارا يۇمۇر — ئازاب بىلەن قاتتىق كۈلكىنى، ئاجايىپ - غارايىپ پاكىتلار بىلەن جىمجىت، بىر - بىرىگە ماسلاشمايدىغان ئىنكاسلارنى، ۋەھشىيلىك بىلەن مېھرىبانلىقنى بىللە قويىدىغان كومېدىيە، ئۇ ئۆزى تونۇغان ئۈمىدسىزلىك بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ تاسادىپىيلىق، چېكىنىش ۋە زوراۋانلىققا كۈلكىلىك پېرسوناژنىڭ سوغۇققانلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە «قارا يۇمۇر»نىڭ كىشىلەرنىڭ رەزىللىك ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئىزدەش كەيپىياتىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكتۇر. «بۈيۈك برىتانىيە قامۇسى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «قارا يۇمۇر بىر خىل ئۈمىدسىز يۇمۇرنىڭ ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىشىدۇر. ئۇ

ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشتا ئوڭايلا ئۇچرىتىدىغان چاكىنىلىق ۋە بىمەنىلىككە بولغان ئەڭ زور ئىنكاسى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىنى قوزغايدۇ»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات لۇغىتى» دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «قارا يۇمۇر بىر خىل ئالاھىدە بەدىئىي تۈرنى شەكىللەندۈرگەن، پەلسەپە ۋە ئېستېتىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان سىستېما، بۇ خىل ئالاھىدە بەدىئىي تۈر ئادەملەرنى ۋە پۈتكۈل تۇرمۇشنى ھەددىدىن زىيادە ئۈمىدسىز چۈشىنىدۇ»، «بۇ خىل غەلىتە بىمەنە شەكىلدە پاكىتلار ھەددىدىن زىيادە ئىنكار قىلىش قىياپىتىدە كۆرۈنىدۇ» يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، قارا يۇمۇر ئىجادىيەت پرىنسىپى، ئېستېتىك تەشەببۇسلىرىدىن تارتىپ كونكرېت ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىگىچە سىستېما پەيدا قىلغان بىر خىل ئەدەبىيات ئېقىمى. بۇ ئېقىمنىڭ يازغۇچىلىرى قوللانغىلى بولىدىغان بارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانى ۋە كۈلكىلىك، رەزىل، غەيرىي، تەبىئىي، ۋەھشىي شۇنداقلا بارلىق قاراڭغۇ نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەجۋىي ئەينىكى ئالدىغا قويۇپ چوڭايتىدۇ، قىسقارتىدۇ، سوزۇپ ئۇزارتىدۇ، رەزىللىك ۋە بىمەنىلىكنى ھەر بىر تال مويىغىچە كۆرسىتىپ بېرىپ كىشىلەرنى چۆچۈتىدۇ، ئالاقزادە قىلىدۇ. بىر خىل ئۈمىدسىز يۇمۇرلۇق تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ياۋروپا ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە ئەزەلدىن يۇمۇر بار ئىدى. ھازىرقى زاماندىكى ئىپادىچىلىك ئەدەبىياتى، بىمەنىچىلىك ئېقىمى دراممىچىلىقى قاتارلىق ئەدەبىيات ئېقىملىرىمۇ «قارا يۇمۇر» بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ «قارا يۇمۇر»نىڭ ئەدەبىيات ئېقىمى سۈپىتىدە 60 - يىللاردىكى ئامېرىكىدا بارلىققا كېلىشى ئاساسەن يەنىلا شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت ۋە خىلمۇ خىل پەلسەپە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي قاتارلىق دەرىجىلەردىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە كەيپىياتىدىكى ئىنكاسى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىدا گۈللىنىش مەيدانغا كەلدى - يۇ، ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. ئارقىمۇ - ئارقا ئالتە قېتىم ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەردى. ئۇرۇش ئەكسىيەتچىل مېكانىزمنىڭ سىياسىي بېسىمى، مىللىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ غەيرىي تەبىئىي تۈردە يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان غەيرىي تەبىئىي ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ئوغرىلىق، قاتىللىق، شەھۋانىيلىقنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىق زور ئىجتىمائىي سىياسىي مەسىلىلەر جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلدى، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى كۈنساناپ كۈچەيدى. بەزى ئەدىبلەر ئۆزگىرىشچان جەمئىيەتنى چۈشىنەلمەي ھازىرقى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە «رېئاللىق بىلەن توقۇلما ئايرىغۇسىز ئارىلىشىپ كەتكەن» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىمەنە ۋە رەزىل دەپ قارىدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئۆزى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە كېسەل ھالەتتىكى چۈشكۈنلىشىش ھەرىكەتلىرى، ئارقىلىق جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىدىغان «گۇمران بولغان ئەۋلادلار» ئېقىمى بارلىققا كەلدى. 60 - يىللار سوغۇق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈردى. زى-

يالىلار سىياسىي، ئىقتىساد، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئەخلاق، ئىلىم - پەنگە قارىتا ئەيىبلەش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاجىز ئورنىدىن نارازى بولدى. ئامالسىز غەزەپلەندى. سوغۇق پوزىتسىيىدە بولدى. نەتىجىدە مەسخىرە بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئامېرىكىنىڭ «بىمەنىچىلەر ئېقىمى»، «يېڭى رومانچىلىق»، «ئاق ئېقىمى» قاتارلىق ھازىرقى زامانچىلار ئەدەبىياتى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ بىرىكمە ئېقىمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇستەقىل تۈسكە ئىگە «قارا يۇمۇرچىلىق» نى شەكىللەندۈردى.

قارا يۇمۇرچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي ئەھۋالى مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇپ بەرگەن بولسا، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مەۋجۇدىيەتچىلىك 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ بىلىم ساھەسىدە ئانچە چوڭ تەسىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇزۇنغا بارماي تارقىلىشقا مۇۋاپىق تۇپراق ۋە ھاۋا تاپتى. ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىگە، بولۇپمۇ زىيالىيلار دۇنيا قارىشىغا سىڭىپ كىردى. 50 -، 60 - يىللارغا كەلگەندە ئەۋجىگە چىقتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇنىڭ شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتىغا ماس كەلگەنلىكىدىن ئىدى.

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ مەۋجۇتلۇق ئادەملەردىكى «ئۆزۈملۈك» تىن ئىبارەت، مەۋجۇتلۇق بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىچكى «ئۆزۈملۈك» ى تەڭ - باراۋەردۇر، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر، بارلىق مەۋجۇتلۇق پەقەت ئادەملەرنىڭ ئىچكى «ئۆزۈملۈك» نىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر، دەپ قارايدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلىك «ئۆزۈملۈك» نىڭ سىرتىدىكى بارلىق شەيئىلەر (باشقا ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) «ئۆزۈملۈك» كە نىسبەتەن چەكلىمە ۋە «توسالغۇ كۈچ» دېگەن قاراشنى بەكمۇ تەكىتلەيدۇ. ئەتراپتىكى دۇنيا «ئۆزۈملۈك» بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ، ئۇلار بىر - بىرىگە دۈشمەن، ھەر بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز يېتىم بولۇپ، ئۆزى بىلەن قارىمۇ - قارشى بولمىش بۇ دۇنياغا «چۆرۈپ تاشلىۋېتىلگەن» ئادەملەر يوقلۇققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئاللىقاچان ئۆزلىرىدىن مەھرۇم بولغان، دەپ ھېسابلايدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلىكنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى مەنىۋى كرىزىستا قالغانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلدى، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا بولغان بىمەنە، يەككە - يېگانە، بوش - قۇرۇق تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئوبرازىنى ھېس قىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورۇنلىرىغا بولغان تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ئىنسان قىممىتىنى قايتىدىن مۆلچەرلەيدىغان، كېسەلمەن جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى يەنىمۇ ئىزدەيدىغان قورال سۈپىتىدە كىشىلەر تەرىپىدىن كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىندى. مەۋجۇدىيەتچىلىك فروئىتنىڭ روھ تەھلىلچىلىكى تەلىماتى، بېرگسون ئانىرىنىڭ «پسىخىك ۋاقىت» نەزەرىيىسى بىلەن بارغانسېرى زىچ بىرلىشىپ، «قارا يۇمۇر» ئېقىمىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى شەكىللەندۈردى. «قارا يۇمۇر» ئەدەبىياتى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە مەۋ-

جۇدىيەتچىلىك دۇنيا بىلەن ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى بىمەنىلىك، ئۇنىڭ مۇقىم ئەھمىيىتىمۇ، قىممىتىمۇ يوق، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق قاراش «قارا يۇمۇرچىلىق» نىڭمۇ ئىدىيىۋى ئاساسىدۇر. لېكىن مەۋجۇدىيەتچىلىك بىمەنىلىكنى نوقۇل ھالدىلا تەكىتلىمەيدۇ. ئادەمنىڭ بىمەنە تۇرمۇش شارائىتىنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاللىشى ئارقىلىق قىممىتى بار ماھىيەتكە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قارا يۇمۇرچىلارنىڭ نەزەرىدە بىمەنە تۇرمۇش شارائىتىدا ئىنسانلارنىڭ ئەركىن تاللىۋېلىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ، ھەتتا مەۋجۇتمۇ بولمايدۇ. «قارا يۇمۇر» مۇتلەق بىمەنىلىكنى ئېخىمۇ تەكىتلەيدۇ، ئىدىيە جەھەتتە ئېخىمۇ ئۈمىدسىزلىكنى نامايان قىلىدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلەر بىمەنىلىك مۇقەررەر ھالدا يۇمۇر تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىغايدۇ. مەسىلەن: ساترىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىمەنىلىك پەقەت غەزەپلىنىشنى ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ، لېكىن «قارا يۇمۇر» ئەسەرلىرىدە بىمەنىلىك بىلەن يۇمۇر بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىمەنىلىكنىڭ ئۇچىغا چىققىشى يۇمۇرلۇقنىڭمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدۇر.

«قارا يۇمۇر» ئەدەبىياتى ئېستېتىكا بىلەن ئوخشىمايدۇ. غەرب ئېستېتىكا تەرەققىيات تارىخىدا، كىشىلەر ئەنئەنىۋى ئەقلىلىق نۇقتىئىنەزەرىنى ئاساس قىلىپ گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك قاتارلىق ھەر خىل كاتېگورىيىنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىشتە ئېھتىياتچان ۋە ئەستايىدىل ئىدى. ئىجادىيەت مەزمۇنى بىلەن ئېستېتىكا شەكلى ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق مۇناسىۋەت ساقلايتتى. مەسىلەن، ئازاب، بەختسىزلىكلەر تراگېدىيە، رەزىللىك، غەيرىي تەبىئىيلىكلەر كومېدىيە قىلىپ يېزىلاتتى. لېكىن ھازىرقى زاماندىكى قارا يۇمۇرچىلارنىڭ تۇرمۇشنى ئۆگىنىشى ئۆزگەردى. ئۇلار ھاياتتا بىمەنە ۋە قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆردى. ئۇنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى. شۇنداقلا قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭمۇ كۈلكىلىك خاراكتېرى بارلىقىنى كۆردى. مەسخىرە قىلىش پاش قىلىش داۋامىدا بولۇشىچە كۈلدى. بۇ كۈلكە ساداسىغا ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىمۇ يوشۇرۇنغان. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى مەزمۇن بىلەن ئېستېتىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق مۇناسىۋەت بۇزۇۋېتىلدى. ئېستېتىك ئاڭدىكى كومېدىيە، تراگېدىيە ھەجۋىي دراما ۋە تۇيغۇ - كەيپىيات جەھەتتىكى خۇشاللىق، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل ئامىللار يېڭى مۇرەككەپ قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلدى. بەختسىزلىك خاپىلىقلارمۇ چاقچاق ئوبيېكتلىرىغا ئايلاندى. تراگېدىيىلىك مەزمۇن كومېدىيىلىك بىر تەرەپ قىلىندى. يۇمۇرنىڭ ئېستېتىك شەكلىگە قايغۇنىڭ ئامىلى ئېلىپ كىرىلدى. بۇ خىل ئېستېتىك شەكىلنىڭ مۇرەككەپلەشتۈرۈلۈشى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ مۇرەككەپلەشكەنلىكىنىڭ ئىنكاسى. «قارا يۇمۇر» غەيرىي نورمال ھالەتتىكى كومېدىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. لېكىن ئېستېتىك رول جەھەتتىن تراگېدىيىلىك مەناغا ئىگە. شۇڭا ئۇنى ھازىرقى زاماندىكى تراگېدىيىلىك كومېدىيە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«قارا يۇمۇر» ئەدەبىياتى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە خىلمۇ خىلدۇر، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئامېرىكا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ «جىنسىيەت ۋە زوراۋانلىق ئۇۋۇسى» دىن ھالقىپ كېتەلمىدى، شۇنداقتىمۇ بەزى «قارا يۇمۇر» ئەسەرلىرى رېئاللىقنىڭ بىمەنىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان يازغۇچىلارنىڭ قولىدىن چىقىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ بەزى قاراڭغۇ، چىرىك تەرەپلىرىنى پاش قىلدى ۋە قامچىلىدى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرگە چېقىلىپ، بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ھەم بەدىئىي ئۇنۇمگە ئېرىشتى. «قارا يۇمۇر» ئەسەرلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قارا يۇمۇرچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى تېما تاللاشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار گۇڭگا، يوشۇرۇن، چۈش - خىيالەتتىكىدەك، سەگەكتەك، تۇمان ئارقىلىق كۆل تاماشا قىلىۋاتقاندەك ئالاھىدە كۆرۈنۈش پەيدا قىلالايدىغان تېمىلارنى تاللاشقا ئامراق. «قارا يۇمۇر» يازغۇچىلىرى ئىشلەتكەن بىر يوروپ بىر غۇۋالىشىپ تۇرىدىغان گۇڭگا - يوشۇرۇن تېمىلار پاش قىلىنغان ۋە يورۇتقان مەسىلىلەر ھەرگىز ئاشۇ تېمىلار تەسۋىرلىگەن دائىرە بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپرەك قىزىقىدىغىنى مۇشۇ تېمىلارنى چىقىش نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتۇر. لېكىن ئۇلاردىكى ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش ئۇلارنى ۋۇماندا ئېزىقتۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار پەننىڭ ئىلگىرىلىشىگە، ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي تېپىشىغا قارىغىش - لەنەت ياغدۇرىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە ئۇلار بىمەنىلىكنى مەسخىرە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭمۇ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. «قارا يۇمۇر» ئەدەبىياتى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) ئالدى بىلەن يۇمۇرلۇق ئالاھىدىلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. «قارا يۇمۇر» نىڭ ئەنئەنىۋى يۇمۇر بىلەن بولغان پەرقى چوڭ. «قارا يۇمۇر» مەسەل شەكلىدىكى كىنايەدۇر. ئۇ تۇرمۇشتىكى قاراڭغۇلۇق، رەزىللىك، ئېررورلۇققا نىسبەتەن قەستەن رەھىمسىز پوزىتسىيە تۇتۇپ، كىتابخانلاردا قورقۇنچ، بىئاراملىق كۈلكىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

«قارا يۇمۇر» يازغۇچىلىرى «يېڭى رومانچىلار» غا ئوخشاشلا پېرسوناژ، سىيۇژېت، ئاساسىي تېما ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى رومانىنىڭ مۇھىم ئامىلى قىلىدىغان ئىجادىيەت مېتودىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان يېرى، «يېڭى رومانچىلار» دۇنيانى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، ماددىنى مۇتلەق ئوبيېكتىپ تەسۋىرلەشنى تەكىتلەيدۇ، «قارا يۇمۇر» چىلار مەسخىرە قىلىپلا ئۆتىدۇ، خالاس.

پېرسوناژلار تەسۋىرى جەھەتتە، «قارا يۇمۇر» ئەسەرلىرىدە ئەنئەنىۋى كۆز قاراش بويىچە چۈشەندۈرۈلىدىغان پېرسوناژلار ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى قەھرىمانلىققا قارشى پېرسوناژلار ئىگىلىگەن بولىدۇ. بۇنداق پېرسوناژلار ياكى غەلىتە، سىرلىق، ياكى سەت، بەتبەشىرە ياكى تەلۋە، مەنمەنچى ياكى دۆت - نادان بولۇپ، گويا ھەممىسى روھىي كېسەل ئادەملەردەك كۆرۈنىدۇ.

«قارا يۇمۇر» يازغۇچىلىرىنىڭ كىتابخان، ئاپتور ۋە ئەسەردىكى پېرسوناژدىن

ئىبارەت ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتىدە يېڭى كۆز قارىشى بار. ئۇلار ئۆزلىرى كۆلىكىلىك پېرسوناژلارنى دوراپ، «ھەجۋىي رەسىملەر» ئىچىگە كىرىپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلار دۇنياسىنىڭ قاتناشقۇچىسىغا ئايلىنىشقا خۇشتار.

«قارا يۇمۇر» ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

① ئىپادىلىمەكچى بولغان بىمەنە ۋە قالايمىقان مەزمۇن بىلەن ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشايدىغان چېچىلاڭغۇ، مالىماتاڭ شەكىلنى پارچە - پۇرات رېئال سۇژېت بىلەن كۆپلىگەن فانتازىيە، توقۇلما ۋە بىمەنە سۇژېتنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر قىلىۋېتىدۇ. قۇرۇلما پارە - پارە، مەنتىقە قالايمىقان بولىدۇ ياكى باش قەھرىماننى باشقا پېرسوناژلارنى ئېغىر - بىرىنگە ئۇلاپ تۇرىدىغان مەركەز قىلىدۇ، ياكى باش قەھرىماننىڭ تەپەككۇرىنى چەرۋاز قىلدۇرۇشتەك ئاڭ ئېقىمى تەرتىپىنى ئاساسىي ئوق قىلىپ، چېچىلاڭغۇ «قىرىندا»لارنى ئۆزىگە شوھۇرۇپ يېپىشتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى روماىچىلىق بىلەن ئوخشىمايدىغان مەنىدىكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئوقۇۋنى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن بەزى «قارا يۇمۇر» ئەسەرلىرىدە ئاساسىي تېمىنىڭ ساختىلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ناتۇرالىزملىق تەپسىلاتلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بىر خىل «چىن» ساختا قىياپەت ياساپ چىقىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈڭگا، موجمەل، سىرلىق ۋە غەلىتە بىمەنە نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالىدى.

② زامان - ماكاننىڭ ۋەقەلىكىگە بولغان چەكلىمىسىنى بۇزىدۇ. ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى نېرى - بېرى سەكرىتىدۇ. شەخسنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ پايانسىزلىقىنى سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىنىڭ خالىغانچە پەرۋاز قىلىشىنى تەكىتلەيدۇ. ماكان، ئورۇن ۋە دەقىقىدە مىڭ خىل ئۆزگىرىشى بولۇۋېرىدۇ. «قارا يۇمۇر» چىلار تەكرارلاش بىلەن كۆچەيتىشنى يۆتكەش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇلار روماننىڭ ۋەقەلىك بايانى ۋە بابلار قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىنىدۇ، كۆپ ھاللاردا «ۋاقىت ساياھىتى ئۇسۇلى» قوللىنىلىدۇ.

تىل جەھەتتە، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوللىنىلىدۇ. لېكىن ئۇلار يازغۇچىلارنىڭ راۋانلاشتۇرۇشى، ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق قارا يۇمۇر رەڭگىلىرىگە بويىلىدۇ. تۆۋەندىكىچە تىل ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى كۆپ قوللىنىلىدۇ:

1) غەلىتە - ئاجايىپ ئوخشىتىشلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار مىسال كەلتۈرۈشنى، خورلاپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەسەرلىرى كىشىلەر ئويلاپ يېتەلمەيدىغان ھەر خىل ئوخشىتىش، ئاشكارا، يوشۇرۇن ئىستىئارە بىلەن تولغان بولىدۇ. سىستېمىلار ئارىلاشما، پىكرى سىيما (ئىماژ) غەلىتە، كۈتۈلمىگەن، چۆچۈتەرلىك بولىدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا بىر - بىرىگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز شەيئىلەرنى زورمۇزو بىر - بىرىگە چاپلاپ، كىتابخاندا غەلىتىلىك ۋە يېڭى تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

2) ھەجۋىي رەسىم شەكلىدىكى مۇبالىغە ئىشلىتىلىدۇ. «قارا يۇمۇر» چىلار ئاددىي، پىششىق ھەم ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىپ، پېرسوناژلارنىڭ تۇتقان ئورنى بىلەن مۇھىتتىكى ماسلىشالماسلىقلارنى، شەيئىلەر بىلەن مەنزىرىلەرنىڭ بەزى بەلگىلىرىنى تەكىتلەيدۇ، گەۋدىلەندۈرىدۇ، چوڭايتىدۇ ياكى كىچىكلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ بىمەنە

يەرلىرى تېخىمۇ بىمەنە، كۈلكىلىك يەرلىرى تېخىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ كۆرۈلىدۇ.

3) مەسەل شەكلىدىكى سىمۋول قوللىنىلىدۇ. سىمۋول ۋاسىتىسى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتا بۇرۇندىنلا بار، ئۇ «قارا يۇمۇر» ئەسەرلىرىدىمۇ ئاساسلىق ۋاسىتە بولۇپ قوللىنىلىدۇ، لېكىن «قارا يۇمۇر»دىكى سىمۋولنىڭ يېشىمى، ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مەسەل خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىدۇر.

4) كۆچمە تەكرارلىق. بەزى ئەسەرلەردە «بۇ شۇنداقلا بىر ئىش» دېگەن سۆز بىرەر يۈز قېتىمدىن ئارتۇق تەكرارلىنىدۇ. ھەر بىر تەكرارلىنىش ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا بىر قەۋەت قارا يۇمۇرلۇق تۈس قوشۇپ، ئاساسىي تېمىنى بىر نەچچە كۆچەيتىدۇ. كىتابخانلار بۇنداق «تەكرارلىق» تىن ئاپتورنىڭ پىسەنت قىلماسلىق نىقابى ئاستىغا يوشۇرۇنغان كۆپ خىل مۇرەككەپ كەيپىياتىنى بايقايدۇ.

5) ئىلىم - پەن ئۇقۇملىرىنى سەپەرۋەر قىلىش. «قارا يۇمۇر» چىلارنىڭ تولىسى ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان. بىلىم دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇلار بەزەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئېلىپ كىرىشكە ئامراق. بۇ ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ۋە يازغۇچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بارغانسېرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. بىراق «قارا يۇمۇر» چىلارنىڭ پەن ئۇقۇملىرىنى ئىشلىتىشتىكى مەقسىتى دۇنيانى تەبىئىي پەن جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئالەم چوڭ ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئىقتىدارىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە بىز جوسىف ھىللىرنىڭ «چاتاق چىقتى» ناملىق رومانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بىلەن بىر بابىنى دىققەت نەزەرىڭىزلەرگە سۇنىمىز.

ئارسلان تەييارلىغان

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

مۇھەممەت ئەمەت (چوپانى)

# ئاخىرقى تەبەسسۇم

(ھېكايە)

يېشىللىق سەكراتقا چۈشكەن كەچكۈز. ياقۇپ ئەپەندى ھويلىغا يۆتەلگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ ھويلىدىكى قېرىپ قاقشال بولۇپ قالغان ئۈجمىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۈجمىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاچچىق شامالدا تىنىمسىز تىترەپ تۇراتتى. ئۇ قاچان تۆكۈلەركىن؟ قاچان تۆكۈلۈپ ئانا يەرگە باغرىنى ياقاركىن؟... ئۇ يەردە غېرىبسىنىپ يېتىشقان يوپۇرماقلارنى كۆرۈپ يۈرىكىنىڭ ئېغىۋاتقانلىقىنى، ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يىلدىكى ئادىتى بويىچە بۆز تاغار بىلەن قۇمۇش سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ تەستە قەدەم يۆتكەيتتى. بەدىنىدىكى ئوق ئىزلىرى، سۇنۇپ ساقايغان قوۋۇرغىلار ياقۇپ ئەپەندىنى يېشى 70 لەردىن ھالقىغاندا قىيناپ كېتىۋاتاتتى.

ياقۇپ ئەپەندى قەبرە بېشىغا كەلدى ۋە قەبرىنىڭ ئوڭ يېنىغا تىكىلگەن، ئادەمنىڭ بېلىدەك چوڭلۇقتىكى چىنارغا قارىدى. چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەتراپىدىكى بىرنەچچە قەبرىگە زەر يوپۇق ياپقانىدى. ياقۇپ ئەپەندى سەھەرنىڭ سوغۇق ھاۋاسىدىن تولدۇرۇپ-تولدۇرۇپ سۈمۈردى،

«رەنجىمە، جېنىم، ئاغرىپ قېلىپ سەن بىلەن مۇڭداشقىلى كېلەلمىدىم...» ئۇ شۇلارنى شىۋىرلاپ، سۈپۈرگە بىلەن تاغارنى چىنار تۈۋىگە تاشلىدى-دە، قەبرە بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۆللىدە ياش ئېتىلىپ چىقتى-دە، ساقاللىرىنى نەمدەشكە باشلىدى...

يادىڭدىمۇ، جېنىم ئايزۆھرە، سەن شۇ چاغدا ماڭا ئەگەر ئوق پۇتىڭىزغا تەگمەي، باشقا يېرىڭىزگە تېگىپ ئۆلۈپ كەتسىڭىز قەبرە بېشىڭىزغا بىر تۈپ چىنار تىكىپ پەرۋىش قىلاتتىم، دېگەنىدىڭ. ئەپسۇسكى، مەن ھايات قېلىپ، سەن قۇربان بولدۇڭ. شۇڭا مەنمۇ سېنىڭ قەبرە بېشىڭغا بىر تۈپ چىنار تىكىپ پەرۋىش قىلدىم. بىلەمسەن، جېنىم، بۇ چىنار — سەن! يۈرىكىڭنىڭ پاكلىقىنىڭ شاھىتى، بۇ چىنار ھەم — مەن، ساڭا بولغان ئەقىدە، ساداقىتىمنىڭ سىمۋولى!

جېنىم ئايزۆھرە، ماڭا خەت قالدۇرۇپ كەتكىنىڭگە مىڭ قەترە شۈكرى! مەن خېتىڭنى ئوقۇپ دەسلەپ گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك قېتىپلا قالغانىدىم. ئۇ چاغ ۋۇجۇدۇمدىن ياشلىق كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ

تۇرىدىغان نەۋقىران ۋاقتىم بولسىمۇ، لېكىن قەبرە بېشىغا بۈگۈنكىدىنمۇ مۇشەققەتتە كەلگەنىدىم. چۈنكى شۇ چاغدا ئارنۇس، ھەسرەت ئۈستۈمدىن تاغدەك بېسىپ تۇراتتى. قەبرە بېشىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان چېغىمدا، قەبرەڭنىڭ توپىلىرى تېخى قۇرۇپ بولالمىغانىدى. مانا، 45 يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتتى، جېنىم. شۇ يىللار ئىچىدە قەبرەڭنى تاۋاپ قىلىپ، سەن بىلەن مۇڭدىشىشنى تەرك ئېتىپ باقمىدىم. سېنى سېغىنغان ھامانلا قەبرەڭگە كېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىمەن، يۈرىكىڭنىڭ سىمۋولى بولغان چىنارغا قارايمەن، ئۇنى قۇچاقلايمەن! چۈنكى چىنارىڭغا قارىساملا تەبەسسۇمىڭنى — ئاخىرقى تەبەسسۇمىڭنى كۆرگەندەك بولىمەن - دە، «نېمىشقا توي قىلمايسەن؟ توي قىل» دەپ زورلايدىغانلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن.

سەندىن يوشۇرمايمەن، ئومىقىم، مېنى شەيتان ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغان چاغلارمۇ خېلى كۆپ بولدى. سەن باقىي ئالەمگە كەتكەندىن كېيىن، مەن يۇرتۇڭغا كۆچۈپ كېلىۋالدىم (11 يېتىم تۈزۈلۈپ، بىز قايتۇرۇلغاندىن كېيىن). ئوقۇتقۇچى بولدۇم... مائاشىم يۇقىرى، ئابرويۇم ئۈستۈن بولغاچ ماڭا ئاشىق - بىقارار بولىدىغان قىزلار جىق بولدى. مەن ئۇلارغا ئەمەس، ئۇلار ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلىشىپ، توي قىلىش تەلىپىنى قوياتتى. ئۆزگىلەرگە كۆيەي، دەپ زورۇقۇپ باقاتتىم - يۇ، كۆيەلمەيتتىم. بىراۋلارنى سۆيۈشكە ئىنتىلەتتىم - يۇ، سۆيەلمەيتتىم. چۈنكى بۇنداق چاغلاردا سېنىڭ ئاخىرقى تەبەسسۇمىڭ ماڭا تىنغ تەگلەپ، دۈشمەن قىلىچلىرى ئالدىدا تىترىمىگەن يۈرىكىمنى تىترىتىۋېتەتتى. مانا، ھازىرغا قەدەر تېپىنىچ يۈرۈپتىمەن، يىللاردىن بېرى ئالغان مائاشلىرىمنى، كىتابلىرىمنىڭ قەلەم ھەققىنى جۇغلاپ يېزامىغا مەدەنىيەت پونكىتى سېلىپ بەردىم. ھازىر يېتىم - يېسىرلار مەكتىپى سالدۇرۇۋاتىمەن. ئەۋلادلىرىمىزنى بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە تەقدىر بىلەن يېڭىچە، تېخىمۇ گۈزەل ھايات كەچۈرسۇن دېدىم.

ياقۇپ، بالا — ئادەمنىڭ يىلتىزى. پەرزەنتسىز ئادەم يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ. پەرزەنتسىز ئادەم قېرىغاندا غېرىبسىنىپ قالىدۇ — خارلىقتا قالىدۇ: ئەخمەقلىق قىلماي، ۋاقتىدا ئۆيلەن، دەپ نەسىھەت قىلىپ ئوغامنى قايىنىتىدۇ بەزىلەر. بەزىدە چۈشلىرىمدە سەنمۇ تېخى ماڭا شۇنداق نەسىھەت قىلاتتىڭ. سەنسىز ماڭا بالىنىڭ نېمە كېرىكى؟ بالىلىرىم يوقمۇ خارلىقتا قالمىدىم. ئىنىمنىڭ (ئۇ مېنى دەپلا يۇرتۇڭغا كۆچۈپ كەلگەن) بالىلىرى ھالىمدىن ئوبدانلا خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. بۇچاققىچە غېرىبسىنىپ قالغان چاغلىرىم بولمىدى. ناۋادا غېرىبسىنىپ قالاي دېسەم، مانا ھازىرقىدەك سەن بىلەن مۇڭدىشىمەن، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلىدۇ...

قويلارنىڭ مەرەشلىرى ۋە پاراسلىغان ئاۋاز ياقۇپ ئەپەندىنىڭ قەلبىدىكى شىۋىرلاشلارنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ئۇ چۆچۈپ يېنىغا قارىدى. بۇن نەچچە تۇياق قوي چىنار خازانلىرىنى يەۋاتاتتى. سەل نېرىدا 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا تاياق تۇتۇپ تۇراتتى. ياقۇپ ئەپەندىنىڭ بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئۇ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ھاسىسىنى قولىغا ئالدى.

— ئۇشت، ئۇشت دەيمەن! ھوي بالا توسمامسەن قويلىرىڭنى!؟ —

ياقۇپ ئەپەندى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. قويلار پىتىراپ قېچىپ كېتىشتى. بالىمۇ نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىغانچە، قويلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ياقۇپ ئەپەندى خازانلارنى يەنە سۈپۈرۈشكە باشلىدى... «مۇشۇ كەملەردە سەن بىلەن تولا مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئادەم قېرىغانسېرى مۇڭداشقاق بولۇپ قالىدىكەن. تولا گەپ قىلىپ ئارامىڭنى بۇزۇۋاتامدىمەخاندىمەن؟ گېپىمنى دەۋەرەي: ھەر يىلى چىنارىڭنىڭ خازانلىرىنى پادىلارغا دەسسەتمەي، شاماللارغا ئۇچۇرماي سۈپۈرۈپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇ ـ خازان ئەمەس، سېنىڭ يۈرىكىڭ، تەبەسسۇمىڭ ئەمەسمۇ جېنىم! بۇ ئىشلىرىمدىن بەزىلەر ھەيران قېلىشتى، ئەجەبلىنىشتى. بۇنىڭ ھەيران بولغۇدەك نېمىسى بار؟

تەبەسسۇمنىڭ گېپىنى ئەجەب تولا قىلىپكەتتىڭىز دېدىڭمۇ، ئومىقىم؟ ئۇ ھازىرقىدەك ئېنىق ئېسىمدە. سەن بۇ ئوتلۇق، سېھىرلىق كۈچكە ئىگە تەبەسسۇمىڭنى 1946-يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە سوۋغا قىلغانىدىڭ.

رازۋېتكىمىز ئاخىرلىشىپ، قايتىشىمىزدا دۈشمەن تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدۇق ۋە قېچىشقا، قېچىپ تۇرۇپ ئېتىششقا باشلىدۇق، ئۇزاق ئېتىشىش، كۆپ ئوق چىقىرىش خەتەرلىك ئىدى. بۇنداق قىلىشاق بىرىنچىدىن، ئوقىمىز تۈگەپ قورشاۋ ئىچىدە قالاتتۇق. ئىككىنچىدىن، مىڭ مۇشەققەتتە قولغا چۈشۈرگەن ئاخباراتلارنى دۈشمەن قولىغا ئۆتكۈزۈپ قوياتتۇق ـ تە، ئىنقىلابنى زىيانغا ئۇچرىتاتتۇق. شۇڭا كۆپ يۈگۈرۈيتتۇق، ئاز ئوق چىقىراتتۇق.

توساتتىن بىر سەپدىشىمىزغا ئوق تېگىپ يارىلاندى. مەن ئاخباراتنى دوستۇم ئىمىننىيازغا بەردىم ـ دە، بۇيرۇق قىلدىم. ئىمىننىياز يارىلانغان سەپدىشىمىزنى يۆدۈپ مېڭىپ كەتتى. مەن دۈشمەننىڭ دىققىتىنى بۇراپ ئۇلارنى ئېزىقتۇرماقچى بولدۇم ـ دە، ئىككى پاي ئوق ئۈزۈپ قويۇپلا يۇلغۇنلۇققا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇلار ھامان تاپ باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. يىقىلغانغا تىقىلغان، دېگەندەك، ئوڭ پۇتۇمغا ئوق تېگىپ يىقىلدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاقسىغىنىمچە يەنە قېچىشقا باشلىدىم. كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ، پېشانەمدىن چېپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى. يۇلغۇنلۇق تۈگەپ، ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدىم. ئەتراپ دېگۈدەك قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. ئاسمان قارا تۇمان بىلەن قاپلانغان. مەن خەتەرلىك پەيتتە گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم. دەريا تەرەپكە قاچسام، تېخىمۇ ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالاتتىم ـ دە، دەريا لېۋىگە بېرىپ بولغۇچە تۇتۇلۇپ قالاتتىم. دەريا بويىغا بېرىۋالغان تەقدىردىمۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالالمايتتىم. چۈنكى دەريا سۈيى بەكمۇ تېيىز ئىدى. شۇڭا تەۋەككۇل دەپ كەينى تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدىم.

مەن ئوق چىقارماي شەپىسىز قېچىپ ۋەرگەچكە، دۈشمەنلەر يۇلغۇنلۇقتا قايمۇقۇپ قېلىشقان بولسا كېرەك، خېلىلا كەينىمدە قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن مەن بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپ باراتتىم. ۋارقىراش ـ جارقىراشلار يېقىنلاشماقتا ئىدى.

مەن بىر ئۆستەڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ، كۆۋرۈك ئاستىغا سېرىلىپ چۈشتۈم. بىرەرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىشكە ۋاقىت يار بەرمەيتتى.

— كىم بۇ؟!

تۇيۇقسىز قورقۇنچلىق سورالغان بۇ سوراقتىن چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بويۇنداپ قارىدىم. قاشتا بىر كۆلەڭگە تۇراتتى.

— كىم بۇ؟

سوراق قايتا تەكرارلاندى.

مەن... مەن...

— ①يىگىتما سىز؟

— ھەئە مېنى... مېنى گومىنداڭچىلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. تېز كېتىڭ بۇ يەردىن! بولمىسا سىزمۇ... بالاغا قالىسىز...— دېدىم ئۆپكەم يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ھاسىراپ تۇرۇپ، تەشۋىشلىك ئاۋازدا.

— ياقۇپمۇ سىز؟

مەن ئۇنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم.

— ھەئە.— ئۇنىڭ كىملىكىنى سورۇشتە قىلىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى.

— مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەي دەمسىز؟ تېز كېتىڭ بۇ يەردىن!— دېدىم جىددىي ھەم بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

— چاققان بۇ يەرگە چىقىڭ. بولۇڭ دەيمەن! ئىتلار ئېشەكلا كەپ بولدى ئەينا. بولۇڭ، ئۆيگە مۆكتۈرۈۋالاي.

مەن كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن چىقتىم. ئۇ مېنى يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بىردىنلا ئىتلار قاۋاپ كېتىشتى.

— ھۇ ئاناڭنى نەگە يۈتتى بىردەمدە؟

— ئالدىمىزدىلا ماڭغاندەك قىلاتتىغۇ.

— كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدىمۇ - يا؟

— قاراپ بېقىڭلار!

— ئۇ مېنى سامانلىققا ئېلىپ كىرىپ، ئۈستۈمنى سامان بىلەن كۆمۈۋەتتى. كۆزۈمنى چىڭ يۇمدۇم. لېكىن بۇرنۇمنى يۇمۇۋېلىشنىڭ ئورنى بولمىغاچقا، سامانىنىڭ ئاچچىق توپىلىرى دىمىقىمنى ئېچىشتۇرۇشقا، قىلتىرىقلار گەدەنلىرىمگە سانجىلىپ قىچىشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئەڭ يامىنى، مېنى قىستاپ كېلىۋاتقان چۈشكۈرۈش ئىدى.

ئېغىل ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلدى. مەن نەپەس ئېلىشتىنمۇ قورقۇپ جىممىدە يېتىۋالدىم. چۈشكۈرۈك بەكمۇ قىستاپ كەتتى.

— بارمۇ - يا؟

— يوق.

— بۇلۇڭغا ئوبدان قاراپباقە.

— قارىدىم شۇ، ھېچنېمە يوق.

ئۇلار چىقىپ كېتىشىگىلا چۈشكۈرۈپ سالدىم. خۇداغا شۈكرى ئۇلار قايتا كىرمىدى. چۈنكى چۈشكۈرۈشۈمنى كالىنىڭ مۆرىشى بېسىپ كەتكەنىدى.

مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان شەپقەتچىم زادى كىمدۇ؟

ياقۇپ ئەپەندى سۆيۈرگىنى تاشلاپ، بېلىنى رۇسلىغاچ يىراقلارغا كۆز تىكتى. بىردىنلا مەكتەپ تەرەپتىن ناخشا ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ناخشىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاۋاتاتتى. ناخشا شۇنداق جۇشقۇن ھەم ياڭراق بولۇپ، بۇ ناخشىنى بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن ياقۇپ ئەپەندى جەڭگاھلاردا تالاي قېتىم ئېيتقانىدى. مانا، ئۇنى بۈگۈن بالىلار ئېيتىۋاتىدۇ. ئەتىچۇ؟ ناخشا ئاخىرلاشتى. ئەمما ياقۇپ ئەپەندى ئۇنى غىڭشىپ تەكرارلاشقا باشلىدى.

① مەلۇم ئىنقىلاب ئىشتىراكچىلىرىنى يەرلىكلەر «يىگىت» دەپ ئاتايتتى.

كۈچلۈك قوللاردا قۇدرەتلىك قورال،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملىرىمىز.
بىزدە يېڭىلىش يوق،
چوقۇم بولمايدۇ،
چۈنكى ئۆسمەكتە قوشۇنلىرىمىز.
بۇلۇتلار ئارىلاپ ئېگىز ئۇچىدۇ،
ئەنە ئاسماندا لاچىنلىرىمىز.
يەردە تانكىلار،
مىنا زەمبىرەكلەر،
دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىمىز.
يۈرۈگلار بارايلى ئالدىنقى سەپكە،
ئاتاكا قىلايلى دۈشمەننى قوغلاپ.
ئېتىڭ پىلىموتنى،
تاشلاڭ گراناتنى،
دۈشمەنگە بېرەيلى ئەجەللىك دەككە.①

ياقۇپ ئەپەندى ناخشىنى ئوقۇپ بولۇپ، مەكتەپ تەرەپكە قاراپ چەكسىز ئېچىتىشارلىق تۇيغۇسى بىلەن بىر نېمىلەرنى دېدى-دە، خازانلارنى تاغارغا تىقىپ بولۇپ چىنارغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. گۆشسىز ئالىقانلىرى بىلەن خۇددى ئايزۆھرەنىڭ يۈزىنى، بويۇنلىرىنى، سۈزۈك يۈزلىرىنى سىيلاۋاتقاندەك چىنارنى سىيلاشقا باشلىدى.

«مەن كۆزۈمنى ئاچقاندا، باھار قۇياشىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى جۇلالىق نۇرلىرى كىچىككىنە تۈگۈلۈك ۋە تارغىنا پەنجىرىدىن ئېقىپ كىرىۋاتاتتى. پەنجىرىدىن ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر تال يۇمران نوتىمۇ ئۆي ئىچىگە كىرىپ قالغان بولۇپ ئۇنىڭدا ئىككى تاللا چېچەك تۇراتتى. بۇ چېچەكلەر شۇنداق سۈزۈك، شۇنداق چىرايلىق ئىدى.

ئاخشىمى توختىيۇسۇپكام ئۆزىنىڭ كېسەللىكىگە قارىماي، دورا بىلەن پۇتۇمنى تېڭىپ قويغاچقا، پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى خېلىلا پەسىيىپ قالغانىدى.

بىر چاغدا سەن يۈز-قولۇمنى يۇيۇشۇم ئۈچۈن چۆگۈندە سۇ ئېلىپ كىردىڭ. يەنە بىر قولۇڭدا كىچىكرەك بىر كاساڭ تۇراتتى.

مەن سېنى شۇ چاغدىلا كۆردۈم.

بۇ راستىنلا شۇ ئايزۆھرەمىدۇ؟

—پۇتۇڭىزنىڭ ئاغرىقى قانداقراق بۇگۈن؟

—خېلى ئوبدان.

—يۈز-قولىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ، — سەن چۆگۈننى قويۇپ تاغاردىن كاساڭغا ئۇن ئالغاچ، ماڭا ئوماقىنا جىلمىيىپ قارىدىڭ.

نېمىشقا قارىدىڭ؟ نېمىشقا جىلمايدىڭ؟ شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمغا ئاجايىپ بىر خىل ئىللىق سىزىم، قايناق ھارارەت تارىلىپ تىلىم تۇتۇلدى. قېنى، ساڭا ئېيتقاچى بولغان رەھمەت-تەشەككۈرلىرىم؟

بۇ راستىنلا شۇ چاغدىكى ئايزۆھرەنىڭ ئۆزىمىدۇ-ھە؟ توۋا... ئادەم بالىسى شۇنداقمۇ چىرايلىق بولىدىكەن-ھە! ئۇ چاغدا ئۇ نېمىشقا ماڭا بۇنداق چىرايلىق كۆرۈنمىگەن بولغىيتتى؟

— ئاش ئېچىڭ.

مەن خىيالدىن ئويغاندىم. سەن ماڭا ئاش ئېلىپ كىرگەنىدىڭ. بېدە كۆكى سېلىنغان ئۇگرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھور شۇنداق قويۇق ۋە پۇراقلىق ئىدى.

① بۇ تېكستنىڭ ئاپتورى — مەللىمى ئارىمىيە ئوقۇتقۇچىرى، مەرھۇم شائىر زەينىدىن سالىم (بەگ) بولۇپ، شۇ چاغلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان، ھازىرمۇ مەكتەپلەردە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ـــ ئاش ئىچىڭ، نېمانداق...ـــ سەن پىـ
ـىڭگىندە كۈلدۈڭ.

ئاھ، قانداق مېھىرلىك كۆز، سېھىرـ
لىك كۈلـكە بۇ! سەن چـىقىـپ كەتـتىڭ.
شۇنىـڭـدىن تارتـىپ كـۆكسـۈمـگە دۈشـ
مەنىنىڭ مىلتىق سـتۋوللىرى تىرەلگەندەمۇ
تىترىمەيدىغان يۈرىكىم سېـنى كۆرسە تىتى
رەيدىغان، تىپ رلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئىككى - ئۈچ كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتـ
تى. سەن مىنۇتسېرى چىرايلىقلىشىپ كېـ
تىۋاتاتتىڭ. بولۇپمۇ، جىلمايساڭ ياكى مەڭـ
زىڭ قىزارسا تېخىمۇ ئۇماقلىشىپ كېتەتتىڭ.

مېنىڭ زادىلا چىدىغۇچەلىكىم قالمىـ
دى. ئاخىرى كۆڭلۈمدىكىنى ئىزھار قىلىش
قارارىغا كەلدىم.

شۇ ئەسـنـادا سەن ئۆيـگە كـىرىپ
كەلدىڭ.

ـــ سىز چاي ئىچـكەچ تۇرۇڭ.

سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ تىلىمنى قۇلۇپلاپلا
قويدى. تېنىمنىڭ تەرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى
سەزدىم.

ـــ سىز...سىزچۇ؟ ـــ دېيەلىدىم ئارانلا.

ـــ مەن تۇكـمەنگە بارىمـەن، ـــ سەن
پىيالىغا چاي قۇيۇپ، نان سۇنـدۇردۇڭ.

ـــ يەنىما؟

ـــ تۈنۈگۈن تارتالمىغان، بۈگۈن ماـ
ڭا نۆۋەت كەلمەكچىدى.

كۆزۈم بىردىنلا پەنجىـرىگە چۈشـۈپ
قالدى. پەنجىرىدىن كىرىپ تۇرغان ھېلىقى
نوتا مىدىرلاپ كەتكەنىدى.

ئارقىدىنلا ئۆگزىـدىن ئاياغ تىۋىـشى
ئاڭلانغاندەك قىلدى.

ـــ شاخ مىدىرلايدۇ يا، ئايزۆھرە؟

ـــ مىدىرلىسا نېمە بولۇپتۇ؟ سىز شاخ
مىدىرلىغاننى كۆرمىگەنمۇ. چوڭ بولـۇپ؟ ـــ
دېدىڭ سەن خاتىـرجەم ھالـدا، ـــ شاخقا
قۇچقاچ قونغاندۇ يا سىزنى كـۆرگىلى.

سەن پىـىڭگىدە، كـۈلدۈڭ. مەڭـزىڭ
ۋىللىدە قىزاردى.

ـــ ئۆگزىدە بىر نېمە ماڭغاندەك قىـ
لىدىغۇ؟

ـــ قورقماڭ، بىزنىڭ ئىت ئۇ.

مەن بىردەم جىم بولـۇپ قالغانـدىن
كېيىن:

ـــ سىزگە...كې...كېيىم باردى ئازراق، ـــ
دېدىم كېكەچلەپ تۇرۇپ، يۈرىـكىم دۈپۈلـ
دەپ بوغۇزۇمغا تىقىلىپ قالدى. ئاھ، سۆيـ
گۈ ئىزھار قىلماق نېمىدېگەن قىيىن-ھە!

دەل شۇ چاغدا توختىيۇسۇپكام سېنى
چاقىرىپ قالدى.

ـــ كېيىنىزنى كەچتە دەڭ ئەمدى، ـــ
سەن ماڭـا جىلـمىيىپ قاراپ تەبەسسـۇم
قىلدىڭ. مەڭزىڭ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

ئاھ، بۇ قانداق جەلپكار، جىلۋىلىك
تەبەسسـۇم - ھە! لېكىـن مەن بۇ سېنىڭ
ئاخىرقـى تەبەسسۇمىڭ بولۇشىنى ئويـلاپ
باقمىغانىدىم.

سېنى، سەبداشلىرىمنى كۈتەتتىم. ئايـ
زۆھرە نېمىشقا كەلمەيدىغانـدۇ؟ سەبداشلىـ
رىم نېمىشقا مېنى ئەكەتمەيدىغاندۇ؟

كۆزۈم بىردىنلا ھېلىقى يۇمران نوـ
تىغا چۈشتى. چېچەكنىڭ بىرى يوق تۇراتـ
تى. ئۇ نەگە كەتتى؟ مەن ئىزتىراپـقا چۈـ
شۈپ تام تۈۋىگە باردىم. چېچـەك يەردە
ياتاتتى. مەن كېپىنەكنىڭ نازۇك قانىتىنى
ئۈتقاندەك، ئۇنى ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم.
ئۇنىڭ شاخ مىدىرلىغاندا چۈشۈپ كەتكەنلىـ
كىنى جەزىملەشتۈردۈم. ئۇنىڭ بەرگـى توـ
زۇپ كەتكەنىدى. قەلبىمنى بىلىپ بولمايـ
دىغان بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ چۇلغىۋالدى.

مەن سېنى ئەل ياتقۇغىچە كۈتتۈم. سېنى ئىزدەپ كەتكەن توختىيۇسۇپكاممۇ قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. مەن تىت - تىت بولاتتىم. يۈرىكىمنى بىر نەرسە ئۆرنەيتتى، پۇچۇلايتتى.

جىمجىت كېچە، ھەممە نەرسە ئۇيقۇغا كەتكەن. ئىتنىڭ قاۋىشىنى، دەرۋازىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىنى زارىقىپ كۈتەتتىم.

توخولارمۇ چىللاشقا باشلىدى. تاڭمۇ ئاتتى. چۈش مەزگىلىگىچە شۇنداق كۈتتۈم. يا سەن، يا توختىيۇسۇپكام يوق ئىدى. تۇيۇقسىز دەرۋازا ئېچىلىپ، ئۆيگە توختىيۇسۇپكام ۋە ئىككى ئاكاڭ كىرىپ كەلدى. ئۇلار سېنى ئىزلەپ تاپالمىغاندەك قىلاتتى. ئېھۋىمنى ئەلەم بىلەن چۈشەندىم...

ئىشىك قايتا زەنجىرلەندى. ئۇلار سېنى يەنە ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. ئەلياتقۇ بولغان چاغ ئىدى. بىردىنلا بىر توپ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— چىققە بۇ ياققا!

بولمىسا گرانات تاشلاپ ئۆچەي-قارىڭنى سورۇۋېتىمىز!

مەن چۆچۈپ كەتتىم. مىلتىق ستۇۋوللىرى پەنجىرىدىن، تۆڭلۈكتىن بەش قولدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى بىر جۇۋازخانىدا كۆردۈم. سول مەڭزىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىپ تۇراتتى. بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىيتتى.

كېچە، جىمجىتلىقىنى پەقەت مېنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇلنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەسنەشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئەتە ھايات بىلەن خوشلىشىمەن.

مېنى شۇ تاپتا ئازابلاۋاتقىنى بەدەنلىرىمدىكى قانلىق جاراھەت ئەمەس، بەلكى نامەلۇم بىر مۇناپىقنىڭ ئىپلاسلىقى ئىدى. بىردىنلا كۆڭلۈمگە بىر گۇمان كەلدى. ئايزۆھرە سەن راستىنلا شۇنداق قىلغانسەنمۇ؟ لېكىن بۇ ھۆكۈمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

خىيالىمنى چاڭقىلداپ ئېتىلىشقا باشلىغان ئوق ئاۋازلىرى بۇزۇپ تاشلىدى. بىزنىڭكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى...

شۇنداق قىلىپ مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئەمما يۈرىكىمگە ساڭا بولغان غەزەپلىنىش ھېسسىياتى ئورنىغانىدى.

قاغىلىق بازىرىغا قايتا ھۇجۇم(1) قىلىشنىڭ جىددىي تەييارلىقى قىلىنىۋاتقان بىر كۈنى كەچتە مېنى سەن دېمەتلىك بىر تاجىك قىز ئىزدەپ كەلدى. ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ ئىكەن. ئۇ سەن توغرىلىق بىر گەپلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مېنى مامۇتخا ئىشان ھاجىمنىڭ پاش قىلىپ قويغانلىقىنى، سىلەرنىڭ ئەينى چاغدا ساتقىنىنى ئىزدەپ يۇرتقا بارغانلىقىڭلارنى، لېكىن ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتكەنلىكىڭنى ئېيتتى.

بۇنى ئۇقۇپ ھەيرانلىق ھەم خىجالەت ئىچىدە قالدىم. ھازىرغا قەدەر سېنى مېنى گومىنداڭچىلارغا پاش قىلىپ قويغان دەپ قارايتتىم.

— ئەمىسە ئۇ تۆگمەنگە كېتىپ، كېيىن نېمىشقا ئۆيگە قايتماپتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن تەئەججۇپ بىلەن.

— ئۇقمىدىم... — دېدى ئۇ.

ئۇ تولىمۇ خىيالچان كۆرۈنەتتى.

(1) قاغىلىق 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئازاد قىلىنىپ، بىر ئايدىن كېيىن يەنە قولدىن كەتكەن.

يوغان قوي كۆزلىرى يىراقلاردا غۇۋا كۆرۈنگەن قارلىق تاغلاردىن ئۈزۈلمەيتتى.

— ئۇ ھازىر نەدە؟

— ئۇ؟ ئۇ...قۇربان بولدى!

— نېمە!؟

ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. يۈرىكىم ئېچىشىپ كۆز چاناقلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئاھ، جېنىم ئايزۆھرە.

مەن خۇددى نوتىدىن چۈشۈپ كەتكەن يۇمران چېچەكنى كۆرگەن چېغىمدىكىدەك ئازابلىنىپ كەتتىم.

— ئۇ قانداق قۇربان بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن، ئەلەم بىلەن.

— خانلەڭگەردىكى جەڭ ئۇپۇق قىزىرىشى بىلەن تەڭلا تېخىمۇ دەھشەتلىك بولۇپ كەتتى. دەسلەپ بىز ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنىدۇق، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — لېكىن ئاخىرىدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالمىدۇق. چۈنكى بىز دۈشمەننىڭ بىر يوشۇرۇن پوتېيىگە دۈچ كېپقالغانىدۇق. پوتەيدىن ئوقلار يادغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. پوتەيىنى پارتلاتقىلى ماڭغانلىكى يەگىت قان ئىچىگە يىقىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن مىناميوتلىرىمۇ ئىشقا چۈشكەنىدى. ئوقلار قۇلاق تۈۋىمىزدىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى. مەن دالدىدا بىر جەڭچىنىڭ جاراھىتىنى تېڭىۋاتاتتىم، توساتتىن:

— يولداش كوماندىر ئىسكادرون، پوتەيىنى پارتلىتىشقا مەن باراي! — دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بۇ ئايزۆھرە ئىدى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا روتا كوماندىرىنىڭ يېنىدىكى پىلىموتچىغا ئوق تەگدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم. روتا كاماندىرى پىلموتىنى ئېلىپ سايراتقاچ:

— سادىربەگ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— بار! — 40 ياشلاردىكى بىر ئادەم كوماندىرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سەن...— روتا كاماندىرىنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— كوماندىر! — دەپ تۈۋلىدى سادىربەگ بىلەن ئايزۆھرە تەڭلا. مەن دەرھال روتا كوماندىرىنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئوق ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگكەن ئىكەن، ئۇنى تېڭىشقا باشلىدىم.

— سەن...

— سادىربەككا، ماڭا ھەمكارلىشىڭ! — ئايزۆھرە بىردىنلا ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى-دە، ئىس-تۈتەك قويىنىغا كىرىپ كەتتى.

— ئايزۆھرە، توختا!... — روتا كوماندىرى تۈۋلاپلا قالدى. ئۇ بۇ قىزنى ھەرگىز پوتەيىنى پارتلىتىشقا مېڭىشقا يول قويمايتتى.

روتا كوماندىرى پىلىموتنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى سادىربەگ بىلەن ئايزۆھرەنى قوغداشقا، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى ئۆزىگە قارىتىشقا باشلىدى.

دۈشمەن پىلىموتىنىڭ زۇۋانى بىر مىنۇتمۇ توختىمايتتى.

بىر چاغدا تۇيۇقسىز قاتتىق پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ، دۈشمەن پىلىموتىنىڭ زۇۋانى ئۆچتى. بىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاتاكىغا ئۆتتۇق. ئاخىرى بىز غەلىبە قىلدۇق، ئەمما ئايزۆھرەنىڭ كۆزى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغانىدى. ئۇ قۇچىقىمدا قانغا بويالغان ھالدا ياتاتتى.

ھېلىقى قىز بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى نەم قۇمغا تاشلىدىم - دە، يېشىمغا تولغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدىم.

بىر چاغدا ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ھېلىغىچە ھېلىقى قورام تاش ئۈستىدە يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— ئۇ سىزگە يەنە نېمىلەرنى دېدى؟

— ئۇ ماڭا ئىشان قەسسىدە تۇرىمدى، دېگەندەك قىلغان، — ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، يېنىدىن بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ دېدى، — ئايزۆھرە جان ئۆزۈش ئالدىدا بۇنى سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى ۋەسىيەت قىپتى، — ئۇ تۈگۈنچەكنى ماڭا بەردى. تۈگۈنچەكنى قوللىرىم تىترىگەن ھالدا ئالدىم.

خەت قانغا بويۇلۇپ كەتكەنىدى.

جېنىم ئايزۆھرە، شۇ خېتىڭنى ئۆزۈڭ بىر ئوقۇپ بەرگىنە. ئاۋازىڭنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىر ئاڭلاي.

چىنار ئۈستىدە بىر قاغا قاقىلىدىدى. ياقۇپ ئەپەندى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، قاغىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى. ياقۇپ ئەپەندى غازاڭ توشقۇزۇلغان تاغارنى يۈدۈپ ئۆيىگە ماڭدى. ياقۇپ ئەپەندى يەنە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. كېچىلىرى دېگۈدەك يۆتىلىپ چىقاتتى.

— چوڭ دادا، سىزگە نەشىرىياتتىن ماتېرىيال كەپتۇ. ئەتىگەندىن بېرى كۆزىنىمۇ ئاچماي، دوختۇرغا ئاپىرايلى دېسىمۇ ئۇنىماي ياتقان ياقۇپ ئەپەندى ئىنىسىنىڭ ئوغلى نىجاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا كۆزىنى ئاچتى. ئۇ نىجاتنىڭ قولىدىكى بولاقنى كۆرۈپ سەل ئۆرە بولدى.

— قېنى، بەشكىنە، بالام، — ياقۇپ ئەپەندىنىڭ لەۋلىرى لېپىلداپ كەتتى.

بولاق يېشىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن 10 پارچە كىتاب چىقتى. نىجات كىتابتىن بىرنى ئېلىپ ياقۇپ ئەپەندىگە سۇندى. ياقۇپ ئەپەندى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى ئاپتومات تۇتۇپ تۇرغان قىزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى كۆشىسىز ئالقانلىرىدا سىيلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى.

«ئاخىرقى تەبەسسۇم»

ياقۇپ ئەپەندى كىتابنىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. پىلدىرلاپ قالغان كۆز قارىچۇقلىرىدىن سىېغىنىش، تەلپۈنۈش نۇرلىرى چېقىندىماقتا ئىدى.

ياقۇپ ئەپەندى گويا نىجاتنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىزنىڭ رەسىمگە، يۈز - كۆزىنى سۆركەشكە باشلىدى.

— ھە راست، چوڭ دادا، سىزگە قەلەم ھەققىمۇ كەپتۇ، — نىجات بايا پوچتالىيون بەرگەن پۇل چېكىنى ياقۇپ ئەپەندىگە بەردى. ياقۇپ ئەپەندى چەكنى قويۇپ قويۇپ نىجاتقا دېدى:

— بالام قەلىمىم ئەكەلگىنە!

ياقۇپ ئەپەندى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچ بېتىگە «كۈرەش قەھرىمانى ئايزۆھرەگە بېغىشلايمەن. ئاپتوردىن» دېگەن خەتلەر بېسىلغانىدى.

ياقۇپ ئەپەندى شۇ خەتنىڭ ئاستىغىلا يەنە چوڭ قىلىپ:

«كۈرەش قەھرىمانى ئايزەھرەگە تەقدىم»

ياقۇپ زاكىر

دەپ يازدى.

چۈش بولا - بولمايلا ئۆيىگە بىر توپ

كىشىلەر كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياقۇپ ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دوختۇر، ئىنژېنېر، يازغۇچى، شائىر، ئوقۇتقۇچى ۋە ھاكىممۇ بار ئىدى. ئۇلار ئوقۇتقۇچىسىدىن قىزغىن ھال سوراشتى، مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەشتى.

ھاكىم ئەتە ماشىنا ئېلىپ كېلىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياقۇپ ئەپەندى كىتابىنىڭ قاتلاپ قويغان بېتىنى ئېچىپ «قانغا بويالغان خەت» دېگەن بابقا كۆز تىكتى. كۆز تىكىشى بىلەن ئايزۆھرە بۇلاق سۈيىدەك شۇرۇلداپ كەتتى:

«جېنىم ياقۇپ، سىزنى ‹جېنىم› دەپ ئاتىشىمغا ئىجازەت بېرىڭ. نامىڭىزنى ناپاك تىلىمغا ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ. بۇ خەتنى مەن سىزگە ئازاب ۋە ئەلەم ئىچىدە يېزىۋاتىمەن. دادام شۇ كۈنى دادىڭىز بىلەن سىزنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. سىلەر ئۇستا ياغاچچى ئىكەنسىلەر. سىز بەكمۇ كەمسۆز، خىيالچان ئىدىڭىز. سىز ئۇ چاغدا باش كۆتەرمەي تاختايلارغا رەندە سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتىڭىز؟ ئۈچ ھەپتە شۇنداق ئۆتتى. بىر كۈنى سىزنى باغدا يالغۇز كۆرۈپ قالدىم. سىز ئۇ يەردە بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ تۇراتتىڭىز؛ مەن سىزگە گەپ قىلماقچى بولدۇم. بىراق بۇنداق قىلىشقا قىزلىق غۇرۇرۇم يول قويمىدى.

ئارقامغا ياندىم. ياندىم ـ يۇ، يەرگە مىخلىنىپلا قالدىم. چۈنكى سىز بىر ناخشىنى، ئۆمرۈمدە ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىر ناخشىنى ئېيتتىڭىز.

مەي ئىچسەم مەست ئۆزۈم، ئىچمىسەممۇ
بەنت

مەي ئىچمە دەپ توسما، بولدى ئەمدى بەس
يار دېگەن بىر سۆزنى بىلمەن، ئەمما
يارىم يوق، شۇڭلاشقا مەيسىز كۈنۈم تەس

سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن مۇشۇنداق بىر ناخشىنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ھەيرانلىق ھەم ئىزتىراپلىق ئىچىدە سېھىرلىنىپ قالغاندەك، ۋۇجۇدۇم ئوتتا چۆشكەندەك تولغىنىپ كەتتى.

— تۇرۇپسىزغۇ بۇ يەردە؟

چۆچۈپ بېشىمنى كۆتەردىم. سىز ماڭا خىجىل بولغاندەك شۇ سۆزنى قىلدىڭىز. ئىسىمگە كەلدىم ۋە قانداقتۇر بىر خىل كۈچنىڭ سېھرىدىن چىرايىم قىزىرىپ، ئۆزۈممۇ سەزمەستىن، ھويلىغا كىرىپ كەتتىم. سىزمۇ بىلىسىز، دادام ئوقۇمۇشلۇق بولغاچقا، مەن بۇرۇنلا ساۋاتىمنى چىقىرىۋالغانىدىم. ئاخشاملىرى كىتاب ئوقۇيتتىم. شۇ ئىشتىن كېيىن سىزنى تولا خىيال قىلىدىغان، كۈنلىرى سىز بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدىم. ياغاچچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تۈگىمەسلىكىنى تىلەيتتىم.

ئەمما سىز كەتتىڭىز. مېنىڭ شوخلۇقۇمنى، خىياللىرىمنى، يۈرىكىمنى ئېلىپ كەتتىڭىز.

كېيىن مەن سىزنىڭ تاشقورغاندا ئىنقىلاب پارتىلاپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ يىگىتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇم.

تەقدىر بىزنى ئاخىرى يەنە ئۇچراشتۇردى، ئۇ كۈنى كەچتە مەن ھاجەتكە چىققانىدىم. ئەتراپتىن بىردىنلا كىملەرنىڭدۇر ۋارقىرىشىپ، ئوق چىقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن ئەشۇنىڭ ئۈچۈن ھەيرانلىق ئىچىدە ئىشىك ئالدىغا چىققىنىم، كىمدۇ بىرىنىڭ ئاق-سايىپ كەلگىنىچە كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كىمدۇ؟ يىگىتمىدۇ - ياكى ... مېنى قايسى كۈچنىڭ كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا ئىتتىرىپ ئاپارغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇنداق قىلىپ سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كىردىم. ھاياجاندىنمۇ ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدىكەن. شۇ كېچىسى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدىم. ئىككى كۈن ئۆتتى. مەن سىزنىڭ روھىي - ھالىتىڭىزدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىڭىزنىڭ ماڭا قانداقتۇر بىرخىل نەزەردە تىكىلىۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغانىدىم. مەن سىزنىڭ يەنە كېتىپ قېلىشىڭىزنى خالىمايتتىم. شۇڭا ماڭا بەرگەن ھېلىقى خېتىڭىزنى سىز دېگەن ھېلىقى جۇۋىچىغا بەرمىگەنىدىم. ئەگەر ئۇنىڭغا خەتنى بەرسەم يىگىتلەر كېلىپ سىزنى ئېلىپ كېتەتتى - دە، مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالاتتىم.

— ياقۇپ، سىز شۇ كۈنى «ئايزۆھرە سىزگە كېپىم بارىدى» دېدىڭىز. ئەمما، بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاش ماڭا نېسىپ بولمىدى. مەن تۈگمەنگە قاراپ يول ئالدىم. كېچىچە ياغقان يامغۇر سەھەرگە يېقىن توختاپ، ئاسمان ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

توساتتىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇرۇلۇپ قارىسام، ماموتخان ئىشان ھاجىم ئىكەن. ئۇ، دەرۋازىسى ئالدىدا ماڭا قاراپ تۇراتتى. 50 ياشلارغا كىرگەن، ياغاق يۈزلىرى قىزىرىپلا تۇرىدىغان بۇ كىشى بىزنىڭ قوشنىمىز ئىدى. ئايالى بولتۇر قازا قىلىپ كەتكەنىدى.

— سالام قىلىپ قويايمۇ دېمەيلىيا، ھۇنداق؟

— ئالدىراشچىلىقتا كۆرمەي قاپتىمەن، ھاجىم، — دېدىم مەن مۇلايىملىق بىلەن.

— ھويلىغا بىر كىرسىلە، زۆھرە خېنىم، گېپىم بارىدى. ئازراق.

— نېمە؟

— گېپىم بادى ئازراق.

— نېمە گەپتى، ھاجىم؟

— تولىمۇ زۆرۈر گەپتى. ئاۋۋال بوسۇغىدىن پۇتلىرىنى ئالسىلا، — ھاجىم يەكتەكىدىكى توپىلارنى قاققاچ مېڭىشقا تەمشەلدى.

مەن ھاجىمنىڭ ئۈستىبېشىغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ كىيىملىرى، يۈك-يۈزىنىڭ بويىندەك تۈرمەل بويۇنلىرى توپا - چاڭ ئىدى. ئادەتتە ئاي - يىللاپ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قول تىقمايدىغان ھاجىمنىڭ كىيىملىرىگە بۇ توپا - چاڭلار قەيەردىن يۇقتى؟ غۇۋۇرىدە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ:

— گەپلىرى بولسا مۇشۇ يەردە غاچچىدە دېسىلە، ھاجىم. مەن بەك ئالدىرايتتىم، — دېدىم يولۇمغا مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— نېمىگە ئالدىرايلا؟ بۇ يەردە دەيدىغان گەپ ئەمەستى. سىلىنىڭ ...

— ئوھوش، ھاجىم! بۇ يەردە دېگىلى بولمايدىغان گەپنى ئاڭلايدىغان ئادەم ئەمەس مەن! — ئاچچىقىم بىلەن شۇنداق دېدىم - دە، يولۇمغا مېڭىشقا تەمشەلدىم.

— بۇ، ئۆيلىرىدە ساقلاۋاتقان ھېلىقى يىگىت توغرىسىدىكى گەپ جۇمۇسىلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك توختاپ تۇرۇپ قالدىم. يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى،

— نېمە يىگىت؟ نېمە يىگىت ئۇ؟ — دېدىم ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان قىياپەتتە.

— خۇپىمەنلىك قىلمىسىلا، خېنىم،

مەن ئۇنى ھازىرلا پەنجىرىدىن، تۇڭلۇكتىن قاراپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام. سىلىكە ئۇ: «كىيىم بادى ئازراق» دېدى - يا، تېخى، يالغان دېسىلە قېنى؟

مەن قورقۇپ كەتتىم. سىز بايا، شاخ مىدىرلاۋاتىدۇ. ئۆگزىدە بىر نەرسە ماڭغاندەك قىلىدۇ دېگىنىڭىزدە مەن بىزنىڭ ئىت دېگەنىدىم. راستىنلا ئىت ئىكەن. ئادەم سېنىياقىدىكى ئىت ئىكەن!

ئاخىرى ھاجىمنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئەپتىدىن بىر خىل شۇملۇقنى سەزدىم. يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. خەتنى ھېلىقى جۇۋىچىغا ئاپىرىپ بەرمەي، سىزگە يالغان گەپ قىلغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدىم.

— قېنى گەپلىرى بولسا دېمەملا، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ.

ھاجىم بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە قارىۋېتىپ، كېيىنى ئۇچۇقلا دەۋەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى.

— سىلىدە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟ مەسچىت ئىمامى تۇرۇپ... — مەن ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

— ھا...ي... ئالدىرىمىسىلا بولارمىكى، خېنىم. بۇنداق قىلىسىلا ئۆيلىرىدىكى يىگىتنى گومىنداڭچىلارغا دەپ قويىمەن جۇمۇ-يىلا! ئۇ چاغدا ھەممىلىرى بالاغا قېلىشىلا...

ئاھ، ئەمدى قانداق قىلاي؟ مەن ھاجىمغا يالۋۇردۇم، يالۋۇرغاندىمۇ پۇتلىرىغا مۇرىد - مۇخلىسلىرىغا ئوخشاش يىقىلىپ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يالۋۇردۇم. لېكىن مۇناپىققا بۇ نالىلىرىم تەسىر قىلمىدى.

ئاخىرى ھاجىمغا بۈگۈن كەچكە ۋەدە بەردىم. چۈنكى كەچكىچە سىز بىلەن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتەلەيتتۇق. ئەمما، ھاجىم بۇنىڭغا ئۇنىمىدى، ئۇ گومىنداڭچىلارغا دەپ قويۇپ بولغىچە، سىز بىلەن قېچىپ كېتەيمۇ دەپ ئويلىدىم. بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەن سىزنى ئېلىپ بوسۇغا ئاتلاپ بولغۇچە، ھاجىم كەنتنىڭ بېشىدىكى دۈشمەن كازارمىسىغا بېرىپ بولاتتى - دە، دەريا بويىغا بارا - بارمايلا قورشاۋدا قالاتتۇق.

ھەممە گۇناھ مەندە، نېمىشقىمۇ خەتنى ھېلىقى جۇۋىچىغا بەرمىگەن بولغىيتتىم؟ مەن باغقا قارىدىم، ھاجىمنىڭ بېغىغا قاراپ تۇرىدىغان پەنجىرىمىزگە قارىدىم. سىزمۇ ماڭا پەنجىرىدىن قاراپ تۇرغان بولسىڭىزچۇ...

مەن بۆرە ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتىم.

سارايىنىڭ ئىشىكى تاقالدى. كۆزۈم بىردىنلا كات يېنىدىكى تۇرغان ھاسىغا چۈشتى:

كاتنىڭ يېنىغا كەلدىم. ھاجىمنىڭ ھاياسىز كۆزلىرى مېنىڭ ھەرىكىتىمگە دىققەت قىلمايتتى، ھاجىم كۆرپىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋىدى، مەن ھاسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا كۈچ بىلەن ئۇردۇم. بىراق بۇ قېرى تۈلكە تېزلىكتە ئۆزىنى قاچۇرۇۋالغاچقا، ھاسا كاتنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ سۇنۇپ كەتتى.

— ئاچچىقلىرىنى ئۇنداق يامان قىلمىسىلا، خېنىم، — ھاجىم زەھەرلىك ھىجايدى.

كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئاھ، شۇم تەقدىر...

خەت شۇ يەرگىچىلا يېزىلغانىدى. ياقۇپ ئەپەندى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈردى. كۆز چاناقلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

— چوڭ دادا، يىغلاپسىزغۇ؟

— سىرتتىن كىرىپ كەلگەن نىجات

ياقۇپ ئەپەندىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

لېكىن ياقۇپ ئەپەندى بۇنى ئاڭلىمىدى. سەھەر، سېرىق تاشلىق جۇۋىغا ئورىنىۋالغان ياقۇپ ئەپەندى چىنارغا يۆلىنىپ تۇراتتى. قوينىدا «ئاخىرقى تەبەسسۇم» ناملىق كىتابمۇ بار ئىدى.

ئۇ، كىتابنى ئايزۆھرەگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئەكەپمىدىكىن؟

ئابلىمىز ئىبراھىم

زۇمچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەر بېشىدىكى توغ ـ خادىلار، قەبرىستانلىق ۋە ئايزۆھرەنىڭ توپراق بېشىدىكى چىنار دەرىخىنى سۆكۈتكە چۆمگەن. ياقۇپ ئەپەندى يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سالدى. قىپ ـ قىزىل ھۆپپۆلدەپ تۇرغان قۇياشقا قارىدى. ئاشۇ يەرلەردىن، ئاشۇ يىراق ـ يىراقلاردىن ئايزۆھرە تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# كىتابخانىدا

(ھېكايە)

مىغىز رەڭ سارجىدىن ياراشتۇرۇپ كاستۇم ـ شىم كىيگەن، بوينىغا گۈللۈك گالستۇك باغلىغان، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى سالاپەتلىك بىر كىشى چاققانىغىنا قارا خۇرۇم سومكىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان ھالدا كىتابخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇلازىمەتچى خادىملارغا قاراپمۇ قويماي، ئۇدۇل كىتابلار رەتلىك تىزىلغان جاھازىلار ئالدىغا كېلىپ كىتابلارغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ بۇ كىتابخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ، ئادەتتە بىر ـ ئىككى سائەت كىتاب كۆرۈپلا قايتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ئاشۇ سومكىنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنۇتمايتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئاشۇ ئادىتى بويىچە بىر پەس كىتاب كۆردى. كىتابخانىدا ئادەم شالاڭ بولۇپ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ بەزىلىرى كىتاب كۆرۈپ، بەزىلىرى قىزىق پاراڭغا چۈشكەندى. ئۇ بىردەم سائەتتەك كىتاب كۆرگەندىن كېيىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئاندىن كۆرۈۋاتقان كىتابنى قولىدىكى سومكىغا سالدى. ئارىلىقتا ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققان بىر قانچىسى سومكىغا چۈشتى. ئەمدى ئۇ قاپىتماقچى بولۇپ مېڭىپ لۇغەتلەر تىزىلغان جاھازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى» دېگەن خەتلىرى چاقناپ تۇرغان لۇغەتكە كۆزى چۈشتى. ئۇ لۇغەتنى قولىغا ئېلىپ، بىر قۇر ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن يەم بىلەن سومكىغا سالدى. بىراق لۇغەت سومكىغا پاتمىدى. ئۇ خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ سىغدۇرالمىدى. ئىچىدىكى كىتابلارنى ئېلىۋېتىشنىڭ ئورنى بولمىدى. ئۇ سەل چىدىدىيلەشتىمۇ، قانداق قىلىمىزى؟

تىترىگەن ھالدا لۇغەتنى ئورنىغا قويۇپ قويدى. ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ دىققەت قىلمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى - دە، كىرگەن چاغدىكى قىياپىتى بويىچە خاتىرجەم ھالدا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ئاكا، توختاپ تۇرۇڭا! — ئۇ بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ چىپپىدە توختاپ، ھولۇققان ھالدا كەينىگە قارىدى.

— سىزنى دەۋاتىمەن، — بېلەت كەسكۈچى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — سومكىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن سومكىنى ئالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. يۈزى، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، چېكىسىدىن پۇررىدە تەرچىقىپ كەتتى.

— بۇ نېمە؟ — قىز سومكىدىكى كىتابلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— بۇ... بۇ... بۇ... — ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ سۆزگە كەلمەي قالدى.

— ئاكا، كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇلىڭىز بولمىسا ئەنە ئاۋۇ قىرائەتخانا، كىرىپ كىتاب كۆرسىڭىز، بولمىسا كىتاب ئارىيەت ئالسىڭىز بولمامدۇ. بايا سىزنىڭ كىتابلارنى سومكىغا سېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگەنىدىم. مەن سىزنى بۇ كىتابلارنى سېتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. سىزنى، بۇنداق نومۇس ئىشنى قىلار دەپ، پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى بېلەت ساتقۇچى قىز ئۇنى ئەيىبلەپ. ئەتراپقا كىشىلەر ئولاشتى.

ئۇ ئورنىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى بارغانسېرى قورۇلۇپ كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. بېلەت كەسكۈچى قىز تامغا ئېسىقلىق تۇرغان چىرايلىق ئەينەك رامكىنى كۆرسىتىپ:

— سىز ئاۋۇ بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە تۆلەيسىز، — دېدى. ئۇ قىز كۆرسەتكەن تامغا قارىدى. بىراق كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، پۇتلىرى تىترەپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي قېلىۋاتقاندەك، پۈتۈن كىتابخانا ئېگىز - پەس چايقىلىپ، پىرقىراۋاتقاندەك بىلىندى.

— قاراپ تۇرماي جەرىمانە تۆلەڭ! — ئۇ بۇ ئاۋازدىن توك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قويۇن يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ، قىزنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، سەنتۈرۈلگىنىچە ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

**روزى ئىمىن**

# سوۋغا

(ھېكايە)

كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان تۇغقىنىمنى يوقلاش ئۈچۈن بۇ شەھەرگە كەلگەنىدىم. مەن بىر كوچىدا ئالدىراپ كېتىپ باراتتىم. بىراۋنىڭ:

— ھوي ئاكا، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قەيەردە؟— دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم. مەندىن گەپ سوراۋاتقان بۇ يىگىت 18 ياشلاردا بولۇپ، چىرايى سۇنۇق ئىدى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىردەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭغا:

— مەن بىلمەيدىكەنمەن،— دېدىم-دە، ئۆز يولۇمغا كېتىۋەردىم. يىگىت قەدىمىنى تېزلىتىپ ماڭا يېتىشىپ كەلدى ۋە ماڭا يېلىنىپ:

— مەن غۇلجىغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چىققانىدىم. ئۈرۈمچىگە كېلىپ پۇللىرىمنى ئوغرىغا بېرىپ قويۇپ، ئىككى كۈننىڭ ياغى ئاغزىمغا بىر بۇردا نان سالمىدىم. بۇ شەھەردە يا بىرەر تونۇش - بىلىشىممۇ يوق. دادامنىڭ ئاكىسى ھەرەمدىن غۇلجىدىكى ھامامىغا ئەۋەتكەن بىر دانە جىلىك مال بار ئىدى. شۇنى بولسىمۇ پۇل قىلىپ خىراجەت قىلىپ تۇراي، دەپ يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ئىزدەپ ماڭغانىدىم. شۇنچە قارىسامۇ تاپالمايۋاتىمەن،— دېدى.

— نېمىتى ئۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن دەررۇلا، يىگىت مېنى بىر خالى جايغا باشلاپ كېلىپ، ئاق قەغەزگە ئورالغان بىر دانە ئۈزۈكنى ماڭا كۆرسەتتى. شۇئان مەندە ئۇنى توغقىنىمىزنىڭ ئارزۇلۇق قىزىغا سوغا قىلىش ئويى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم - دە:

— ئۇنى ساتامسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— ھە ساتىمەن.

— قانچىگە بېرەرسەن؟

— بانكىغا ئاپارسام گەپ سۆز يوق 700 يۈەن بېرەتتى. سىز نەچچە بېرەرسىز؟

— مېنىڭ جىلىك بولسىلا 300 كوي بېرەي. قانداق بېرەمسەن؟

— ئاكا ئەرزان كەتسە سىزگە كېتەر، يەنە ئازراق قوشۇۋېتىڭ سىزگىلا بېرىۋېتەي.

— ماقۇل، 50 كوي قوشۇپ بېرەي، بولامدۇ؟

ئەمدىلا سودىنى پۈتتۈرەي دەپ تۇرساق 20 ياشلاردىكى بىر يىگىت كېلىپ سودىغا ئارىلاشتى:

— نېمە سودىلىشىۋاتىسىلەر؟ مەنمۇ كۆرەيچۇ؟— دەپلا ئىشنى بۇزغىلى تۇردى. ھېلىقى بالا ئۈزۈكنى چىقاردى.

— ھە... مۇشۇمىدى، قانچە پۇلغا ساتىسەن؟— دېدى ئۇ ئۈزۈكنى تۇتۇپ كۆرۈپ.

— ساتمايمەن.

— نېمىشقا ساتمايسەن؟

مەن ماۋۇ ئاكام بىلەن سودىنى پۈتتۈرۈپ قويدۇم. ئەگەر ئۇ ئالماي قالسا سەن ئالساڭ بولىدۇ.

— قېنى، قانچىگە پۈتتۈشتىڭلار؟

— قانداق ئۇكا 350 كويغا بېرەمسەن؟— دېدىم مەن. بىراق يىگىت سودىغا يەنە ئارىلاشتى:

— 350 كويغا بەرمەمسەن؟ نەرخى جايىدا بوپتۇغۇ؟

— ياق، كەم بولۇپ قالدى.

— ھەي، سەن سودا دېگەننى بىلمەيدىغان گىجىلىك بىرنېمىمۇ نېمە؟

— بېشىمغا كۈن چۈشتى، دەپ ئەرزان ساتقىلى بولمايدۇ - دە، پۇلغا چىقىپ ئالسۇن بېرەي.

ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ:

— قەيەرلىكسەن ئۆزۈڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاقسۇدىن.

— مۇنداق - دە، مەن 50 كوي قوش-

تۇم بىرەمسەن؟

— ياق.

— پۇلىڭىزنى چىقىرىڭسا ئاكسا. ماۋۇ نىمە دەيدۇ؟

مەن يانچۇقۇمدىن پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا 400 يۈەننى ساناپ بەردىم. ھېلىقى يىگىت پۇلنى ئېلىپ ئۈزۈك ئىگىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. لېكىن ئۈزۈكنىڭ ئىگىسى پۇلنى ئاز كۆرۈپ قايتۇرۇپ بەردى. ئاخىرى ئۇ يان تارتىپ، بۇيان تارتىپ ئۈزۈكنىڭ باھاسى 450 كويغا چىقتى. شۇندىمۇ ئۇ ئەرزان بولۇپ قالدى دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى بولدى قىلىپ ئۆز يولۇمغا ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى يىگىت ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىگە ئاچچىقى كەلگەندەك دېدى:

— ئاكا ئۇ تازىمۇ بىر گەجەلىك نىمە ئىكەن، بوپتۇ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە 50 كوي قوشۇپ ئېلىڭ. يەنىلا سىزگە ئەرزان توختايدۇ. بولمىسا مانا مەن ئالىمەن، — دەپلا ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىنى توختاتتى. مەن ئۈزۈكنى قولۇمغا ئېلىپ، 500 يۈەن پۇلنى ساناپ ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىگە بەرگۈچە ھېلىقى يىگىت قۇمغا چۆككەن يىڭنىدەكلا غايىپ بولدى. ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىمۇ پۇلنى ئېلىپ، سانىمايلا كېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى ئۇن نەچچە يىل يۈز كۆرۈشمىگەن تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغا-سالاملارنى داستىخان ئۈستىگە قويدۇم ھەمدە ھامىمامنىڭ ئارزۇلۇق قىزى — تىللا قىزغا ئاتاپ ئالغان ھېلىقى ئۈزۈكنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. تۇغقانلار تىللاقىزنىڭ ئۈزۈكىنى مۇبارەكلەپ، ئۇنى قولىغا سېلىۋېلىشنى دەۋەت قىلىشتى.

ھامىمام:

— بەكمۇ كايىپسىز. بۇ ئۈزۈكنى قانچىگە ئېلىۋىدىڭىز كىن؟ بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن.

— 500 كويغا ئالدىم، — دېدىم مەن. ھامىمام ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ، دىققەت كۆرۈپلا:

— ھەي، سىز جا مالغا ئۇچراپسىزمۇ نېمە؟ ھەقىقەتەن جا ئىكەن. بۇنى بەش كويغا تەستە ئالىدۇ... — دېدى.

مەن قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم. ئېچىم لازا يەۋالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. تىللاقىزمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى.

— قانداق قىزىل كۆزدىن ئالغانسىز ھە؟ ساتقۇچىنى تونۇيالامسىز؟ — دېدى.

— كۆرسەملا تونۇيمەن، — دېدىم مەن ئالدىنىپ قالغانلىقىمغا ئۆكۈنۈپ.

شۇ ئەسنادا ئۆيگە ھامىمامنىڭ ئوغلى قەيسەر كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇن نەچچە يىل بۇرۇن مەن كۆرگەن 5 - 6 ياشلىق قەيسەر بولماستىن تونۇغۇن ماڭا ئۈزۈك ساتقان «ئاقسۇلۇق مۇساپىر» دەل شۇ ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇرېشىت ماھۇت

# مەنسەپ ۋە نەپ

(ھېكايە)

1

ياز كېچىسى. پۈتۈن مەھەللە ئۇيقۇغا كەتكەن، پەقەت بىرلا ئۆيدە چىراغ يېنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ باغ تەرەپكە قارىغان، ئۇلۇغ ئېچۋېتىلگەن دېرىزىسىدىن دېرىزە ئالدىدىكى بىر تۈپ ئالۇچا دەرىخى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۆيدە ئۈچ ئادەم ــ يېزىلىق ئۇن زاۋۇتىنىڭ باشلىقى يولۋاس، كاسسىرى ھاۋاز ۋە ئالاقىچىسى قوۋان تاز قاتارلىقلار سورۇن تۈزۈشكەندى. دىۋان ئالدىدىكى يۇمىلاق شىرە ئۈستى پىشۇرۇلغان گۆش، قورۇمىلار، ھاراق، پىۋا بوتۇلكىلىرى بىلەن تولۇشتانىدى.

ــ يەنە بىرئاز... كەل ھاۋاز... يەنە بىر رومكا كۆتۈرۈۋەتكىن!

ــ بو... بو... بولدى، يولۋاس، مېنى زو... زو... زورلاۋەرمىگىن! ــ ئادەتتە ھاراق-ناماكا دېگەنلەرگە يېقىن يولمايدىغان ھاۋاز بۈگۈن يولۋاس ۋە قوۋانلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئىككى-ئۈچ رومكا ئىچىۋەتتى.

ــ ئەمىسە مانى ئىچىۋەت! ــ يولۋاس لىققىدە پىۋا قۇيۇلغان ئىستاكاننى ھاۋازغا تەڭلىدى، ــ بۇنى ئىچىۋەتسەڭ ياخشى بولۇپ قالىسەن.

ھاۋاز يولۋاسنىڭ قولىدىن ئىستاكاننى ئېلىپ پىۋىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ھېجىيىپ:

ــ بول... بولدى، ئاغىنىلەر، پىۋا ماڭا... ماڭا قالسۇن، ھاراق... ھاراق سىلەرگە، ــ دېدى.

ھاۋازنىڭ سۆزىدىن ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

يولۋاس ئورنىدىن دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇپ، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ، باغ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇققا بىر پەس قاراپ تۇردى. باغدىن كېلىۋاتقان نەمخۇش ئىللىق ھاۋا ئۇنىڭ ھاراق بىلەن گاراڭلاشقان كاللىسىنى ئاز-تولا سەگىتتى بولغاي، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ دېدى:

ــ سىلەرگە مەسلىھەت، ئاغىنىلەر، ھېچكىمگە تىنمايسىلەر، ھازىر ماڭا ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل كېرەك. ھاۋاز، سەن ماڭا زاۋۇتنىڭ پۇلىدىن ئۆسۈمسىز ئەللىك مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ تۇرالامسەن؟ قەرەلىدە قايتۇرىمەن.

ھاۋاز ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك، قايتۇرۇپ سورىدى:

ــ نېمە دېدىڭ؟

يولۋاس گېپىنى تەكرارلىدى.

ــ شۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نېمە قىلماقچىسەن؟

ــ زاۋۇت قۇرىمەن.

ــ شەخسىيمۇ ياكى...

ــ شەخسىي بولىدۇ-دە، ئەلۋەتتە.

ھاۋاز ئىلگىرى كەنت بوغالتىرى ئىدى. يولۋاس زاۋۇت باشلىقى بولغاندىن

كېيىن ئۇنى بۇ زاۋۇتقا يۆتكىۋالغانىدى. ئۇ، ھېساب-كىتاب ئىشلىرىغا پىششىق، پرىنسىپچان ئادەم بولۇپ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويمايتتى. ئۇ بۈگۈن يولۋاسنىڭ ئۆزىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىدىكى مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە، قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى.

— سېنىڭ ئۆز ئالدىڭغا زاۋۇت قۇرماقچى بولغانلىقىڭغا ھېچكىم قارشى ئەمەس، — دېدى ھاۋاز، — بىراق سەن زاۋۇت باشلىقى بولغان ئىكەنسەن، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئەمەس، زاۋۇتنى ئويلىشىڭ كېرەك. زاۋۇتىمىزدىكى ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ئويلىشىڭ كېرەك. ئۆزۈڭگە مەلۇم، زاۋۇتىمىز قۇرۇلغىلى تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، ئىقتىسادىي ئاساسىي ئاجىز. زاۋۇتنىڭ بار-يوق دەسمايىسىنى ساڭا بېرىۋەتسەم، يېڭى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى نېمىگە ئالىمىز؟ مەن ساڭا ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى بېرەلمەيمەن. لازىم بولسا بانكىدىن ئال، مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ ئوتقا تىقما!

يولۋاس نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قۇۋانغا قارىدى. ھاراقنىڭ كۈچىدىن قۇۋاننىڭ ئاق سېرىق كۈسا يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

يولۋاس دىۋانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— كونىلاردا: «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسا دېڭى چىقماس» دېگەن ماقال بار، مۇبادا، سىلەردەك ئىشەنچلىك، سادىق ئادەملىرىم بولمىغان بولسا، زاۋۇتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك راۋاج تېپىشىدىن ئېغىز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى مۇشۇ قېتىمقى ئىشىمدىمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاجمەن. ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايمەن...

قۇۋان زۇۋانغا كەلدى:

— ھاۋاز، سەن تولا خام تاسىمىلىق قىلما! نېمىدىن قورقىسەن؟ پۇلنى بۇياققا بېرىپ، بانكىدىن قەرز ئالساق بولمامدىمۇ؟ بۇ دېگەن كۆللېكتىپ كارخانا. بۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى زادى قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇنى ھېچكىممۇ ئالدىن پەرەز قىلالمايدۇ.

ھاۋاز ئارسالدى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا جىددىي كۈرەش بولۇۋاتاتتى. قۇۋان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھاۋازغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئەخمەق، سەن بۇرنىڭنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان نېمىكەنسەن، چاڭجاڭ بار يەردە ساڭا جاۋابكارلىق كېلەتتىمۇ؟

— بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ، يەنە بىرەر رومكىدىن كۆتۈرەيلى ئاغىنىلەر! — يولۋاس قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئىككى رومكىنى ھاراققا تولدۇرغاندىن كېيىن، بىرىنى قۇۋانغا سۇندى. ئاندىن ھاۋازغا قاراپ، — رەنجىمەيسەن ھاۋاز، ساڭا قۇيمۇدۇم، — دېدى ۋە قۇۋان بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشتى.

ھاۋاز باياتىن بېرى خۇددى ئاچا يولغا دۇچ كېلىپ قايسى يولغا مېڭىشنى بىلەلمەي قالغان ئادەمدەك، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ ئولتۇراتتى. يولۋاس بىلەن قۇۋاننىڭ رومكا سوقۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇمارى تۇتتىمۇ قانداق، بىردىنلا تېتىكلىشىپ قالدى.

— يولۋاس، ماڭىمۇ قۇي! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— خوشه، ئاغىنىلەر!
— خوشه...

2

«... زاۋۇتىمىز ھازىر ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. زاۋۇتىمىزدا يېتەرلىك دەسمى بولمىغاچقا، يېڭى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالالمىدۇق. مەھسۇلات سۈپىتى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى. زاۋۇتىمىز بانكىغا ئوتتۇز - قىرىق مىڭ يۈەن پۇلغا، دېھقانلارغا ئۇنغا قەرزدار. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى ئەللىك - ئاتمىش يۈەندىن ئاشمايدۇ. تېخى بەزى ئايلاردا ئىش ھەققىمۇ تارقىتالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەر زاۋۇتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. قىسقىسى، زاۋۇتىمىز ھازىر تاقىلىپ قالاي دېدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب: زاۋۇت ھوقۇقىنى يولۋاستەك نەپسانىيەتچى ئادەملەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىدا...»

يېزا باشلىقى سېلىم يېزىلىق ئۇن زاۋۇتىدىكى ئامىدىن كەلگەن يۇقىرىقى ئەرز خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، يولۋاسنىڭ ئۆزى بىلىدىغان ئىلگىرىكى بەزى ئەھۋاللىرىنى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

يولۋاس ئىلگىرى كەنت كاسسىرى بولۇپ، خىيانەتچىلىك تۈپەيلىدىن خىزمەتتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان ئاكىسىنىڭ يۆلىشى بىلەن يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا ئورۇنلاشتۇۋالغان. ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە دېگەندەك، بۇ يەردىمۇ ساختىپەزلىك قىلىپ خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتتىن قوغلانغانىدى. كېيىن...

تاك - تاك - تاك...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى بىلەن سېلىمنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى. ئىشخانىغا كاتىپ كىرىپ كەلدى.

3

يولۋاسنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا بىر ئايچە ۋاقىت كەتتى. ئۇ قەرز ئېلىۋالغان ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل ئۆسۈمى بىلەن تولۇق قايتۇرۇۋېلىنغاندىن سىرت، خىيانەت قىلغان بەش مىڭ يۈەن پۇل ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋالغان زاۋۇت مۈلۈكلىرى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

ئەمدىكى گەپ، تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان زاۋۇتنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش ۋە روناق تاپقۇزۇشتا قالغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، زاۋۇت باشلىقلىقىغا جەڭگىۋارلىق، قابىلىيەتلىك، ئومۇمنىڭ ئىشىغا جان كۆيدۈرىدىغان ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بىر ئادەمنى قويۇش كېرەك ئىدى، كىمنى قويۇش كېرەك؟ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، نامزاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېرىم كۈن تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق يېزىلىق كارخانا باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ئىسمايىل قادىرنى تاللىۋالدى.

ئىسمايىل قادىر ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ، خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. ئىشلارنى بىر

ياقىلىق قىلىشتا ئەزمىلىك قىلىشنى زادى بىلمەيتتى. ئەسلى ئۇ ناھىيىلىك يېزا-بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، بۇندىن يېرىم يىل بۇرۇن مۇشۇ يېزىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنىدى. ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ زاۋۇتنى قانداق قىلغاندا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ ئىسمايىل قادىر زاۋۇت باشلىقلىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زاۋۇتتىكى يولداشلارنى دادىل يېتەكلەپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا بەل باغلىدى.

قىلىدىغان ئىشلار تۈرلۈك-تۈمەن ئىدى. لېكىن ئۇ، قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، دەپ قارار قىلدى ۋە بۇ جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئىلگىرى زاۋۇتتىكى 29 ئادەمدىن 12 نەپىرى خاس ھېساب، ئىسكىلات باشقۇرۇش، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىش، كۆزەتچىلىك ۋە پارچە-پۇرات ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىسمايىل قادىر يۇقىرىقى خادىملاردىن توققۇزىنى قىسقارتىپ سېخلارغا چۈشۈردى. ئىككىنچى قەدەمدە زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن «داش قازان» نى چېقىپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئايدا بىر قېتىم خۇلاسە يىغىنى ئېچىپ، مۇكاپات-جازانى نەقلەشتۈردى. ئۈچىنچى قەدەمدە ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزگەن، قايتا-قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى رويخەتتىن ئۆچۈردى.

ياغ تارتىش سېخىدىكى ياش ئىشچى — يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئايۇپنىڭ ئوغلى ئىش ۋاقتىدا ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىراتتى، ئىشنى ياخشى قىلمايتتى. ئىسمايىل قادىر ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزگىرىش ئىپادىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇنى رويخەتتىن ئۆچۈردى.

— سىزنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىڭىز زاۋۇتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە كارامەت رول ئويناۋاتىدۇ، لېكىن سىز بىر ئىشقا ئانچە دىققەت قىلماپسىز. پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئوغلىنى ئىشتىن بوشاتقىنىڭىز تازا ياخشى بولماپتۇ جۇمۇ...

— ھەي ي! بۇنچىلىك قىلىپ ساڭا نېمە كەپتۇ. بۇ دېگەن كوللېكتىپ كارخانا! كۆڭلى-كۆكسىڭنى كەڭ تۇت. مەنسەپدار بولاي دېسەڭ خەقنىڭ چىشىغا تەگمە!— بەزىلەر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشتى. لېكىن ئىسمايىل قادىر ئۇلارغا:

— ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىشلەپچىقىرىش يۇكسەلمىسە، ئىشچىلارنىڭ مەنپەئىتىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن! ھازىرقى مەنسىپىمدىن ۋاز كەچسەم كەچمەنكى، ھەرگىزمۇ قارارىمنى ئۆزگەرتمەيمەن!— دەپ جاۋاب بەردى.

4

ئىسمايىل قادىر زاۋۇت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولغان بىرنەچچە يېزا-بازار كارخانىلىرىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. زاۋۇتقا قايتقاندىن كېيىن ئۇنى زاۋۇتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تەشۋىق قىلدى. كۆپچىلىكنى ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاپ

بازارغا يۈزلىنىپ، ئوبزورتنى راۋانلاشتۇ-
رۇش چارىسىنى تېپىپ چىقىشقا ئۈندىدى.
شۇنىڭ بىلەن زاۋۇتتا يەنە سوپۇنچىلىق،
شال ئاقلاش، تاختاي تىلىش، سوغۇق
يېمەكلىكلەرنى ياساش ۋە ئائىلىلەرنى
توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق كۆپ خىل
كەسىپلەر يولغا قويۇلدى.

زاۋۇتتا يېقىندىن كەلتۈرۈلگەن 120
ئات كۈچىگە ئىگە بىر دىزگاتېل بولۇپ،
ئۇ ماكدۇرۇلسا نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ توك
مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. بىراق
توك سىمى تارتىلىدىغان ستولبا ئۈچۈن
نۇرغۇن ياغاچ بولمىسا بولمايتتى. بۇ مە-
سىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىسمايىل
قادىر يېزىلىق ئورمان پونكىتىغا باردى.

— بىزدە يۈز كۇبمېتىر ياغاچ تەس-
تىقلىغۇدەك بۇنداق چوڭ ھوقۇق يوق، —
دېدى پونكىت باشلىقى ياغاچ ھەل قى-
لىپ بېرىش ھەققىدىكى دوكلاتنى ئىسما-
يىل قادىرغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، — بۇنى
ئاۋۋال شۆجىنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭ، ئۇ تەس-
تىق سالسۇن. ئاندىن بىز ناھىيىلىك ئور-
مانچىلىق ئىدارىسىگە يوللاپ باقايلى.

— سىلەر قانچىلىك تەستىقلىيالاي-
سىلەر؟

— يۇقىرىسى ئون كۇبمېتىر.

ئىسمايىل قادىر ئورمانچىلىق پون-
كىتىدىن چىقىپ، ئۇدۇل يېزىلىق ھۆكۈ-
مەت ئىشخانىسىغا باردى.

— سېلىم شاڭجاڭ ۋىلايەتلىك پار-
تىيە مەكتىپىگە تۆت ئايلىق ئۆگىنىشكە
كەتكەن، بۇنى ئا شۆجى تەستىقلايدۇ، —
دەپ چۈشەندۈردى يېزا كاتىپى دوكلاتنى
بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى
ئىسمايىل قادىرغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ.

بۇ يەردە تۈزۈم شۇنداق. چوڭ-چوڭ
ئىشلارنى پارتكوم شۇجىسى تەستىقلايدۇ.
ئايۇپ شۇجى ئوغلى ئىشتىن بوشىتىلغان-
دىن كېيىن ئۆزىدىكە غۇم ساقلاپ يۈرگەن-
لىكىنى ئىسمايىل قادىر ئۇنىڭ چىراي
ئىپادىسىدىن خېلى بۇرۇنلا سەزگەن.
شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن ياردەم سو-
راپ بېرىش كېرەكمۇ؟ لېكىن ھازىر
ئىسمايىل قادىرغا ئەڭ مۇھىم بولغىنى،
ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ساقلاش مەس-
لىسى بولماستىن، بەلكى كەڭ ئاممىنىڭ
مەنپەئىتى ئىدى. «سېلىم شاڭجاڭنى كۈتەي-
مۇ-يا!؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ كاتىپ
ئىشخانىسىدىن چىقىۋېتىپ، — ياق، مەيلى
نېمىلا بولسۇن، ئايۇپقا دەپ باقاي. چۈن-
كى بۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم ئەمەس-
تە!»

ئايۇپ ئىشخانىسىدا ئىسمايىل قادىر-
نى يىلمان سۆدەكلا قارشى ئالدى ۋە
ئىسمايىل قادىر سۇنغان دوكلاتقا بىر قۇر
كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— بۇ پىلان ياخشى بوپتۇ، ئەلۋەتتە،
بىزمۇ قوللايمىز. بىراق يېزىمىزنىڭ بۇ
يىللىق ياغاچ كېسىش ۋەزىپىسى ئاللى-
بۇرۇن ئورۇندىلىپ بولغان. بۇ دوكلاتنى
مەن تەستىقلىغان بىلەن ناھىيە تەستىقلى-
مايدۇ، — دېگەن جاۋابنى بەردى.

## 5

پارتكوم شۇجىسى قوللىمىغىنى بىلەن،
ئۇنى قوللىغۇچىلار كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ
توك سىمى تارتىش ئۈچۈن ياغاچ تەلەپ
قىلىپ يازغان دوكلاتى تەستىقلانمىغانلىقى-
دىن خەۋەر تاپقان بىرنەچچە كەنتتىكى

دېھقانلار زاۋۇتقا كېلىپ، كېرەكلىك ياغاچنى ئۆزلىرى چىقىرىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى...

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا زاۋۇت كونا يېڭى بولۇپ ئۈچيۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزىنى تۆلەپ قايتۇردى. ئۈچىنچى يىلىغا بارغاندا زاۋۇتنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 540 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 300 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 200 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى. ئىسمايىل قادىرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە زاۋۇتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى گېزىتلەردە تونۇشتۇرۇلدى. ئىسمايىل قادىر ئىلغار كارخانىچىلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئالدىنقى يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان يېزا-بازار كارخانىلىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇردى. چەتياقىغا جايلاشقان باغئاۋات يېزىسىدىكى بۇ كارخانىنىڭ شۆھرىتى ئاشقانسېرى، بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىدىغانلار، ئۆگىنىدىغانلار كۆپەيدى. ئۇلار قايىل بولۇشۇپ: «بۇ كارخانا مۇكەممەل باشقۇرۇلغان، بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئىشەنچلىك كارخانا ئىكەن»، «بۇ يەردە ئىش ئۆزگىچە ئىكەن» دېيىشتى. شۇنداق، ئىسمايىل قادىر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان ھالدا ئەتىنى كۈتۈۋالماقتا.

مەسئۇل مۇھەررىر: سارەم ئىبراھىم

توختى داۋۇت

# شۇم چوكان

(ھېكايە)

ئابدۇللا مىس - مىس ياسىن تولكە بىلەن بىللە يۇرتىدىن چىقىپ كېتىپ، پويىز ئىستانسىسىدىن ئىش تېپىپ ئىشلىدى. ئۇلار يۈك چۈشۈرۈش، يۈك بېسىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلدى. ئابدۇللا ئۆزىنىڭ لەقىمىگە يارىشا مىسلىداپ ئىشلىگەچكە ياسىنغا قارىغاندا پۇلنى ئاز تاپتى. ئۇ ياسىنغا ئوخشاش يالغان كۈلۈپ، خەقنىڭ دوپپىسىغا چىگدە سالالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ يانچۇقىمۇ تومپىيىشقا باشلىدى.

قۇربان ھېيت يېقىنلاشقاندا ئۇلار يېزىغا قايتىپ، قۇربان ھېيتنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خۇشال ئۆتكۈزۈپ، يەنە كېلىپ ئىشلىمەكچى بولدى. ئابدۇللا مىس - مىس ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئايالى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئايالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇنىڭ ئايالى بەكمۇ جۇدەپ كەتكەن، بىر زامانلاردىكى توقاچتەك مەڭزى ئەمدىلىكتە سامانىدەك سارغىيىپ كەتكە-

نىدى. ئۇ ئايالنى چوڭ دوختۇرخانىلارغا
ئاپىرىپ كۆرسەتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى
راك بولۇپ چىقتى. ئۇ ئايالنى ساقىيىپ
قالار دېگەن ئۈمىدتە ئۈچ ئاي داۋالاتقان
بولسىمۇ، لېكىن شىپا تاپماي دوختۇرخا-
نىدىلا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئابدۇللا ئايالىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ،
نەزىر ـ چىراغلىرىنى بېرىپ بولغاندىن
كېيىن تېخىمۇ مىس ـ مىس بولۇپ كەتتى.
ئۇ ئىككى قويىنى ئوتلاقـقا قويۇۋېتىپ،
جىممىدىلا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى.
بەزىدە ئايالىنىڭ تۇپراق بېشىدا يۈكۈنۈپ
ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ
دۇئا قىلاتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان
ئويلاپ ئاخىرى قىشنى يېزىدا ئۆتكۈز-
مەكچى، ئەتىياز كەلگەندە ياسىن تۈلكە
بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىش تېپىپ ئىشلى-
مەكچى بولدى.

قىش چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇر-
غان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزىدىكى مەمەت
قاسساپ ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ كىردى.

ــ ئابدۇللا، جان بار يەردە قازا
بار، ئۆزۈڭنى مۇنچىۋالا تاشلىۋەتمە.
بېشىڭنى ئوڭلىۋال، ئوبدان لايىقمۇ
بار، ــ دېدى ئۇ.

ــ مۇشۇنداقلام ئۆتۈپ كېتەيمىكىن
دەيمەن، ــ ئابدۇللا شۇنداق دېگىنى بىلەن
قاسساپنىڭ پىكرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدى.

ئاپرېل ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى
مەمەت قاسساپ ئابدۇللانى باشلاپ، تۆت
كوچا دوقمۇشىدىكى ئاۋات ئاشخانىغا كې-
رىپ كەلدى. ئاشخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى.
ئۇلار بۇلۇڭدىكى بوش بىر ئۈستەلگە كې-
لىپ ئولتۇرۇۋىدى، «بۇ مېھمانلارغا چاي
قويۇڭلار» دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئابدۇللا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى،
بىر ئايال كۈلۈمسىرەپ، ئۆزى تەرەپكە
كېلىۋېتىپتۇ. بۇ ئوتتۇز ياشلار ئۆپچۆرى-
سىدىكى قىزىل يۈزلۈك، قاڭشارلىق، بەلەك-
تەك ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى ساغرىسىدا
يەلپۈنۈپ تۇرغان چوكان ئىدى.

ــ تىنىچ تۇردىلامۇ مەمىتكا، ــ چوكان
مەمەت قاسساپتىن ئەھۋال سوراپ بولغان-
كېيىن، ئابدۇللاغا بۇرۇلۇپ، ــ ياخشىمۇ
سىز، ــ دېدى ـ دە، شەلپەردەك قىزىرىپ كەت-
تى. ئابدۇللامۇ مىدىرلاپ قويدى.

ئۇلار بىر تەخسىدىن لەڭمەن يەپ،
بىر پىيالىدىن قاراچاي ئىچىشتى. مەمەت
قاسساپ يانچۇقىغا قول ئۇزارتىۋىدى،
ئابدۇللا ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلىغان پۇل-
نىڭ ئارىسىدىن ئون يۈەننى سۇغۇرۇپ
ئالدى ـ دە:

ــ پۇلىڭىزنى ئېلىڭ، ــ دەپ بايىقى
چوكانغا پۇلنى پۇلاڭلاتتى.

ــ كەچۈرۈڭ، بۈگۈن سىلەردىن پۇل
ئالمايمەن.

ــ بۇنداق قىلساق توغرا بولماس،
سىڭلىم، بۇ كىشىنىڭ پۇلىنى ئالمىسىڭىز
مېنىڭكىنى ئېلىڭ، ــ مەمەت قاسساپ بەش
يۈەننى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ ئورنىدىن
تۇردى. ئابدۇللا قولىدىكى پۇلنى پۇرلەش-
تۈرۈپ يانچۇقىغا سالغاچ چوكانغا قارى-
ۋىدى، ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ
قالدى. چوكان چوغدەك قىزىرىپ كەتتى.

ــ ئۇكام ئابدۇللا، بۇ چوكان قان-
داقراقكەن؟

ــ يامان ئەمەس، ئىشقىلىپ بولىدى-
غاندەك تۇرىدۇ...

ــ يامان ئەمەس، دېيىشلا كۇپايە
قىلمايدۇ، ئوبدانىراق ئويلان.

ئابدۇللا ھوۋۇلداپ تۇرغان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى سۇپىغا تاشلىدى. ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. كۆز ئالدىدىن ھېلىقى چوكان زادىلا كەتمەيتتى...

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياسىن تۈلكە ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى.

— ئۆيۈڭدىن چىقمايدىغان بولۇپ كەتتىڭغۇ سەن مىس-مىس، يېتىپ يېسىمۇ توگىمەيدىغان دۇنيا تاپتىڭمۇ-يا، ئېھتىمال تۇنسا چوكاننىڭ پۇلىنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقان ئوخشايسەن.

— تۇنسا دېگىنىڭ كىم، مەن ئۇنى تونۇمايمەن.

— لەگمەننى يېيىشنى بىلىسەنۇ، ئۆزىنى تونۇمامسەن؟

ئۇنىڭ ئىسمى تۇنسا ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدى ئابدۇللا.

— لەگمەن يېسەم ئۆز پۇلۇمغا يېدىم. بۇنىڭغا سېنىڭ نېمىڭ كېتىپ كەتتىمۇ؟

— سەن نېمە بولدۇڭ ھوي مىس-مىس، مەمەت قاسساپ ئۇ پاسكىنىنى ساڭا خېلى ئۇبدان ماختاپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟

— تېمىسقىلاپ يۈرۈپ ھەممە ئىشنى بىلىۋاپسەن-دە. مەن شۇ پاسكىنىنى ئالاي دەيمەن قانداق؟

— ھەي مىس-مىس، سەن ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلەمسەن؟ ئۇ دېگەن ماشىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگەن ھاشىم ئوماقنىڭ قىزى ئالغان ئايالى، كېيىن ئۇ شوھرەت ھاراقكەشكە تەگدى. شوھرەتنى ھاراقكەشلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمدى سەنمۇ ئاشۇ شوم خوتۇنغا يەم بولاي دەمسەن نېمە؟

— نىيىتىمدىن يانمايمەن. ئاللا تائالا پېشانەمگە شۇنداق پۈتكەن بولسا، نېمە ئىلاجىم.

— يارەببىم، ساڭا شۇنچە نەسىھەت قىلسام ئاڭلىمىدىڭ-دە! — ياسىن تۈلكە شۇنداق دېگىنىچە غوتۇلداپ چىقىپ كەتتى.

مەن راستىنلا بۇ شوم چوكانغا يەم بولۇپ كېتەمدىم قانداق؟... ئابدۇللا مىس-مىس تولا خىيال سۈرۈپ بىرنەچچە كېچىنى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ئابدۇللا مىس-مىس ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ دوست-يارەنلىرىنىڭ ھەممىسى بىسوراقلا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىۋېرەتتى. توۋا، بۇ كىمكىنە؟ ئابدۇللا چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئىشىكنى ئاچتى. تۇنسا ئىشىك تۈۋىدە كولۇمسىرەپ تۇراتتى. ئابدۇللا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن «ئۆيگە كىرىڭ» دېدى.

تۇنسا بۈگۈن ئالاھىدە ياسانغانىدى. ئۇ ئاق گىرىپ كۆڭلەك، ئارا پاشنىلىق بەتىنكە، كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان پوپايكا كىيگەنىدى، بوينىدىكى مارجانلىرى يالت-يۇلت قىلىپ چاقناپ تۇراتتى. چاچلىرىنىڭ ئالدى تەرىپى ئازراق بۇدۇر قىلىنغان بولۇپ، ئىككى ئۆرۈم چېچى ساغرىسىدا ئويناپ تۇراتتى. يۈزلىرىگىمۇ سۇسراق گىرىم قىلىنغانىدى.

ئابدۇللا ئۆزىنىڭ قاسماق بېسىپ كەتكەن يوتقان-كۆرپىسىگە قاراپ قىزىرىپ كەتتى.

— سىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، سىزگە ئازراق ياردەم قىلاي دەپ كىر-

دىم، ــ تۇنسا كىچىككىنە سومكىسىدىن ئۈچ بولاق پۇلنى ئېلىپ، ئابدۇللانىڭ ئالدىغا قويدى، ــ بۇ پۇلغا قوي ئېلىپ بورداقچىلىق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ خىراجىتىنى چىقىرىپ قالىدۇ. قېنى، ئىشلىتىپ كۆرۈڭ. ئەگەر بۇ پۇل ئازلىق قىلسا مېنى ئىزدەرسىز.

ــ بۇ... بۇ توغرا بولماسمىكىن.

ــ توغرا بولمايدىغان نېمىسى بار؟

ــ كىشىنىڭ پۇلىنى، بولۇپمۇ سىزدەك بىر ئاجىزنىڭ پۇلىنى قانداق ئىشلەتكۈلۈك؟

ــ مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم. شۇڭا سىزگە ياردەم قىلغۇم كەلدى. ناۋادا سىرتقا چىقىپ ئىش تاپالىسىڭىزغۇ ياخشى، ئىش تاپالماي قايتىپ كەلسىڭىز بىرمۇنچە پۇلغا زىيان. بۇ پۇلنى خاتىرجەم ھالدا ئىشلىتىۋېرىڭ. سىزنىڭمۇ باشقىلارنى دورىيالىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. پۇل تېپىپ بېيىغاندا قايتۇرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

تۇنسا مېڭىشقا تەمشەلدى.

ــ توختاپ تۇرۇڭ، بىز... بىز يەنە ئۇبدانراق مەسلىھەتلەشسەك. مەن سىز بىلەن... توي قىلايمىكىن دەپ ئويلىغان، بۇ پىكرىمگە قوشۇلارسىزمۇ؟

تۇنسا ئورنىدا شىپپىدە توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

ــ مەن سىزگە باشقىچە ئويلاپ قالماڭ دېگەنىمۇ! ــ دېدى ئۇ ئابدۇللاغا تىك قاراپ تۇرۇپ، ــ مەن يامان ئاتلىق بولۇپ قالدىم، بەلكىم سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، مېنىڭ شۇم چوكان، دېگەن نامىم بار. سىز بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ.

ــ مەن ئۇنداق گەپلەردىن قورقمايمەن، ماقۇل دەڭ، بىز توي قىلايلى، ــ دېدى ئابدۇللا تىرىنقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ.

تۇنسانىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى. ئۇ ئابدۇللاغا قارىغىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بېشىنى كەسكەن ھالدا چايقاپ قويۇپ تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇللا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابدۇجاپپار ھامىدىن

# ئالما چېچىكى

(نەسىر)

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن باغقا كىرىپ، رەڭگا رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى تاماشا قىلىشقا باشلىدىم. بۇ گۈللەر چاقىرغان دىلىمدا زوق، ھاياجان پەيدا قىلىپ، ئالەمچە خۇشاللىق بەخش ئەتتى. مەن پۈتكۈل تەبىئەتكە گۈزەللىك ئاتا قىلىپ، تۇزدەك ياساندۇرغان پەسىللەر ئەركىسى باھارغا كۆڭلۈمدە ئاپىرىن ئېيتتىم. بىر چاغدا قاياقلاردىندۇ ئېيتىلىۋاتقان بىر ناخشا قۇلىقىمغا كىردى.

ئالما گۈلى گۈل ئەمەس
ئېچىلىپ تۇرغان بىلەن،
...

بېغىمىزدا بىرنەچچە تۈپ ئالما دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ چېچەكلىرىمۇ ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. مەن چېچەكلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. سەزگۈلىرىم سېزىشتە، تىنىقىم پۇراشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. ئەجەبا، مۇشۇنداق چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرغان بىر گۈلنى نېمە ئۈچۈن گۈللەر قاتارىدىن چىقىرىۋېتىدۇ؟ مەن باشقا گۈللەرگە قارىدىم. ئۇلار خۇددى ئۆزىدىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك، دۇنيادا ئۆزلىرىنى بىر دەپ ساناۋاتقاندەك مەغرۇر، ئالما چېچىكى بولسا ئابىيامقى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىلغان ھاقارەتلىك سۆزدىن خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. مەن چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولدۇم.

شۇنداق، ھەر قېتىم باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلغاندا ئالما چېچەكلىرىمۇ ئېچىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمىدۇ. بىراق ئالما چېچىكىنىڭ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا، ئۇ گۈزەللىكتىن شادلانغان كۆڭۈللەرنى داغدا قويۇپ، تېزلا توزۇپ كېتىدۇ. لېكىن باھار ئۆتۈپ كۈز كەلگەندە، ئۇنىڭ جەننەت مېۋىلىرى بىلەن رەڭ تاللىشىپ پىشقان شېرىن مېۋىلىرى كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. ھەممە كىشى ئۇنى ماختاشقا كىرىشىدۇ. ئەدىبلەر گۈزەل قىزلارنىڭ مەڭزىنى قىزىرىپ پىشقان ئالمىغا ئوخشىتىدۇ.

ناخشىچى، ئەمدى ئالما چېچىكىنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەنسىز. زامانىمىزدا خۇددى ئالما چېچىكىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئانچە نەزەرى چۈشمەيدىغان، لېكىن بارلىقىنى ۋەتەن، ئەلگە تۆھپە قىلىۋاتقان كىشىلەر بار. ئۇلار ھەقىقەتەن ئالما چېچىكىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا مەن ئالما چېچىكىنى ياخشى كۆرىمەن، ئالما چېچىكى خىسلىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئاشۇ كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئەزىز نىياز

# تامچە

(نەسىر)

مەن تۇرۇبا جۈمىكىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ تامچىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. سۈپ-سۈزۈك سۇ تامچىسى بىرخىل رىتىمدا تامچىلايتتى.

خىيالىمغا بىردىنلا كونىلارنىڭ «تامار - تامار كۆل بولار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى

يەتتى. راست، ھەيۋەتلىك ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ئەنە شۇنداق تامچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئېخ تامچە، سېنىڭ ھەربىر تامچىلىشىڭدىن ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى چۈشىنىۋاتىمەن. ئىنسانلارنىڭ بىلىمىمۇ سۇنىڭ بىر تامچە-بىر تامچىدىن توپلىنىپ كۆل بولغىنىغا ئوخشاش ئاز-ئازدىن كۆپىيىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىنى زىل-زىلىگە سالغان چوڭ-چوڭ ئىشلارمۇ كىچىك ئىشلاردىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئېخ، تامچە! مەن ساڭا چەكسىز ھۆرمەتتە قاراۋاتىمەن، سەن غايە يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشىڭنى سىمۋوللىسەن، ئۆزۈڭ كىچىك بولساڭمۇ قۇدرەتلىك دېڭىزلارنى ھاسىل قىلالايسەن. سېنىڭ ھېكمىتىڭ مېنىڭ بىلىم ئېلىشىم ئۈچۈن ئۈرنەك. مەنمۇ ئۆگىنىشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ، مول بىلىم توپلاپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بىر تامچە بولۇشنى خالايمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر روزى مەھەممەت جۇمە

ئايگۈل ھەسەن

# كەتتىڭ بەلكى ئېزىتقۇ كەينىدىن...

1

ئىزتىراپتا يىغلار تاتلىق ئۈمىدلەر،
كۆڭۈل ئىچرە چايقىلىدۇ ھەسرەتلەر.
يۈرىكىمگە تېگىپ كەتتى ئاھ، بىر تاش،
قېنى ماڭا سىرداش بولغان ھەمدەردلەر؟

قايسى زامان ئۇچراپ قالدىم مەن ساڭا؟
نە سەۋەبتىن چېتىلدىكىن رىشتىمىز؟
قايسى تەقدىر ئاتا قىلدى كۈلپەتنى؟
نېچۈن ياندى يۈرەكتىكى ئىشقىمىز؟

2

ئۇچراشقاندا ئوت ياناتتى كۆزۈڭدىن،
بۈگۈن ھالا كۆرۈنمەيدۇ ئۇچقۇنمۇ.
سەۋەب نېمە، قاچۇرىسەن ئۆزۈڭنى،
پاك مۇھەببەت ياكى ساڭا يوچۇنمۇ؟
سوغ نىگاھىڭ قويىدى مېنى تەشۋىشتە،
دىلنىگارىڭ سېنى يار دەپ بىلسۇنمۇ؟

3

كېچىلەردە گۈركىرەيدۇ شۇم بوران،
يۈرىكىمنى تەشۋىشلەردە ئىرغىتىپ.
نەگە كەتتىڭ ساداقەتسىز ئەي ئىنسان،
كەتكەن قۇشتەك كۆكتە قانات سىرغىتىپ.
كەتتىڭ بەلكىم، ئېزىتقۇلار كەينىدىن،
مېنى بۇندا ئازاب ئىچرە يىغلىتىپ.

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

# شۇنداق ئىكەن ھايات — كەچمىشلەر

## سۆيگۈ بار ...

يىراق - يىراقلاردىن كېلەر بىر ناخشا،
چېكىپ قىزچاقنىڭ دېرىزىسىنى.
يىراق ئەيىبلەر قىزىنى — ئانا،
چۈشەنمەي قەلبىنىڭ نازۇك ھېسسىنى.

چۈشەنمەي قەلبىنىڭ نازۇك ھېسسىنى،
ھەر كەچتە ئەيىبلەش بىلەنلا ھەلەك.
يىراق قىز ئىنتىزار ئاشۇ ناخشىغا،
ئەيىبلەش - توسۇشتىن پەرۋايـى پەلەك.

ئەيىبلەش - توسۇشتىن پەرۋايـى پەلەك،
قىز كۈتەر ناخشىنى ۋە ناخشىچىنى.
نە ئامال، ئىختىيار قىلسا ياش يـۈرەك،
كۆي بىلەن باشلانغان ئايدىڭ كېچىنى.

قىز دەردلىك كۈندۈزدىن بىزار ھەر كۈنى،
كۈتىدۇ ناخشىلىق ئايدىڭ كېچىنى.
قىزچاقنى سېھىرلەر ناخشىچى ئۈنـى،
يىراق، بىلمەس ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىنى.

ئۇ تېخى تەشۋىشتە، يەتكەنمىدۇ دەپ،
كۆيلىرىم جانانىنىڭ قۇلاقلىرىغا.
قىز تىلەر ناخشىنىڭ تىنماسلىقـىنى،
سىغماستىن كۆز يېشى چاناقلىرىغا...

سۆيگۈ بار — سۆيگۈدە مەۋجۇت بۇ ئالەم،
«كۈتۈش» ھەم «تەشۋىش» ھەم «ئەيىبلەش»
تە ھەم.
شۇلارنى كۆزەتكەن شائىرمۇ ئادەم،
سۆيگۈ بار — شۇلارنى تەرىپلەشتە ھەم...

## زارلىما يۈرىكىم ...

زارلىما يۈرىكىم، زارلىما ھەرگىز،
بۇ تىنچ قەلبىمگە سېلىپ تەشۋىشلەر.
سېنى بۇ دەدلەرگە قويمىدۇققۇ بىز،
ھايات شۇ، ئاشۇنداق بولار كەچمىشلەر.

زارلىما يۈرىكىم، زارلىما ھەرگىز،
يىراقتىن شۇ گۈلنى تاللىغان ئۆزۈڭ.
تالاي گۈل ئالدىڭدا تۇرسا جىلمىيىپ،
بىز ئەمەس، ئۇلارنى شاللىغان ئۆزۈڭ.

زارلىما شۇ سەۋەب — زارلىما ھەرگىز،
ئۆتكۈنچى دەردلەر بۇ، كېتىدۇ ئۆتۈپ.
سۆيگۈدە سىناق كۆپ، پۈكمىسەكلا تىز،
شۇ ۋىسال بىزنىمۇ ئالدۇ كۈتۈپ.

## كۆزۈم كۈلەر، يۈرىكىمدە ياش

مەن بەختىمنى تىلەپ سېنىڭدىن،
كۈتكەن ئىدىم خېلىدىن بېرى.
نېمىشقىكىن؟ قاچتىڭ مېنىڭدىن،
مەن سېنى دەپ تەلمۈرگەنسېرى.

«بەخت» تۇرماق، قىلمىدىڭ ماڭا،
بىرەر ئىللىق تەبەسسۇم سوۋغا.
شۇ ۋەجىدىن كۆڭۈل خانەمدە،
تەشنا ھېسلار كۆتۈردى غەۋغا.

تەشنا ھېسلار غەۋغالىرىدىن،
تەشنا دىلىم تاپار يېڭى دەرد.
يات كۆڭۈللەر ئىغۋالىرىدىن،
دۇگىلىنمەن - چېكىمەن ھەسرەت...

دەردلىرىمگە ياپتىم يوپۇقلار،
يىگىتلىكىم ئەيلىدى بەرداش.
كۆلمىسۇنچۇن ھالىمغا ياتلار،
كۆزۈم كۈلەر، يۈرىكىمدە ياش.

مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)

## قارا نىيەت

قوغلاپ كېلەر مەپىنى مەپە،
تۈپتۈز يولدا تۈپتۈز سەپ تارتىپ.
ئۇزاپ كېتەر يۈك باسقان مەپە،
مەنزىل تامان توزۇپ ئۇلۇغ سەپ.

ئالدىنقىسى يۈككە لىق تولغان،
كەيىندىكى خام خىيال ئارتىپ.
ئۇزاپ كېتەر يۈك باسقان مەپە،
مەنزىلىدىن نېسىۋە كۆزلەپ.

قوغلاپ كېلەر مەپىنى مەپە،
چاق ئېتىلسا يۈك مېنىڭكى دەپ.
قۇرۇق مەپە يەنە شۇ ئويدا،
كېلەر پەقەت ئارزۇ-ئارمان يەپ.

مەخمۇت مۇھەممەت

## ئۆزۈك دەريا، مەن بېلىق

ئويلاپ سېنى تۈن بويى جېنىم،
كۆزۈم ياشلىق، ئۇيقۇدىن يىراق.
كۈندۈزلىرى بىرگە بولساقمۇ،
ئېيتالمايمەن سۆزۈمنى بىراق.
ئۇلغايغانچە، دىلىمدا سۆيگۈك،
كۆبلىتلەردىم بارىدۇ ئارتىپ.
ئەپسۇس، سېنى تاپالماي كۈيلەر
ئۈستىلىمگە كېلىدۇ قايتىپ.

قەلىمىمگە كۆچەيمەن دائىم
ساڭا ئاتاپ مىسرالار تۈزۈپ.
مۇھەببىتىڭ ئوكيانلىرىدىن
مەن يۈرىمەن ئۈنچىلەر سۈزۈپ.
تومەن مىسرا كۆتۈردى ئىسيان،
سەبرى قاچام توشتى لىپمۇ لىق.
بىراق، ئۆزۈك غەممىز بىر دەريا،
مەن قىرغاقتا نىمجان بىر بېلىق.

ئابلىز قۇربان

## دوستۇمغا

كۆڭۈلنى بەرمىگەن دوستۇم، ۋاپاسى يوق قەلەمقاشقا،
ئەگەردە كۆنمىسەڭ سۆزگە، چىقار قىلمىشلىرىڭ باشقا.

ئەمەستۇركى بۇ دۇنيادا مۇھەببەتنىڭ يولى تۈپتۈز،
مېڭىشتا قىلمىساڭ دىققەت، تېگەر جەزمەن پۇتۇڭ تاشقا.

قىلىپ پەرداز، ئېتىپ قاشنى، دېسە «سۆيدۇم» ئېرىپ كەتمە،
كى ئالدانساڭ، بولۇپ سەرسان، تولار ئىككى كۆزۈڭ ياشقا.

بىلىپ قويكى ئەمەس ئاددىي، گۈزەللەر سىرىنى بىلمەك،
بىخۇد بولساڭ يېشەلمەيسەن، قونار شۇندا قىراۋ چاچقا.

تۈرەلدىڭمۇ بۇ ئالەمگە، ياشا ھوشيار، ئەقىل بىرلە،
چېچەنلىك ھەم بىخۇدلۇقنىڭ ئەمەلدە مەنىسى باشقا.

ھەسەنجان ئۆمەر

## شۇ تۈزلۈكنى بىلىمەن ئەلا

دوستۇم ماڭا قىلىپ نەسىھەت،
دېدىڭ: تۈزەت ساددا - تۈزلۈكنى.
ئانچە - مۇنچە ئۆگەنگەن نەيرەڭ،
تاشلاپ ئەمدى ئوچۇق سۆزلۈكنى.

رەنجىمىگەن دوستۇم مېنىڭدىن،
شۇ تۈزلۈكنى بىلىمەن ئەلا.
بارنى دەيمەن، قىلمايمەن ھىيلە،
شۇندا تاپار ھاياتىم مەنا.

ئارزۇگۈل ھۇسەن

## ئاھ قىسمەت، شۇنداقمۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت

ئەينەككە قارايتتىم كۈندە نەچچە رەت،
سەتلىكتىن ئاغرىنىپ كۆڭلۈم پۇچۇلۇپ.
تۈنجى رەت سۆيگەندە ابۇسمگە يات لەۋ،
تىترەپ جان، كۆزلىرىم ياندى ئوت بولۇپ.
ئاھ قىسمەت شۇنداقمۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت؟

قەسەملەر ئىچىشىپ ئايرىلماس بولۇپ،
ئۆتتى گۈل چاغلىرىم، بەختىيا ياير اپ.
سۆزلىسە ئۇ ۋاپا بابلىرىدىن دەرس،
مەن نادان بىخەۋەر، قىيغىتىپ ئويناپ.
ئاھ قىسمەت، شۇنداقمۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت؟

ئايرىلىش دەقىقە مەن ئۈچۈن ئازاب،
ئورناشقان قەلبىمگە ئۇنىڭ سىيماسى.
رەت قىلغان ئىدۇققۇ نەسىھەتلەرنى،
ساختا رىيائىلىق دوستلار قىياسى.
ئاھ قىسمەت، شۇنداقمۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت؟

كەتتى ئۇ باشقا بىر نازىنىن بىلەن،
ئەقىدەم-قەلبىمنى توپىغا تاشلاپ.
رازىدىم بىر ئۆمۈر كۆلدۈرۈپ ئۇنى،
دەرد تارتىپ ياشاشقا كۆزۈمنى ياشلاپ.
ئاھ قىسمەت، شۇنداقمۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت؟

**ئابدۇخالىق ئابدۇباقى**

## كىتاب

يېنىمدا بولمساڭ تېتىماس غىزا،
ھەتتاكى چۈشۈمدە يۈرمەسمەن خۇشال.
ياشلىقىم مەناسى مۇجەسسەم سەندە،
سېنىڭسىز كۆڭلۈم مېغىزسىز شاكال.

قۇياشسەن، ياراتتىڭ مېنى ئاي قىلىپ،
خىزىرسەن، دۇئايىڭ قىلدى بايلاردىن.

بىر قىزغىن مۇھەببەت ئاقىدۇ ساڭا،
ئاققاندەك شوخ سۇلار كەڭرى سايلاردىن.

چۆل كېزەر غېرىبمەن ئىشقىڭدا سەنەم،
ۋىسالىڭ، دەردلىرىڭ مېنىڭ خۇمارىم.
تاللاشقا دۇچ كەلسەم ئالسۇن ھەممىنى،
ئادەملىكىم بىلەن سەن قال نىگارىم.

**ياراتجان ھەبىبۇل**

## بۇمۇ گۇناھمۇ؟

سۆزلىشىپ تۇرغاندا ساۋاقداش بىلەن،
كەيپىقالدىڭ چىرايىڭ ئۆزگەردى شۇئان.
ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قالدىم مەن،
خۇش چىراي ئاچمىدىڭ شۇ كۈندىن بۇيان.

ھەيرانمەن شۇ ئىشمۇ بولسا گەر گۇناھ،
قانداقمۇ ياشايدۇ دۇنيادا ئىنسان.
تۇرمۇشقا ئۇبدانراق سېلىپ نەزەرنى،
كۆندەشلىك ئىللەتنى تاشلىغىن جانان.

**ھاتەمجان سايىم**

## ئىككى شېئىر

### ئاچچىق خاتىمە

ئىككى يىل مۇقەددەم مۇشۇنداق بىر كەچ،
ئالدىمدا تىنىمسىز تۆككەن ئىدىڭ ياش.

سورىسام سەۋەبىنى (بىلەلمەستىن ھېچ)
شۇ ھامان ئىشقىڭنى قىلغانىدىڭ پاش.

تىترىگەچ ۋۇجۇدۇم قىلغان سۆزۈڭدىن،
قەلبىمنى ئايىماي قويغان تۇتقۇزۇپ.
دېگەندىك، ياشلارنى سۇرتۇپ، كۆزۈڭدىن،
«ئاھ، جېنىم! سەن مېنى ئالدىڭ قۇتقۇزۇپ.»

تالاي كەچ بۇ جايدا ئۇچراشتۇق يەنە،
(ھەر قېتىم كۆكسۇمگە قويغانىدىڭ باش.)
ئاھ بۈگۈن چېھرىڭدە باشقىچە مەنا،
تۇرۇپسەن ياش تۆكۈپ، چىشلىگەندەك تاش.

بىلمەن سۆكۈتتە تۆككەن ياشلىرىڭ،
سۆيگۈگە تىلەيدۇ مەندىن خاتىمە.
مىڭ ئەپسۇس،
كۆكسۇمگە يايغان چاچلىرىڭ—
كىملەرنىڭ بويىنىنى باغلار، پاتىمە؟!

قىلمىغىن چاقچاق...

ئاھ ئەمدى سەن ماڭا قىلمىغىن چاقچاق،
«سۆيگۈ» مىز شۇ باغقا كەتسۇن چېچىلىپ.
سەن بىلەن سەيلىگە بارمايمەن، ياق - ياق،
ۋەدىلەر شاخلارغا قالسۇن ئېسىلىپ.

ئاھ ئەمدى سەن ماڭا قىلمىغىن چاقچاق،
سۆيۈشۈڭ شامالغا بوپقالسۇن ئۇدۇم.
جۇپ لەۋلەر جۇپلەشمەس ھەرگىزمۇ ئۇنداق،
ئۇ ئاخشام مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلار چوقۇم.

ئاھ ئەمدى سەن ماڭا قىلمىغىن چاقچاق،
كۈلكەڭمۇ بۇلاققا بوپكەتسۇن ئەسىر.
نالەڭدىن شالدىرلاپ قويمايدۇ شىۋاق،
سۆزلىرىڭ «يالغان» غا تىكىلگەچ قەسىر.

ئاھ، ئەمدى سەن ماڭا قىلمىغىن چاقچاق،
ئۇ ئاخشام، ئۇ كەچمىش كىلمەيدۇ ئەبەد.
كەينىڭدىن ئەگىشىپ بولمايمەن ئەخمەق،
قەبرىگە كۆمۈلەر ساختا مۇھەببەت.

غېنى كېرىم

## بەر جاۋاب

ئۇچراشتۇق تۇنجى رەت، بىر قىيا باقتىڭ،
پارلىدى چېھرىڭدە كۈلكە ئەختىرى.
يۈرىكىم سىمابتەك ئېرىدى شۇ تاپ،
جىسمىمنى قورشىدى سۆيگۈ لەشكىرى.

نىگاھىڭ كۆڭلۈمنى سەرسانە قىلدى،
خىيالىڭ يادىمدىن چىقمايدۇ زىنھار.
مۇڭ بىلەن قارايمەن يىراقتىن ساڭا،
ئاجىزمەن ئىشقىمنى قىلىشقا ئىزھار.

كۆڭلىرىم ئۆتمەكتە ئىنتىزارلىقتا،
بىلمەيمەن مېھرىڭدە نە قىلارىمنى.
بەر جاۋاب سەن ماڭا، ئەي گۈزەل قىزچاق،
بەر ياكى ئىشقىڭنى، يا ئارامىمنى...

ئەكبەر ئابدۇكېرىم

## تاغ يولى

ئاق ئېقىندەك ياتار سوزۇلۇپ،
زەپ ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ يولى.
كۆكتە تۇمان، چوققىدا قار - مۇز،
گىگانت تاشلىق ئۇڭى ھەم سولى.

پەستە تۇرۇپ قارىساڭ ئاڭا،
مىڭمىش بەكمۇ تۇيۇلار ئاسان.
سەل ئۆرلىسەڭ ئىگىزگە قاراپ،
تەسلىكىنى بىلىسەن شۇئان.

شۇڭلاشقىمۇ تاغنىڭ يولىنى،
هايات يولى دەيدۇ ئادەملەر.
مۇشۇ يولدىن چىقار چوققىغا،
ئىرادىلىك، جەسۇر، بەردەملەر...

رەيھانگۈل نىزام

## سېنىڭ نامىڭ

سېنىڭ نامىڭ يادلىنار دىلدا،
ئەڭ مۇقەددەس سۆزدۇر ئۇ تىلدا.
ئۇ دادامنىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس،
ئانام ماڭا قويمىغان ھەتتا—
ئاكا، ئىنى، سىڭىللىرىمىمۇ
ئاتالمايدۇ شۇ سۆزدە ئەسلا.
ئۇ سۆيۈملۈك جانانىمۇ ئەمەس،
ۋۇجۇدۇمنى نازۇك تىترەتكەن،
ئۇ نۇرانە قۇياشمۇ ئەمەس،
ئانا يەرنى قۇچاقلاپ ئۆتكەن.

خۇش ئاۋازلىق سازەندە قۇشمۇ،
ساھىل سۆيگەن زۇمرەت ئېقىن سۇ
ئاتالمايدۇ شۇ سۆزدە پەقەت.
بۇ دۇنيادا يوق ئۇ، يېتىممەن،
دېيەلمەيمەن شۇ سۆزنى ئەبەد.
ئاتالمايدۇ ھېچ نەرسە شۇنداق،
بولالمايدۇ ھېچ نەرسە ھەم تەڭ.
شۇ تەۋەرۈك سۆزدۇر: ئانىجان!
ئۇ مۇقەددەس سۆزدۇر ماڭا ئەڭ...

تۇرغۇن پەيزۇللا

## سۈزۈلسۇن چېھرىڭدىن ھەسرەتلىك تۇمان

سۈزۈلسۇن چېھرىڭدىن ھەسرەتلىك تۇمان،
باھارنىڭ نۇرىنى كۆرەي مەن ئۇندىن.
سۆزۈمدىن بولمىغىن ئەسلا دەر گۇمان،
قېيدىشىڭ بىھاجەت سۆيۈلگەن كۈندىن.

قاراشتىن بېشارەت كۆزۈڭ يۇمغان دەم،
قېيدىشىڭ مۇھەببەت،
قويدۇڭ چاندۇرۇپ.
شۇ سەۋەب قەلبىممۇ چەكمەيدۇ ئەلەم،
كەل سۆيەي لېۋىڭگە سۆيەي قاندۇرۇپ.

ھۇسەيىن ئەسئەت

## بۇ كېچە

يۇلتۇزلار جىمىرلاپ قىساڭلار كۆزنى، دەريالار شاۋقۇنلاپ بۆلمەڭلار سۆزنى،
بۇ خىلۋەت ماكانىنى ئاران تاپقاندا. دىلبىرىم قەلبىنى ماڭا چاتقاندا.

بورانلار ھۆركىرەپ سالماقلار غەۋغا،
بىلسەڭلار بۇ كېچە ــ ۋىسال كېچىسى.
قۇشقاچلار چۇۋۇلداپ ئېيتماقلار ناۋا،
بىز ئۈچۈن بىھاجەت سۆيگۈ جارچىسى.

تولۇن ئاي يۇرىدىگىن نۇرۇڭنى ئاياپ،
كۆرەي مەن جانانىنىڭ چېھرىنى ئېنىق.

سەن ئۈچۈن تەگرىگە قىلايمەن سەجدە،
گۆزەلىم قوينىدا ئالسام بىر تىنىق.

تەبىئەت بىر كېچە بەرگىنە پۇرسەت،
مەڭگۈدىشاي يار بىلەن، مەڭگۈدىشاي تۈزۈك.
ئېھ، زېمىن بولاقا بەرگىنە پەرمان،
ئۇ، ئاقسۇن سۆيگۈدەك مەڭگۈ پاك، سۈزۈك...

ئەنۋەر مەتقاسىم

## تامچە

ئۈمىدىم چىرىقى يانغاچ چاراقلاپ،
خۇشالمەن بىباھا گۆھەر تاپقاندەك.
تۇت بەردىڭ دىلىمغا ئەي گۈزەل «تارىم»
ۋۇرلەيمەن مەنزىلگە دۈلدۈل چاپقاندەك.

يالقۇنلۇق ئىستىكىم ــ ئارزۇيۇم ئىدى،
قوشۇلۇپ دولقۇنغا شارقىراپ ئېقىش.

ئەجرىمدىن ياشنىتىپ ئىجاد بېغىنى،
ھەم مۇشكۇل ھەم پارلاق چوققىغا يېتىش.

ئىستىكى ھەل بولغان تامچەڭ مەن «تارىم»
مەيلى ئاق قاياققا ئاقىمەن ئەبەد.
ئەقىدەم، سۆيگۈمدە ئۇلغايتىپ سېنى،
ئاقىمەن كۆۋەجەپ بوشاشماي پەقەت.

بارات ئىمىن

# شېئىر ۋە قىتئەلەر

## ئالدىدا

(مەرھۇم شائىر نىمشېھىت ئىزىدىن)

يارغا كۆپ دېسەمۇ بول دەردىمگە ـ دەرمان ئالدىدا،
بولمىدى دەرمان ئۈچۈن بىر جايدا پىنھان ئالدىدا.
كەتمىدىم پەشنى قىيقىپ ئەھدىمدە ۋىجدان ئالدىدا،
گەرچە مەن ھەرقانچە دەرد تارتسامۇ ئەپغان ئالدىدا.
سۆزلىرىم چىن، ئېيتمىدىم ھېچ قىلچە يالغان ئالدىدا.

سۆيگۈمىزنىڭ شەرتىدىن مەن تايمىدىم، ئۇ تايدى بەك،
باشتا چىڭ سۆزلەپ كېيىن كەتتى بوشاپ — سولتايدى بەك.
كونا تامدەك سىرىلىپ بىر يانغىلا قىڭغايدى بەك،
سەن ئۆزۈڭنى ئوڭشىۋال، دېسەم، جېدەل ئۇلغايدى بەك،
نە كېرەك تەنبىھ ئاڭا، ئازغاچقا شەيتان ئالدىدا.

بەزىلەر ئېيتتى: «ئەجەب ئىش بوپتۇ يارىڭ كەتكىنى»
كەتسە نېمە بوپتۇ، دېدىم مەن، بېشىغا جىن تەپكىنى،
بۇ ئۇندىكى ئۆز - ئۆزىگە بىر پالاكەت تاپقىنى،
يىغلىتار قىلمىشلىرى ئالدىمدا ئىشىك ياپقىنى،
ئاقمىغاي پۇشمان كېيىن دەۋايى سۇلتان ئالدىدا.

راست دېگەندەك كەلدى خەت، تۇرغان يېرى قۇددۇس ئىكەن،
يازغىنىدەك خېتىدە، بىر بەتقىلىقتا دوست ئىكەن،
ئويلىغاندەك نەدە ئىش، هال - كۈنى يەكمۇ بوش ئىكەن،
يولدىشى «چوڭ باي» ئەمەس، ئالدامچى يالاڭتۆش ئىكەن،
نېمە چارە ئەمدى مىسكىن قالسا زىندان ئالدىدا.

بىلمىسە كىم ئۆز نەسلىنىڭ، يارنىڭ ۋاپاسى - قەدرىنى،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئەزىز جاينىڭ باهاسى - قەدرىنى،
ئۆرۈسە يۈز، كەتسە تاشلاپ، ئاقلىماستىن ئەجرىنى،
شۇ ۋاپاسىزلىق خازان قىلغاي هاياتى، بەختىنى،
قارا يۈز قوپقاي ئۇ ئاخىر تاڭلا سۇبهان ئالدىدا.

## ھەقىقەت گاھىدا

ھەقىقەت سۆرەلمە (گاھى بىر پۇتتا)،
كەينىدە قالىدۇ، چېپىپمۇ ئاتتا.
بەزىدە ئالدىغا ھەقىقەتسىزلىك
ئۆتۈپمۇ كېتىدۇ سالمىسا نۇقتا.

ناھەقلىق گال سىقىپ ئويىدۇ كۆزنى،
چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ ئاسان.
قاچانكى، ھەقىقەت ھۆكۈمران بولۇپ،
تۇرسا ئۆز تەختىدە، گۈللەيدۇ جاھان...

## قىتئەلەر

1

ئېگىلدىم، ئېگىلىشىپ قەددىم نون بولدى،
يەر سۆيۈپ هالىممۇ زار - زەبۇن بولدى.
قۇرۇق قول بولغاچ مەن سۆزۈم ياقمىدى،
ئالدىڭدا ئامالسىز باغرىم خۇن بولدى.

2

قومۇشتەك كېتىدىپ — پۆپەك چىقىرىپ،
كۆرەڭلەپ كەتمە بەك جىيەك چىقىرىپ.
تەنبىھنى ساۋاق بىل، بۇرۇنمۇ شۇڭا،
يىقىلغان خاتاغا دىيەك چىقىرىپ.

3

خىياللار دەرگاھىغا قاراپ چىقىپتىمىز،
توختاپمۇ باقمىدۇق، ئارام ئېلىشىپ.
نەچچە يول ئالماشتۇق، يەنە قانچىلىك
قالغاندۇ، بارارمىز قاچان يېتىشىپ!

سابىرجان سىيىت

## ناخشىلار توختىماس

بىر كۈنى كېتىمىز دۇنيادىن دوستلار،
قالىدۇ بىز سۆيگەن دەريا ۋە تاغلار.
قالىدۇ بوستانلار، بۇلاق بويلىرى،
تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن ئېتىز ۋە باغلار.

ۋە لېكىن بىھۇدە ئۆتمەيدۇ يىللار،
مېۋىسى تەسەللى بېرىپ كېتىدۇ.
مۇسىبەت - ئەلەملەر ئۇنتۇلۇپ ئاخىر،
ھاياتلار يەنىلا كۈلۈپ ئۆتىدۇ.

ناخشىلار توختىماس شەھەر - سەھرادا،
قالىدۇ ئەجدادنىڭ تۆھپە ئىزلىرى.
قولىدا گۈلدەستە، كېلەر ئىز بېسىپ،
ئەتىنىڭ ئىجادكار ئوغۇل - قىزلىرى.

نىجات ئارىپ

## باللىق

باللىق
تىلىۋاپتۇ ئانىسىدىن،
سەھەردىكى قۇياشنى.
تىنىقلىرىغا
باھاردىكى گۈللەر ھىدىنى.
تەگرىم
ياسىغاندا ئۇنىڭ يۈزىنى
ئاي نۇرىغا
قوشقانىمكىن ئانا سۈتىنى؟
باللىق
ئېلىپ كەلگەن كۈلكىسىنى
جەننەتتىن.
سەبىيلىكنى
ئۆگىنىپتۇ پەرىشتىلەردىن...

سەدىن قايىم

## مەسخىرە

پاقا دېدى قۇشقاچقا:
« چۇرۇقلاپلا كەتتىڭغۇ؟! »
قۇشقاچ دېدى پاقىغا:
« ئىككى سەكرەپ بىر توختاپ،
پۇشتەك ئېسىپ بوينۇڭغا
كۇرۇلداپلا كەتتىڭغۇ؟! »

ئويلاپ كەتتىم جاھانـنى،
ئالدىمدا كۆپ مەنزىرە.
بەزىلەرگە شان ـ ئالقىش،
بەزىلەرگە مەسخىرە...

مەھەممەت ئابدۇللا مىراشىم

## مۇڭلانمىغىن بۇيۇك چوققىلار

ماتەملىك ياش تۆكمە چوققىلار،
ئۈمىدسىزلىك قىلمىسۇن قامال.
ئايىندى، بول بىلمەس، ئۆلدى دەپ،
ئەۋلادىڭغا قىلمىغىن ئۇۋال.

زامان بىزگە بەرگەچ كۆپ ئىمكان،
يارىتىمىز پەندە زور ئۇتۇق.
بىلىمسىزلىك، سۇكۇت، ھورۇنلۇق،
قىستالماقتا گۆرلەرگە تولۇق.

مىراس، شۆھرەت بۆشۈكلىرىدە،
ئەمدى يەنە ئۇخلايدۇ، دېمە.
كىشنەپ ماڭغان غالىب ئاتلارنى،
چۈشىدىبۇ كۆرمەيدۇ دېمە.

مۇڭلانمىغىن ئېگىز چوققىلار،
يۈكسەكلىكتە قىلمىز جەۋلان.
بىز ئۇستۇڭدە تۇرۇپ جاھانغا،
قۇياش نۇرى يوللايمىز ھامان...

## ئەدەبىي ھايات ـ ۋە ئۇچۇرلار

### تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا ۋەتەنپەر، دېموكرات شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 91 يىللىقى ھەم ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇھاكىمە يىغىنىغا ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابلا يۈسۈپ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋۇدۇن، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت شانىياز قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك تۇرپاندىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، مەرھۇم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، زامانداشلىرى ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 150 كىشى قاتناشتى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا قەييۇم تۇردى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، قادىر ئەكبەر، ماھمۇد زەيدى، ئىسمايىل تۆمۈرى قاتارلىق يولداشلار ھەرخىل تېمىلاردا ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، مول ئىجادىي تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتىدىغان مۇھىم ئورنىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن روشەن يورۇتۇپ بەردى.

### 11 نەپەر ئەدىب ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى

1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىن تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئالىمجان ئىسمايىل، راخمان مامۇت، توختى ئايۇپ، ئابدۇللا سۇلايمان، غەيرەت ئابدۇللا، تۆمۈر گوەنچېڭفۇ (شىۋە)، ئەۋەسقان نۇرقوجا (قازاق، ئايال)، قاھارمان (قازاق) قاتارلىق 11 نەپەر ئەدىب جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

مۆمىن مۇھەممەدى

# ئۈزۈلمەس رىشتە

(ھېكايە)

پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ داڭلىق ساياھەت رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى خاڭجۇدىن چىقىپ شاڭخەيگە قاراپ يول ئالغانىدى.

ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن كەلگەن يىگىرمىدەك ئەر - ئايال سەپەرداشلار بۇ بىر نەچچە كۈن جەريانىدا تونۇشۇپ - بىلىشىپ، قەدىناسلاردىن بولۇشۇپ قالغانىدى.

— يولداش لى گۇاڭ، يۇرتىڭىز خاڭجۇ ھەققەتەنمۇ داڭلىق شەھەر ئىكەن، — دېدى مۇرات ئۇدۇلدا ئولتۇرغان كىشىگە ھاياجىنىنى باسالماستىن، — ئۇرغۇن تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، زېھنىم ئېچىلىپ قالغاندەك بولدۇم.

— كونىلار «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە، — دېدى لى گۇاڭ راۋان ئۇيغۇر تىلىدا جاۋاب بېرىپ، — لېكىن مەنزىرىسى شىنجاڭغا ئوخشىمىغاندۇ؟

— ئۇ جەھەتتىن بۇ قەدىمىي كاتتا شەھەرنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، لېكىن جەلپكارلىق مېھرى ئوخشاش ئىكەن، — دېدى مۇرات، — سىز شۇڭلاشقا يۇرتسىرىماي شىنجاڭغا ئۆزلىشىپ كەتكەنسىز - دە؟

— ھا... ھا... ھا... توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى لى گۇاڭ رازىمەنلىك بىلەن، — شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى خاڭجۇغا ئوخشايدۇ، مېنى شىنجاڭغا ئۆزلەشتۈرگەن بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم تەرىپى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆگەنگەنلىكىم بولدى. مەسىلەن، بۇ قېتىم ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن مىللىي قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىلا خەنزۇچە تىل، يېزىقنى بىلىدۇ، مانا بۇ بىمالال سۆزلىشىپ، چوڭقۇر چۈشىنىشنىڭ كاپالىتى - دە!

— توغرۇ شۇنداق، — دېدى تۆۋەن ئاۋازدا مۇرات تەستىقلاپ، — مىللەتلەر بىر - بىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىل تۈۋرۈك دەگەن، ھېسسىياتىمۇ بىۋاستە بولىدۇ - دە.

— پاراڭلىرىمىز بىر ۋەقەنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى، — دېدى لى گۇاڭ ئەۋرىشىملىكى قالمىغان بارماقلىرى بىلەن كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك ئاقارغان شالاڭ چاچلىرىنى تاراپ قويۇپ، — بۇ، خېلى يىللار ئالدىدىكى ئىش. لېكىن ئويلىسام تۈنۈگۈنكىدەكلا بىلىنىدۇ.

— قارىغاندا، ئەسلىمىڭىز قىزىقارلىق بولسا كېرەك لاۋلى.

— مېنىڭچە، قىزىقارلىقىدىنمۇ

كۆرە ئەھمىيەتلىك. مۇنداقچە ئېيتقاندا بىز باياتىن قىلىشقان پاراڭلىرىمىزنى ئىسپاتلاشنىڭ ئەمەلىي پاكىتى دېسەمۇ بولىدۇ. ھەي شۇلارنى ئويلىسام... نېمىشقا دېگەندە بەزى ئادەملەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا شۇ پېشكەللىك يەنە قانداق ئۇقۇشماسلىقلارغا چېتىلغاندۇ، دەيمەن. بەلكىم مېنىڭ ئەندىشەمنىڭ ئەكسىچە ھېچ ئىش بولمىغاندۇ...

پويىزنىڭ رىتىملىق تەۋرىنىشى سەپەرداشلارنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرىگە دەخلى قىلغۇسى كەلمىگەندەك تېز سۈرئىتى بىلەن يېقىمسىز ئاۋازلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى...

* *

شەرققە قاراپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇستا يولۇچىلار كۆپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولسىمۇ، ئاخىرقى ئورۇندۇقتىكى ئىككى يولۇچى خۇددى بۆلۈمدە ئولتۇرغاندەك پاراڭغا چۈشكەنىدى. قارىغاندا ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا خېلىلا ئەستايىدىل بولسا كېرەك. مانا ھازىر ھەيۋەتلىك دەريانىڭ تاغ ئېغىزىدىكى قىستاڭغا سىغىنغان ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە ھەممىسىلا دېگۈدەك بىر-بىرلىرىنى قىستىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغىنىچە بىردە كۆۋرۈككە، بىردە دەرياغا، بىردە ئېسىلىپ تۇرغان خادا تاشلارغا قاراشقاندىمۇ ھېلىقى ئىككىسى مىدىرلاپمۇ قويۇشمىدى. ئۇلارنىڭ يېشى چوڭراقى «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ خادىمى مۇرات بولۇپ، ئۇ ياللاڭباش، ئاق يۈزلۈك، خۇش چىراي يىگىت ئىدى. ئۇنىڭدىن ياشراقى بولسا، «پېنسىيونېرلار» گېزىتىنىڭ خادىمى جۇمان بولۇپ، بۇغداي ئۆڭ، بۇدۇر چاچ، كۆك كۆز، تولۇق ئەتلىك بولۇپ، ئۇ ئۇستىگە شەتلەنكە كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ھەر ئىككىسىنىڭلا كۆزىدە قارا كۆزەينىكى، بوينىدا ئاپپاراتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۈگمەس پارىڭى بۇ قېتىمقى ئويۇشتۇرۇلىدىغان مەخسۇس ماقالىلەر تېمىسىدا بولۇۋاتاتتى. ئۇلار يېرىم يولدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى «قاراباغ» گۇڭشېي ئۈچىنچى دادۈي ئىدى. بۇ خېلى ئارىلىق بولۇپ يىراقتىن دەرەخلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېتىز ئارىلاپ كەتكەن تاقىر، توپا يولدا بۇ ئىككى مۇخبىر سومكىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە پىيادە ماڭدى.

* *

بۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنى ئىدى. بىگىتۇەن «بەشدۆڭ» پونكىتىدىكى يېمەك-ئىچمەك ماگىزىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مېۋە-چېۋە يايمىسى ئۆزلىرىگە لايىق خېرىدارلىرى بىلەن خېلىلا ئاۋات ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا «قاراباغ» گۇڭشېسىدىن خىزمىتىنى تۈگىتىپ قايتقان ئىككى مۇخبىرمۇ كېلىپ قېتىلدى. ئۇلارنىڭ سودىسى ئاز-تولا مېۋە-چېۋە، پەرەنىك، بىر بوتۇلكا ئالۇچا ھارىقى ئېلىش بىلەن تۈگىدى.

— ياپىرىم، — دېدى جۇمان ئەتراپىدىن بىرەر ئەپلىك ئورۇن ئىزدىگەندەك قاراپ، — شۇنچە يولنى راستىنلا پىيادە ماڭغان بولدۇقمۇ؟

— ھەممە ۋاق «يەڭگەك ئالدىنغا چىقىشۇەرمەيدۇ-دە»، — دېدى مۇرات. بۇلار كۈلۈشكىنچە سۇ ياقلاپ مېڭىشتى. كىشىلەر بۇ يەردىن شەھەرگە بارىدىغان ماشىنىلار چىقىدۇ دېگەچكە ساقلاشقا تەييارلانغانىدى. لېكىن شۇ تۇرقىدا ماشىنىدىن دېرەك يوق، كۈن ئىسسىق بولغاچقا ئۇلار خالىراق يەردە كۈتمەك بولدى. ئاۋۇ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى باراقسان تاللىق بۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ يەردىن كەلگەن-كەتكەن ماشىنىلارنى بايقاشقا بولاتتى.

— پاھ، پاھ! — دېدى مۇرات ھاياجانلىنىپ، — مەنزىرىلىك يەر ئىكەن! تەبىئەت گۈزەللىكى دېگەن-زە، — دېگىنچە يانپاشلىدى.

ئۇلار سومكىدىكى يەيدىغان نەرسىلەرنى چىمەنلىك ئۈستىگە يايدى. قولى ئەپلىك مۇرات بىر تال ئالمىنى بەكىسى بىلەن ئويۇپلا «رومكا» ياسىدى. ئەمما ئۇنى يەرگە قويغىلى بولمايتتى.

— بۇ خۇددى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ چېلەكىگە ئوخشاش بولدى-دە، — دېدى جۇمان قولىدىكى ئالما «رومكا»غا قاراپ.

— توغرا دېدىڭ، ئۇلار چېلەكنى يەرگە قويماي تېز ئەكەلسۇن دەپ شۇنداق ياساتقان، ئەمما بىز ئۇنداق تېز ئىچمەيمىز جۇمۇ! — دېدى مۇرات.

— ئىچىپ بولغاندىغۇ يەرگە قويارمىز؟

— ئۇ چاغدا ئىچىدە تۆكۈلىدىغىنى يوق-تە.

بۇ ئىككىسى شېرىن سۆھبەتلەر بىلەن ماشىنىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە ئولتۇرۇشتى.

مانا بىر چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر ئاتلىق پەيدا بولدى-دە:

— ھە يىگىتلەر، ئولتۇرۇشلىرىڭ كۆڭۈللۈك بولسۇن! دېگىنچە ئاتتىن چۈشۈپ كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئېتىمۇ دالا ئادىتى بويىچە ئىگىسىدىن بۇرۇن توختىغانىدى.

— بىرگە بولسۇن، — دېدى جاۋابەن جۇمان. شۇنىڭ بىلەن بۇ «مېھمان» بىلەن ھەمداستىخانلىق پاراڭلىرىمۇ قىزىپ كەتتى. «مېھمان» ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەسىرىنى قالدۇرماقچى بولدىمۇ ياكى مىجەزخۇلقى شۇنداقمۇ ئەيتاۋۇر قەيەردىن سۆز باشلىسا شۇ يەردىن چىقىپ، مۇخبىرلارغا سۆز بەرمەيتتى. ئۇزايىدىن كۆپنى كۆرگەنلىكى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چەبدەسلىك بىلەن ئېتىغا مىنىپ، قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئىزىدا توزۇغان توپىلا قالدى.

— تۇرقىدىن بىر ئالىقانات كۆرۈنىدۇ، — دېدى جۇمان كۆڭلىدىكى بىر غەشلىكنى يوشۇرماي.

— ئەمما كۆرگىنىمۇ كۆپ، سىنچى ئادەم ئىكەن، — دەپلا قويدى مۇرات ئۇنىڭدىن ئىچكىرىلەپ بايىقى «مېھمان» ئۈستىدە توختاشنى خالىمىدى.

كۈن پېشىن بولۇپ قالسىمۇ تېخىچە ماشىنىدىن دېرەك يوق ئىدى. ئەمدى ئاشۇ تاشيولغا بېرىپ ماشىنا توسۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. لېكىن سۇ بويىدىكى بۇ چىمەنلىك سايىدا يانپاشلاپ ھوزۇرلىنىپ تۇرۇۋاتقان مۇرات بىلەن

جۇماننى ئارسلاپ يەلپۈپ تۇرغان ئىس-
سىق شامال، باياتىن ئىچىشكەن ئالۇچا
ھارىقىنىڭ كەيپى بىلەن قوشۇلۇپ
ئېزىپ قويغانىدى.

— ئاي دالا دېمىسەم مۇشۇ يەر-
دىلا ئۇخلاپ قالغۇم بار، — دېدى جۇمان.

— بۇ گەپىڭىزنى ھېسسىياتىڭ بويىچە
دەۋاتىسەن، — دېدى مۇرات ئۆزىنى
تىمەن تۇتقان ھېسابلاپ، — ماشىنىڭغۇ
چىقىپ قالار، ئەڭ ياخشىسى ئۆيىمىزگە
بېرىپ ئۇخلايلى.

مۇرات قانداقتۇر بىر گۈلنى بار-
ماقلىرىدا پىرقىرىتىپ پۇراپ تۇرۇپ ئۇ
گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇڭدەك
بېسىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ھەر ئىككىسى ئۇخلاپ كەتتى.

مۇرات بىلەن جۇمان چۆچۈپ
ئويغاندى. ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا
باشقىلار تەرىپىدىن ئويغىتىلدى. شۇ
ھالدا ئەلەڭ-سەلەڭ ئورنىدىن تۇرغان
بۇ ئىككىسى كۈننىڭ قىزىللىقى تېخى كەت-
مىگەن مۇنۇ ۋاقىتنىڭ ئەتىگەن ياكى
كەچلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇنىمۇ بىلەر
ئىدى-يۇ، ئەتراپىدىكى بىرنەچچە مىلتىق
تۇتقانلارنىڭ ئەلپازى ئويلىنىشقا مۇمكىن-
چىلىك بەرمەيتتى. ئۇلار ئاشۇ جىددىي
ھالەت ئىچىدە نوقۇشلىنىپ ھەيدەلگىنىچە
بىر ئۆيگە سولاندى.

بۇ ئۆينىڭ ئىلگىرى نېمىلەرگە
ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى؛
دېرىزىسى تاختاي بىلەن مىخلانغان
بولۇپ، يەشىكلەر، تاختايلار، خالتىلىق
سېمونت ھەم سۇنۇق ئۈستەللەر قالايمىقان
تۇراتتى. مانا شۇ ئۆيدە بۇ ئىككىسى
سەگەكلەشكەن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن
بۇ يەرگە ئەكىرىپ قويغانلىقىنى چۈشەن-
مەيتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا چۈشىنىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بۇ نېمە ئالامەت بولدى مۇ-
رات؟ — دېدى بىر چاغدا تىت-تىت
بولغان جۇمان، — سەن بىرەر نەرسە
سېزەلىدىڭمۇ؟

— ھەي بۇرادەر، سەنىڭغۇ مەندىن
سورىدىڭ، مەن كىمدىن سورارمەن، —
دېدى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىغان مۇرات.
ۋاقىت ئۆتمەكتە، بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىدا
باياتىن پىرقىراۋاتقان ۋەھىمىلەر ئەمدى
چىگىش خىيالغا ئالماشتى...

ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. زال-
دىكى لامپۇچكىنىڭ ئىشىك ئۈستىدىكى
تۆشۈكلۈكتىن چۈشكەن يورۇقى ئۆينى
غۇۋا يورۇتاتتى. ئەمدى ئىلاجىسىز
ئۆزلىرىنىڭ سولانغانلىقىنى بىلگەن مۇرات
بىلەن جۇمان خىزمەت بىلەن كەلگەنىدىن
بېرىقى ئىشلىرىنى ئەسلەشكە مەجبۇر بولدى.

— بىز ئۇچراشقان مۇئەللىم،
ئىتتىپاق كادىرلىرى بىلەن بولغان سۆھ-
بەتلەردە خاتا گەپ-سۆز قىلغاندىمىزمۇ؟

— مۇمكىن ئەمەس. بىز دېگەن
ۋەزىپە، ئاشكارا تەشۋىقات بىلەن
كەلگەن تۇرساق، نېمىدەپ خاتا سۆز
بولسۇن، ئۇلار يۇقىرىنىڭ يوليورۇق-
لىرىنى يەتكۈزگىنىمىزدىن مەمنۇن
بولۇشتىغۇ!

— ئۇ تەرىپى ئايدەك ئېنىق.
بىراق مۇنۇ پېشكەللىك «تولۇمدىن
توقماق چىققاندەك» چاپلاشقىنى نېمىسى؟

— يا ھېلىقى سۇغا ئېقىۋاتقان
چوشقىغا تاش ئېتىپ ئۇرغىنىڭنى كۆرۈپ
قالغانمىدۇ؟

— چوشقىنى ئۈچ كۆرىمەن ئەمەسمۇ.

— ئۇنىڭ ئىگىسى ياخشى كۆرىدۇ - دە!

— بەلكىم ھاراق ساتقان ئايال بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا تىللاپ قويمىغاندىمىز؟

— توختا، ھېلىقى ھارىقىمىزنى ئىچىپ كەتكەن ئاتلىق بىر نەرسىلەر دەپ چېقىشتۇرغان بولمىسۇن؟

— ...

دەل شۇ چاغدا ئەنسىزچىلىك بىلەن ئىچىلغان ئىشىكتىن پاكار بويلۇق، پاناق بۇرۇن، سۇرۇن تەلەت تاپانچىلىق بىرسى كىردى - دە، ئالقىنىنى يېيىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. مۇرات بىلەن جۇمان پەرەزلىرى بويىچىلا مۇخبىرلىق كىنىشكىلىرىنى بەردى. لېكىن ئۇ ئۇقىدىغان بولمايدىغان گېپىنى دەۋەردى. مۇرات بىلەن جۇمان ئۇ، نېمىلا دېسە ماقۇل دەيلى، دېگەن چۈشەنچە بىلەن «ھەئە» دېگەن ئىشارىنى قىلغانسېرى تاپانچىلىق كىشى كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقارغىنىچە تېرىكىپ كەتتى. يېنىپ - يېنىپ كىنىشكىدىكى رەسىم بىلەن ئالدىدىكى ئىككى ئادەمنى سېلىشتۇرۇپ بېگىز قولىنى بۇلارغا نوقۇغىنىچە «لاۋشۇ» دەپلا چىقىپ كەتتى.

مۇرات بىلەن جۇمان خەنزۇچە پەقەت كەسپىي ئىشلار ئۈستىدە ئاز - تولا بىلەتتى. ھازىر بولسا ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىدى، تاپانچىلىق كىشى غەلىتىلا تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىگەچكە تېخىمۇ چۈشەنمىدى. لېكىن بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغان سۆز بۇلارنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى: لاۋشۇ، لاۋشۇ...

بۇلار ئۆزلىرى قويغان سوئالغا ئۆزلىرى جاۋاب تاپالماي بۇرۇختۇم بولۇشتى. ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. بۇ جىملىق ۋەھىمىلىك ئىدى. كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر تور يۆگىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مۇرات ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ باقسىمۇ كۆزىگە ياش ئەگىيتتى.

مانا، تۈن بىر چاغ بولدى. جۇمان بېشىنى تامغا تىرىگىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مۇرات كۆزىنىڭ ئۇچۇق ياكى يۇمۇقلۇقىنى بىلەلمەيتتى... بىر چاغدا جۇمان تۇيۇقسىز ئۈندەرەپ جۆيلۈپ كەتتى. مۇرات ئۇنىڭ دولىسىدىن سىلكىپ ئويغىتىپ قويدى.

— ئۇھ!... مېنى قارا بېسىپتۇ - دە، — دېدى ئەتراپقا ئەنسىز قارىغان جۇمان، — ھېلىقى ھارىقىمىزنى ئىچىپ كەتكەن پۇچۇق بىلەن بايىقى تاپانچىلىق پاناق مۆكگۆزلۈك مەخلۇققا ئوخشاپ مېنى يار بويىغا قىستاۋاتقۇدەك...

— بۇ كەيپچە ئويغىتىپ قويغىنىمغا رەھمەت دېسەڭ بولغۇدەك، — دېدى مۇرات چېقىشىپ.

— ۋاي مۇرات، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، بىزنىڭ قازاقتا: «كۆكۆل كۆيۈك قانداق، كۆرەر چۈشۈك شۇنداق» دېگەن ماقال بار. بىزنىڭ ئەمدىكى كۈنىمىز قانداق بولاركىن؟

ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنى تەقدىرلىرى ئۈستىدە ئەنسىز خىياللارغا پاتتى. ۋاقىتمۇ تۈن نىسپىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، كۆكۈلنىڭ ئارامى بولمىغان يېقىمسىز خىياللار ئارىلاش ئۆگىدەك ھەر ئىككىلىسىنىلا ئۇيقۇ قوينىغا ئېلىپ كەتتى.

* *

— شتابىمۇ، جاڭ جىڭۋېيمۇ سىز، ھە، ھە! — تاپانچىلىق تېلېفون بېرىۋېتىپ ئادەم بولمىسىمۇ ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — ئىككى «ھۇقۇش» مېنىڭ تورۇمغا ئىلىندى! ھە، ھەھ؟ ئەلۋەتتە!...

تاپانچىلىق تۇرۇپكىنى قويغاندىن كېيىن، باتۇرانە بىر قىياپەتكە غەرق بولدى. خۇددى ئۆزىنىڭ تېرىسىگە ئۆزى سىغمايۋاتقاندەك، پاكار بويى ئېگىزلەۋاتقاندەك، ئاۋاق جىسمى سەمرىگەندەك ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىنى سول قولى بىلەن مۇجۇپ قويدى، ئۇششاق بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ قارسىلدىتىۋەتتى-دە، بىر نەرسە ئېسىگە كېلىپ تارتمىدىن ئاغزى ئېچىلمىغان «داچەنمېن»نى چىقىرىپ قوپال كالپۇكىغا قىستۇردى.

«... قېنى ئەمدى ھېلىقى باشقارما باشلىقى نېمە دەركىن؟ ... بۇ قېتىمقى شۆھرىتىمگە بەرداشلىق بەرگىنىنى مەن كۆرەي! تېخى بەزىلەر گېزىتتىن ئىسمىمنى كۆرگۈسى كەلمىگەن تەقدىردە قۇلىقىغا ئاڭلىنىدىغۇ!... ئادەتتە يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان جىڭۋېي قىزىقتى دېگەن سۆز ئۇتۇقۇمنىڭ روشەن بېشارىتى ئەمەسمۇ!...» ئۇ ئىشكاپقا قول ئۇزىتىپ يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى-دە، چايقاپ قويۇپ بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى پېچەتلىك ۋال-ۋۇل ماركىلىق ھاراقنى قولىغا ئېلىپ جىڭۋېينى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى بولغاي كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئەتىگەندىلا ئاز بولسىمۇ ئىچىلگەن

ھاراقنىڭ كەيپى بېشىغا چىققان بۇ تاپانچىلىق بېشىدىكى سېرىق شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ مىجىقلاپ قويدى ھەم ئىككى چەينەكچە يېڭى تۇرۇلگەن بىلىكىنى بېلىگە تىرەپ جوزىنىڭ ئەتراپىنى مەقسەتسىزلا بىرنەچچە ئايلاندى. بۇ چاغدا ئېسىگە نېمىشقىدۇر كەلگەن خاتىرىسىنى ئېچىپ قاغا پۇتى يازغان خەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاندىن ئورۇندۇققا يۆلەنگىنىچە ئاجايىپ خىياللارغا غەرق بولدى.

مۇرات بىلەن جەۋھان كۆزلىرى تېڭىلغان ھالدا قانداقتۇر ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئىككى قوراللىق مىنىبىگىنىڭ يالىشى بىلەن قوللىرى باغلاقلىق ھالدا بىر بۆلۈمگە ئاپىرىلدى. ئۇ يەردىن دېرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن غۇۋا بىر چوڭ بۆلۈمگە كىرگۈزۈلدى. بۆلۈمنىڭ تۆرىدە بىرنەچچە كىشى ئولتۇراتتى.

— قوللىرىنى بوشىتىۋېتىڭلار! — دېدى ئارىسىدىكى كۆزەينەكلىك كىشى كىرگەنلەرگە بىر قۇر كۆز يۈرگۈزۈپ چىقتىندىن كېيىن ھەم ئەتراپىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى.

— سوئال-جاۋاب قىلىپ ۋاقىت ئالمايلى، ئۆزۈڭلار نېمە ئادەم، دەيدۇ، — دېدى تەرجىمان.

— بىز مۇخبىر، كىنىشكىلىرىمىز ئاۋۇنىڭ قولىدا، — دېيىشتى «ئوتقۇن»لار.

— كىنىشكىنى قەيەردىن ئالغان؟

— تەشكىلدىن.

— ئاپاراتىڭلارچۇ؟

— ئۇمۇ تەشكىلنىڭ.

— قايسى دۆلەتنىڭ دەۋاتىدۇ؟

— 135 تېپلىقى سوۋېتنىڭ، 120 تېپلىقى گېرمانىيىنىڭ «رولىكفىس».

— نېمىدە يارىلاندىڭلار؟

— هارۋىدىن يىقىلىپ.

— «قاراباغ» گۇگۇشپىنىڭ باشلىقى نېمە ئۈچۈن سىلەرنى تونۇمايدۇ؟

— بىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشقا ئەمەس، ئۆز ئىشىمىز بىلەن كەلگەن تۇرساق، ئۇ قانداقسىگە تونۇيدۇ!

— ياۋاش بول، سوراق قىلىنىۋاتىسىلەر، — دەپ سۆز قوشتى تاپانچىلىق ۋارقىراپ.

— يولداش تەرجىمان، ئاۋۇنىڭغا ئېيتىڭ، بىز تىلىسىز ئەمەس، گۇناھكارمۇ ئەمەس، تونۇگۇندىن بېرى بىزنى سولدى. ئاچ قويدى.

تۆردە ئولتۇرغۇچىلار نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىشاتتى. دەل شۇ چاغدا سىرتتىن كىرگەن سېرىق چاپانلىق بىرسى قانداقتۇر بىر خەۋەر ئەكەلگەندەك كۆزەينەكلىك كىشىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى، جىگۇبېي بېشىنى لىڭشىتتى. هايال قىلماي ئىككى قازاق يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئوقۇتقۇچى، بىرسى ئىتتىپاق ياچېيكا سېكرېتارى ئىدى. ئۇلار كىرىش بىلەنلا مۇرات بىلەن جۇمانغا قول بېرىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. سوراقچىلار مۇنداق ئاقىۋەتنى كۈتمىگەنىدى. چاقماق تېزلىكىدىكى بۇ هالەت سوراقچىلارنى هاڭ - تاڭ قىلىۋەتتى. هەر ئىككىلا تەرەپكە سىرلىق بولغان بۇ «مەسىلە» نىڭ ئاچقۇچى تېپىلىپ، «سوراق» بىردىنلا سۆھبەتكە ئايلاندى. تاپانچىلىق بولسا غايىب بولدى.

مۇرات بىلەن جۇمان يۇمشاق جىگمۇما بىلەن ئوخشىتىپ قورۇلغان سەيلەرگە دۇم چۈشكەندەك زوۋان سۆرەي يېگىلى تۇردى. ساهىبخانىلارنىڭ ئېلىك بېقىك تەكەللۇپلىرىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بولمىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار «بۇ، ئۇگىتمىزمۇ، چۈشىمىز» دېگەننىلا ئويلايتتى.

—... هەممە ئىش ئايان بولدى يولداشلار، — دېدى تەرجىمان ئارقىلىق گېپىنى داۋاملاشتۇرغان جىگۇبېي، — سەۋەنلىك بىزدە. پونكىتتىكى مىنبەك باشلىقى جاڭ بۇخەن ئۇرۇنىسىز گۇمان بىلەن سىلەرنى «تۇتقۇن» قىلىپ، بىزنىمۇ قايمۇقتۇردى ... سىلەرنىڭ كۆك كۆز، بۇدۇر چاچ، غەلىتە كىيىم، ئاپارات ئاسقانلىقىڭلار، تىل بىلمەسلىكىڭلار، يارىدارلىقىڭلار، گۇگۇشپ باشلىقىنىڭ سىلەرنى تونۇماسلىقىدەك ئامىللار ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا سىلەرنى شاردىن چۈشكەن جاسۇس قىلىپ كۆرسەتكەن ...

— ئوھوي! مۇنداق دەڭا! — دېيىشتى مۇرات بىلەن جۇمان.

— شۇنداق، — دېدى جىگۇبېي، — يېقىندا مۇشۇ ئەتراپتىن قانداقتۇر پاراشوت پارچىسى تېپىلىپتىمىش.

— ئۇنىسى راست، — دېدى تەرجىمان، — بىراق ئۇ هاۋا رايىنى ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ ئىكەن.

— ها... ها... ها...

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ يەردىكى ئەڭ نازۇك مەسىلە سىلەرنى ۋاقتىدىلا تەرجىمان ئارقىلىق ئېنىقلىمىغان.

— ئەپۇ قىلىڭلار، — دېدى جىگۇبېي رومكىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تىل بىلمەسلىك، گۇمان كەلتۈرۈپ چىققان ...

— جاڭ جىڭۋېي، يولداش لى گۇاڭ
ىسلەرگە رەھمەت، — دېدى جۇمان رومكى-
ىسىنى ئۇرۇشتۇرۇپ، — بەزىدە «گۇمان
ئىمانىنى قاچۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار، بۇ
ھەل شۇنداق بولدى. لېكىن...

— مېنىڭچە، — دېدى مۇرات ئور-
نىدىن تۇرۇپ، — بۇ بىخەتەر ئاخىرلاشقان
سىياسىي كومېدىيە تەكرارلانمىسۇن،
ھېلىقى تەلۋىگە ئېيتىپ قويارسىزلەر،
كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ۋەتەننى قوغداش بىز
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ بۇرچى...

*　　*

لى گۇاڭ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— شۇ تاپانچىلىق سولخاي بار-
مۇ؟ — سورىدى مۇرات.

— ھەي، ئۇنىڭ زۇۋۇلىسى ئەزەل-
دىنلا شۇنداق جېدەلچى ئۈزۈلگەن بولسا
كېرەك، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا بىر
كۆز قاراشنىڭ ئاتامانى بولۇپ ئەلەم
كۆرنىشىدە ئۆلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى
جاڭ جىڭۋېي ئىككىمىزنىڭ ھەر تۈرلۈك
بەدناملار بىلەن «ئەدىبىمىزنى» بەرگە-
نىدى... — دېدى لى گۇاڭ، — جاڭ جىڭۋېي
ئىككىمىز پات - پات ھېلىقى دۇخبىرلارنى
ئەسلەپ كېيىنى قىلمىز. ئەسلەيمىز. زا-
مانىڭ تىنچلىقىدا ھېلىقىدەك پوتلىكا-
شاڭغا ئۇچرىغانىدى، كېيىنكى بوران-
چاپقۇنلاردا نېمە بولغاندۇ، دەيمىز.

— شۇ مۇخبىرلارنى كۆرسىڭىز
تونالارسىزمۇ؟

— ۋاقىتمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى،
لېكىن كۆڭلۈمدە تونۇيدىغاندەكلا. بۇ گەپ-
چە، سىز ئۇلارنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ھېلىقىچە ئەسلىگىنىڭىزلار ئۈچۈن
رەھمەت يولداش لى گۇاڭ، مەن شۇ مۇرات.

— نېمە؟ نېمە دەيدىغانسىز؟! نېمىشقا
ئەسلىمەيمىز، بۇ ئۇزۇۋامەيدىغان رىشتەئەمەسمۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر　　ئالىمجان ئىسمايىل

(بېشى 42 - بەتتە)


چىنىڭ كىنوخانىسى ھەر كۈنى كەچتە
ئادەمگە لىق تولۇۋەردى. سارەمنىڭ سومكى-
سىمۇ ئېرىدىن يامانلىغان خوتۇنىڭ بو-
پىسىدەك تومپىيىپ كەتتى.

ئاخىرى بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى.
سىدىق كىنوچىمۇ ئويلىغىنىدەك كۆپ پۇل
تېپىۋالدى. لېكىن ئۇ پۇلغا يەنىلا تويمى-
دى. ئىچىدە ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ يەنە
بىر ئاي، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق ۋا-
قىتقىچە يېزىغا كەچتە توك بەرمەسلىك ھەققىدە
قارار چىقىرىشىنى خۇدادىن تىلەپمۇ باقتى.
بىراق ئۇنىڭ تىلەكلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى.
بىر ئايدىن كېيىن يېزىلاردىكى سۇ
قۇيىنچىلىقىمۇ ھەل بولۇپ قېلىپ، بۇ يې-
زىغىمۇ كېچە - كۈندۈز توك كېلىدىغان بول-
دى. سىدىق كىنوچىنىڭ ئىشى سۇغا چى-
لاشتى. باھانى ئەسلىدىكى بىر كويغا چۈ-
شۈرۈپ باققان بولسىمۇ، لېكىن كەچلىكى
كىنوغا كىرىدىغان ئادەم كۆرۈنەرلىك دەرىجى-
دە ئازلاپ كەتتى. چۈنكى دېھقانلار كىنودىن
تويۇپ، ئۆيلىرىدىكى بىلەتسىز تېلېۋىزور-
لىرىنى خېلى سېغىنىپ قالغانىدى. ئەھۋال
شۇنداق بولغاچقا، سارەمنىڭ سومكىسىنىڭ
يېرىمى تۈگۈل، بىر بۇلۇڭىمۇ پۇلغا تول-
مايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سى-
دىق كىنوچىنىڭ قىزىقارلىق كىنو ئېلان
پروگراممىسى يەنە ياڭراشقا باشلىدى.

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز




قاھار جېلىل كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1961 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «يېڭى كىشىنىڭ ئوبرازى» ناملىق ئوبزورى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كېرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ «چېچەكلەر»، «چەۋەنداز»، «كۆكۈل»، «ئېزىتقۇ» ناملىق ھېكايىلار توپلاملىرى ۋە «مېھرىبان»، «خىلۋەتتىكى كىشىلەر» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. «قىساس» ناملىق رومانى يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ «ئاچاللىدا»، «باھار تەنتەنىسى»، «ياشلار»، «تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ» ناملىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.




ئۇ قەلەمداشلىرى بىلەن بىللە.



ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە.



ئۇ خوتەندە ئالدىن يېتىشقان دېھقان بىلەن سۆھبەتتە.




TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 8 ـ سان (390 ـ سان)، 43 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 ـ 9044 　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I　CN 65 ـ 1010 / I 　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国外代号：Q4462　خەلقئارا ۋاكالەت نومۇرى: Q 4462

邮发代号：58－66　定　价：2.00元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.00 يۈەن

邮政编码：830000 　پوچتا نومۇرى: